# ئۇيغۇر

# خلق چۆچەكلرى

9

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

9

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1986 - يىل، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (9)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
ئىلى خەلق نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى: 7.75
1986 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 10 - ئاي 4 - بېسىلىشى
تىرازى: 21,101—23,950
ISBN 7—228—00756—5/I.258
باھاسى: 2.10 يۈەن

## مۇندەرىجە


گۈزەللىك بۇلىقى ...... 1
نۇرلۇق گىياھ ...... 4
پەشنىڭ رولى ...... 8
ئىككى گىجىك ...... 01
ئالتۇنىنىڭ تەسىرىدە ...... 12
«شەرىئەتتە چۈشكە دەۋا يوق» ...... 18
داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ ...... 25
تۆت ھەمراھ ...... 31
چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر ...... 48
چاشقاننىڭ ئاقىۋىتى ...... 50
قورقۇنچاق «باتۇرلار» ...... 53
«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» ...... 55
يالغان ھۇرۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى ...... 57
ئەقىللىق بالا ...... 59
ئاقىلنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ...... 67
گول ئادەم ...... 69
پىخسىق باي ...... 78
تويلىشىش ...... 88
ساۋۇت قاتتىق ...... 90
ئىرادىلىك شاھزادە ...... 94
مەگلىك شاھزادە ...... 99
بەختىيارنىڭ بەختى ...... 103

دانىشمەن پادىچى ........................ 111
ھۆررۇننىڭ ئاقىۋىتى ........................ 114
قىلىچ ئۆمەر ........................ 118
شىرزات ........................ 149
ئادىل پادىشاھ ........................ 179
«مازاقخور مازاقتا ئۆلەر» ........................ 182
تەدبىرلىك ئوغلاق ........................ 185
راستچىل يىگىت ........................ 189
ئىككى «موللا» ........................ 194
تۇران باتۇر ........................ 199
ھېلىم تەنتەك ........................ 212
گۇۋاھچى ........................ 214
خاسىيەتلىك تاش ........................ 219
ئالا مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى ........................ 227
ئاچكۆز شاھنىڭ تووۋا قىلىشى ........................ 230

## گۈزەللىك بۇلىقى

بۇرۇنىسىدا ئاينۇر ئىسىملىك بىر قىز بولغانىكەن. ئۇ دائىم چىرايىنىڭ سەتلىكىدىن ئاغرىنىدىكەن، ئەينەككە قارىغانسېرى بەك ھەسرەتلىنىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئەينەككە قاراۋېتىپ ئاھ تارتىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بۇنداق ھەسرەتلەنمەسلىكنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— قانداق قىلسام چىرايلىق بولارمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن چىرايلىق بولۇشنىڭ بىر ياخشى چارىسىنى بىلىمەن، — دەپتۇ ئانىسى، — سەن ئۇنى ئۆگىنىۋالساڭ چوقۇم چىرايلىق بولۇپ كېتىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاينۇر بەك خۇش بوپتۇ. ئۇ ئانىسىدىن بۇ ياخشى چارىنى چاپسانراق ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئانىسى ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

......بۇرۇن بىر قىز ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، بەك قەغىش ئىكەن، ئاتا - ئانىسىنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدىكەن، ھە دېسىلا ئاتا - ئانىسى بىلەن تاكاللىشىدىكەن، قەغىشلىق قىلغان چاغدا ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى گۈزەل بولۇش ئىكەن.

قايتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ، كۈچى يەتكۈدەك ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىپتۇ. ئۈچ ئاي بولغاندا، ئۇ خۇشال - خۇرام ھالدا بۇلاققا كەپتۇ، يەنە پەرىزات پەيدا بوپتۇ - دە، ئۇنىڭغا قاراپ:

— يەنە ئالتە ئايدىن كېيىن كېلىڭ، ئاندىن تەلىپىڭىز ئورۇنلىنىدۇ، — دەپتۇ. بۇ قېتىم قىز ئۆيىگە خۇشال ھالدا قايتىپتۇ، ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ئەمگەكچان، تىرىشچان بولۇپ قاپتۇ. قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ماختايدىغان بوپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قىز ناخشا ئېيتقان ھالدا گۈزەللىك بۇلىقىغا يېتىپ كەپتۇ. قىز خېلى ئۇزاققىچە پەرىزاتنى كۈتۈپتۇ، لېكىن پەرىزات چىقماپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇ بەك ئەجەبلىنىپتۇ. تۇيۇقسىزلا ئۇ سۇ يۈزىدە چىرايلىق بىر قىزچاقنى كۆرۈپتۇ.

— پاھ! بۇ كىمدۇ؟! — دەپ، تاشلاپتۇ ئۇ. شۇ چاغدا پەرىزات پەيدا بوپتۇ - دە:

— بۇ سىزنىڭ شولىڭىز، قاراڭ، چىرايىڭىز گۈزەل بولۇپ قالدى، ئەمدى گۈزەللىك بۇلىقىغا چۆمۈلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ.

قىز ھاياجانلانغانلىقىدىن يىغلاپ ساپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلسا چىرايلىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەنىكەن......

ئاينۇرنىڭ ئانىسى ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇپ:

— قېنى ئويلاپ كۆرگىن، قانداق قىلساڭ چىرايلىق بولالايدىكەنسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

چىرايلىق بولۇشنىڭ چارىسىنى بىلىۋالغان ئاينۇر خۇشاللىق بىلەن:

— چىرايلىق بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ئەخلاقلىق، ئەمگەكچان بولۇش ئىكەن! — دەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن لايقا يېزىسىدىن نايلا مەتتوختى.

ئۇ خىلمۇ خىل ياسىنىپ بېقىپتۇ، ئەمما ئەينەككە قارىسا يەنىلا سەت تۇرغۇدەك. بىر كېچىسى ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۇ بىر كىتابنى ئوقۇپتۇ. كىتابتا يېزىلىشىچە، «گۈزەللىك بۇلىقى» دەيدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭغا چۈمۈلگەن قىز دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز بولۇپ قالارمىش. ئەتىسى ئۇ كىتابتا يېزىلغىنى بويىچە گۈزەللىك بۇلىقىنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ماڭا - ماڭا ئاخىرى بۇ بۇلاقنى تېپىپتۇ. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى بۇلاققا ئاتماقچى بوپتۇ.

تۇيۇقسىز بۇلاقتىن بىر كىچىك پەرىزات چىقىپتۇ - دە، قىزغا:

— كەچۈرۈڭ، ھازىرچە سىزنىڭ بۇلاققا چۈمۈلۈشىڭىزگە بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ قىز خاپا بولۇپ.

— سىز ئالدى بىلەن ئۆيىڭىزگە قايتىپ بىر ئايغىچە قەغىشلىق قىلماڭ. ياخشى ئىش قىلىڭ، شۇندىلا بۇ بۇلاققا چۈمۈلۈشىڭىزگە بولىدۇ، — دەپتۇ كىچىك پەرىزات.

قىز ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. بىراق، ئۇ ئىلگىرىكى قەغىشلىقىنى تاشلاپ، پەرىزات دېگەندەك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، ئانىسىغا ياردەملىشىپتۇ، دادىسىنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بوپتۇ. لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى چىن كۆڭلىدىن قىلمىغاچقا، قىلغانلىرىمۇ يېتەرلىك بولماپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، قىز تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن گۈزەللىك بۇلىقىغا كەپتۇ. ئۇ بۇلاققا ئەمدىلا سەكرەي دەپ تۇرۇشىغا، كىچىك پەرىزات سۇ يۈزىدە پەيدا بوپتۇ - دە، ئۇنى توسۇۋاپتۇ.

— قىزچاق، — دەپتۇ ئۇ، — سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز تېخى يېتەرلىك بولمىدى، قايتىپ بېرىپ ئۈچ ئايغىچە ئالدىنقىدىنمۇ ياخشى مىجەزلىك بولۇپ ئاندىن كېلىڭ.

قىز ئىنتايىن ئازابلىنىپ پەرىشانلىق ئىلكىدە ئۆيىگە

قانداق ئەماننىڭ كۆزى ئېچىلىپ كېتىدىكەن. تالاي ئادەملەر ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. ئەمما بىرەرسىمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئەگەر سىلەردىمۇ تەلەي سىناپ باققۇچىلار بولسا تەۋەككۇل قىلىپ باقسۇن، — دەپتۇ.

يېزىدىكىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جىم بولۇشۇپ قاپتۇ، بىرلا ئەلقەم ئۇ يەرگە بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ بىراق، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى:

— بالام، سەن كىچىك، يول يىراق، تاغقا بارغۇچە ئورمانلىقلاردىن، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ يەرلەردە يىرتقۇچ ھايۋانلار بار، قۇملۇقتا سۇ يوق، نىيىتىڭدىن يانغىن، — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستازى قەمبەرمۇ:

— ئەلقەم، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، مېنىڭ كۆزۈمنى دەپ جاندىن ئايرىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بارمىغىن، — دەپتۇ.

لېكىن ئەلقەم نىيىتىدىن زادىلا يانماپتۇ. ئۇ قىلىچ، ئوقيا، ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ ئات بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ.

ئەلقەم بىر نەچچە ھەپتە يول يۈرۈپ بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. ئورمانلىق بەك چىرايلىق، سۇلىرى سۈزۈك، مول ئىكەن. ئۇ ئېتىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئازراق نان يېۋېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپتۇ. ھايال ئۆتمەي ئېتىنىڭ كىشنىشى ئاڭلىنىپتۇ، يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئېتىنى ئىككى يولۋاس بېسىۋېلىپ، گۆشىنى خام تاراج قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئوقياسىنى بەتلەپ، يولۋاسقا قارىتىپ ئېتىپتۇ، يولۋاسنىڭ بىرى يىقىلىپتۇ. يەنە بىرى غەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئەلقەم قىلىچىنى سۇغۇرۇپ يولۋاس بىلەن ئېلىشىپتۇ ۋە ئاخىرى ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەپتۇ. كېچىدە ئۇنىڭغا ئاۋۋال بۆرىلەر، كېيىن ئېيىقلار* ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ ئوقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بوپتۇ. بىراق يىرتقۇچلار تۈگىمەپتۇ. ئۇ ئېگىز بىر دەرەخكە چىقىۋاپتىكەن، يىرتقۇچلار ئەلقەمنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈپ دەرەخ تۈۋىدە يېتىپتۇ.

## نۇرلۇق گىياھ

بۇرۇن بىر يېزىدا قەمبەر ئىسىملىك ئاتاقلىق بىر رەسسام بوپتىكەن. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى يېزىدىكى چوڭ - كىچىك كىشىلەر ماختىشىپ كۆرۈشىدىكەن. قەمبەرنىڭ كۆپلىگەن شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلقەم ئىسىملىك زېرەك، قاۋۇل بىر بالا بار ئىكەن. ئۇ ئۇستازى قەمبەرنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن ۋە ئۇنىڭدىن بېرىلىپ ئۆگىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەمبەرنىڭ كۆزى ئاجىزلىشىپ، بارا - بارا كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. ئەلقەم ئۇستازىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ: «ئۇ ئەمدى رەسىم سىزالمىسا، يېزىدىكىلەر ئۇنىڭ يېڭى رەسىملىرىنى كۆرەلمىسە، ئۇ بىزگە ئۆگىتىشكە ئامالسىز قالسا، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. يېزىدىكى كىشىلەر يىراق - يىراقلاردىن تېۋىپلارنى چاقىرىپ، قەمبەرنىڭ كۆزىنى كۆرسىتىپتۇ. لېكىن ھېچقايسىسى ئامال قىلالماپتۇ. پەقەت قېرى بىر تېۋىپ كۆزگە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ناھايىتى يىراقتىكى بىر تاغنى كۆرسىتىپ:

— بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ تاغدا بىر گىياھ بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «نۇرلۇق گىياھ» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ نۇرىغا تۇتۇلغان ھەر

يىقىتىپتۇ - دە، قوم بىلەن كۆمۈشكە باشلاپتۇ. ئەلقەم ئۈستىگە قوم يېغىلغان ھامان، ئۇنى سىلكىنىپ چۈشۈرۈشكە باشلاپتۇ...

ئاخىرى بورانمۇ پەسىيىپتۇ، ھالسىزلانغان ئەلقەم يېتىپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە: «مېڭىشىم كېرەك. بالدۇرراق بېرىپ، نۇرلۇق گىياھنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇستازىمنىڭ كۆزىنى ئېچىشىم كېرەك» دەپتۇ.

ئۇسسىغىنىدىن كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتكەن ئەلقەم تاغ باغرىغا يېقىنلاشقاندا، بولالماي يىقىلىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن سۇ قۇيۇلغاندەك يامغۇر يېغىپتۇ. ئەلقەم ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئەتراپ يوپيورۇق تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىپتۇ: «بۇ چوقۇم نۇرلۇق گىياھنىڭ كارامىتى» دەپ ئويلاپتۇ - دە، يامغۇر سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، نۇر چېچىلىپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئەلقەم يامىشىپ يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە تاغ چوققىسىغا چىقىپتۇ. بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ، يامغۇر توختاپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ چوققىدىكى رەڭگا رەڭ گۈل - چېچەكلەر ئارىسىدا نۇر چېچىپ تۇرغان كىچىككىنە بىر گىياھنى يۇلۇۋېلىپ، خۇشال ھالدا قايتىپتۇ.

يېزىدىكىلەر ئۇنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىكەن، ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا يەر - جاھاننى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلۇق گىياھنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرگەن كىشىلەر تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ.

ئەلقەم نۇرلۇق گىياھنى ئۇستازىنىڭ كۆزىگە تۇتقانىكەن، ئۇستازىنىڭ كۆزى شۇ ھامان ئېچىلىپتۇ. ئۇستازى ئەلقەمگە رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە كۆپچىلىككە تېخىمۇ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ كۆپ ماھىر رەسساملارنى يېتىشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن لايقا يېزىسىدىن ئابلا مەتتوختى.

ئەلقەم دەرەخ ئۈستىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئات-
قاندا قورسىقى ئاچقان يىرتقۇچلار باشقا تەرەپلەرگە ئوزۇق
ئىزدەپ كېتىپ قاپتۇ. ئەلقەم يېرەر نەرسە تېپىپ يېمەكچى
بولۇپ دەرەختىن چۈشۈپتۇ. بىراق ئۇنىڭغا تۈزۈكرەك بىر
نەرسە ئۇچرىماپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ پاكار بىر دەرەخنىڭ
شاخلىرىدىكى غورىغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ. يەپ
باقسا تەمى تازا ياخشى ئەمەس، لېكىن مايلىق ئىكەن.
ئەلقەم ئۇنىڭدىن تويغۇچە يەپتۇ. بۇ چاغدا بىردىنلا دادىسىنىڭ:
«ياۋايى ھايۋانلار ئوتتىن قورقىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىگە كەپ-
تۇ. ئۇ دەرھال يەكتىكىنى سېلىپ، مايلىق مېۋىنى يانچىپ،
ئۇنىڭ مېيىنى يەكتىكىگە سىڭدۈرۈپتۇ. يەكتەك مايغا چىلىغان-
دەكلا بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەكتىكىدىن ئىككى مەشئەل ياساپتۇ،
قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ئوت تۇتاشتۇرۇپ يۈگۈرۈپتۇ. بۇنى
كۆرگەن ھايۋانلار قورقىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ، تەرەپ-
تەرەپلەرگە قېچىپتۇ.

ئەلقەم مەشئەلنىڭ بىرى كۆيۈپ بولۇشىغا ئىككىنچىسىگە
ئوت تۇتاشتۇرۇپ، يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئىككىنچى
مەشئەل كۆيۈپ بولغۇچە، ئەلقەم ئورمانلىقتىن چىقىپ بىر قۇم-
لۇققا كەپتۇ. ئاڭغىچە تاڭ ئېتىپتۇ. تاغ ئەلقەمنىڭ كۆزىگە
گويا يېقىنىدا تۇرغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ھېرىپ-چارچىغىنىغا
قارىماي، دەممۇ ئالماستىن قۇملۇقنى كېسىپ مېڭىپتۇ. پىژ-
پىژ ئاپتاپتا كۆيۈپ-پىشىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن،
بىردىنلا دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇملار ئاسماننى
قاپلاپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزماپتۇ، مېڭىشى تېخىمۇ قىيىنلىشىپتۇ.
لېكىن ئۇ: «بىر قەدەم بولسىمۇ ماڭىمەن ئەلا» دەپ ئىلگىرى-
لەۋېرىپتۇ. ئەمما بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، گويا زېمىننى
يۇلۇپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك ھۆركىرەپتۇ. ئەلقەم
ماڭالماي قاپتۇ. بوران يۈزى پۈرسەت بىلىگەندەك ئۇنى

لىپ توققۇز يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردىلە. بىلىملىك بولۇپ تەختى سەلتەنەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ئو-قۇشقا بەردىلە. مېنىڭچە بالىدا گۇناھ بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇستازى نېمىنى يېزىپ بەرسە، ئۇ شۇنى يازىدۇ. شۇڭا بالىنى جازالىماي ئۇنىڭ ئۇستازىنى جازالىساق قانداق؟

پادىشاھ بۇ گەپكە قوشۇلۇپتۇ. ياساۋۇللار ھېلىقى بالىنىڭ ئۇستازىنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— سەن بالىغا ماڭا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان خەتنى يېزىپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىڭ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق خەتنى يېزىپ بەرگىنىم يوق،— دەپتۇ خەلپەت.

— يالغان سۆزلىمە، مانا، يېزىپ بېرىپسەنغۇ؟— پادىشاھ قولى-دىكى دەپتەرنى ئېچىپ، خەتنى خەلپەتكە كۆرسىتىپتۇ. خەلپەت قارىسا، دەرسخانىدا بالىلارغا يېزىپ بەرگەن: «ئۆگەن ئوغلۇم، داداڭغا ئوخشاش ئىشەك بولما...» دېگەن جۈملە ئىكەن.

— مەن بۇنداق يېزىپ بەرمىگەن ئىدىم،— دەپتۇ خەلپەت،— بالىڭىز بۇ خەتنى كۆچۈرۈپ يېزىشتا «ئوخشاش» دېگەن سۆز-دىن كېيىن قويىدىغان پەش (،) نى «ئوغلۇم» نىڭ ئاخىرىغا يۆتكەپ قويۇپ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. ئىشەنمى-سىڭىز مەكتەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، باشقا بالىلارنىڭ دەپتىرىنى تەك-شۈرۈپ كۆرۈڭ.

پادىشاھ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن خەلپەتنىڭ گۇناھسىز ئىكەن-لىكىنى بىلىپتۇ. ئوغۇل بولسا ئۇستازىغا يەتكەن پىشكەللىكتىن خىجىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خەت يازغاندا بىر پەشنىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ، خەتنى توغرا يازىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن لايقا يېزىسىدىن ئابلا مەتتوختى.

## پەشنىڭ رولى

بۇرۇنسىدا بىر پادىشاھنىڭ مەدرىستە ئوقۇيدىغان بىر ئۆگەي بالىسى بار ئىكەن، بۇ بالا كۆيۈنۈپ بىلىم بېرىدىغان، خۇش مۇئامىلىلىك بىر خەلپەتنىڭ قولىدا ئوقۇيدىكەن. ئۇ ئۇستازىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن.

ئوغۇل بىر كۈنى مەدرىستىن قايتىپ كېلىپ، ئادىتى بويىچە شۇ كۈنى ئۆگەنگەن خەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەپتىرىنى ئاتىسىغا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، بىردىنلا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىپتۇ. ئۇ رەڭگى ئۆچكەن، ساقاللىرى تىترىگەن، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ھالدا:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ، — بۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان يېتىم ئوغلاقنىڭ ۋە ئۇستازىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

بالا ۋە ئوردا ئەھلى پادىشاھنى غەزەپلەندۈرگەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلمىسەچكە ھەيران قاپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ ۋەزىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قالدۇق، ئېيتىپ بېرىشكە بولارمۇ؟

پادىشاھ ئۆگەي بالىسىنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، پەرزەنتسىزلىكتىن بۇ بالىنى بېقىۋ-

جاننى قىينىمامدۇ؟ مۇشۇنداق سالغىنىم توغرا.

— توغرا بولسا ئۆزۈڭ يات، مەن ياتمايمەن، — دەپتۇ چاقى قىيىداپ. ئۇ ئورۇننىڭ يېنىدىكى داق يەرگە بېرىپ خۇيلىنىپ يېتىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساقى ئۇكىسىنى گەپكە ئۇنىتالماي جىلى بولۇپ:

— ئەمىسە سەن ياتمىساڭ، مەنمۇ ياتمايمەنغۇ!... — دەپ ئۆزىنىڭمۇ يەردە ياتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كىچىك بىر ئوبدان ئورۇننى تاشلاپ، بىر كېچىنى داق يەردە يېتىپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

— ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن توساللا يېزىسىدىن مەتنۇرى مەتكېرەم.

## ئىككى گېجەك

ئۆتكەن زاماندا باقى، ساقى دېگەن ئاكا - ئۇكا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان گېجەكلەردىن ئىكەن. هەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ گېجەكلىك قىلىپ تۇرىدىكەن - دە، ئۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماستىن زىيان تارتىپ ئولتۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككىيلەن يىراق بىر شەهەرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. قونىدىغان يەردە سېلىپ يېتىش ئۈچۈن ساقى بىر تەگلىمات كىگىزنى، باقى بىر بورىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇلار يول بويى پىيتىشماي، بىر - بىرىنىڭ گېپىنى رەت قىلىشىپ، ئۇن قەدەمدە بىر هۆرپىيىشىپ، ناهايىتى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ بىر يەردە قونماقچى بوپتۇ. ساقى ئورۇن تەييارلاش ئۈچۈن تۇتۇنۇپ، كىگىزنىڭ ئورنىغا بورىنى ساپتۇ - دە، باقىغا:

— كەل ئۇخلاپ قالايلى، — دەپتۇ.

— بۇنداق سالساڭ بورىنىڭ قاتتىقلىقىدا قانداقمۇ ئۇخلىغىلى بولسۇن؟! بورىنىڭ ئۈستىگە كىگىزنى سال! — دەپتۇ باقى ساقى سالغان ئورۇنغا قاراپ.

— بورىنىڭ ئۈستىگە كىگىزنى سالغاندا، — دەپتۇ ساقى گېجەكلىك قىلىپ، — كىگىزنىڭ تېگىدەك يۇڭى سانجىلىپ

بىر قېرىچ سوزۇپ، ئۇستىرىنى بوغۇزىنىڭ ئۈستىگە تەككۈزۈپ:
— مانا، مۇشۇنداق قىلسىپ بىرلا تارتسىمەن، ئىش تامام. ۋەسسالام! — دەپتۇ.
پادىشاھنىڭ پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەكلا بوپتۇ.
— ھاي - ھاي!... بۇ پەيلىڭدىن يان، نېمە خالىساڭ شۇنى قىلاي، ساڭا خەزىنەمنى ئېچىپ بېرەي، نېمە لازىم بولسا ئالغىن. مېنى ئۇنداق قىلما ... — دەپتۇ پادىشاھ.
— خوش تەقسىر، «جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىمەن...» دەپ خەلقنى قورقۇتقانلىرى شۇمىدى؟ خەلقنى سەلتەنەتلىرى ئالدىدا تىترەتكەن جاناپلىرى ئەجەب مېنىڭ ئالدىمدا لاغىلداپ تىترەپ كەتلىغۇ؟— دەپتۇ ساتىراش پادىشاھنىڭ ساقىلىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋېلىپ.
— جېنىم بۇرادەر،— دەپتۇ پادىشاھ تىترەك ئاۋازدا،— زەر بېرەي، ئۇنداق قىلما!...
— زەر ئالمايمەن، قان ئالىمەن! — دەپتۇ ساتىراش.
— ھاي، مەن ساڭا زەر بېرەي، زەر!
— ياق، زەر ئالمايمەن، قان ئالىمەن - قان!... زەر دېگەن قولۇمدىكى ئۇستىرا...
— سادىغاڭ كېتەي قېرىنداش، زەر بېرەي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچ!
—مەن زەر ئۈچۈن قېنىڭدىن كەچمەيمەن، ئەگەر ھەر قاچان، ھەرزامان ماڭا بويسۇنىدىغان پادىشاھ بولساڭ ئاندىن كېچىمەن.
پادىشاھ ئويلانماستىن ۋارقىراپتۇ:
— بويسۇناي، ئەزىبىرايى خۇدا، بويسۇناي!...
ساتىراش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ساقىلىنى

## ئالتۇننىڭ تەسىرىدە

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، يېتىم بۇلۇڭدا، خەلق زۇلۇمدا، ئاقچىنىڭ بارچىسى زالىم پادىشاھ خەزىنىسىدىكى تولۇمدا ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بەكمۇ زالىم ئىكەن. ئۇ خەلققە ھەددىدىن زىيادە ئالۋاڭ - سېلىق سېلىپ، خەلقنى قاخشىتىدىكەن. ئۇ پادىشاھقا دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئۆچ ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ زەر، ئۈنچە - مەرۋايىت، ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن ئېسىل تون كىيىپ بىر ساتىراشخانىغا كىرىپ كەپتۇ.

پادىشاھ يېشىنىپ كۈرسىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ساتىراش ئەدەب بىلەن كېلىپ پادىشاھنىڭ چېچىنى ئاپتۇ. ساقال - بۇرۇتىنى ياساۋېتىپ ساتىراشنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەپتۇ - دە، تۇيۇقسىزلا پادىشاھنىڭ ساقىلىنى خۇددى ئۆچكىنىڭ ساقىلىنى تۇتقاندەك تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ قولىدىكى ئۇستىرىنى پادىشاھنىڭ كانىيىغا تەككۈزۈپ:

— ھىم، مانا مۇشۇنداق بىر سۈرسەم، جانابىلىرىنىڭ ئىشى تامام بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ھاي - ھاي! ئۇنداق بىمەنە گەپ قىلما، — دەپتۇ پادىشاھ ئالىيىپ.

ساتىراش پادىشاھنىڭ ساقىلىنى ئىخچامۇ يۇقىرىغا قايرىپ تارتىپ، پادىشاھنىڭ بويىنىنى

— ياق، ھەر دائىم ئۇنىڭ چاچ- ساقىلىنى ئەدەب بىلەن ئالاتتىم.

— بۇ قېتىم نېمىشقا ئەدەبسىزلىك قىلدىڭ؟

— يوقسۇ، ئەدەبتىن قىلچە چىقىپ كەتكىنىم يوق.

— شاھنى ئۇستىرا بىلەن بوغۇزلايمەن دەپ قورقۇتقانلىقىڭ ئەدەبسىزلىك بولمامدۇ؟

— يوقسۇ، مەندەك بىر ئاجىز بەندە قانداقمۇ ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا پېتىناي؟ ھېقىر ئۇنداق ئىشنى ئوڭۇمدا تۇرماق، چۈشۈمدىمۇ قىلغىنىم يوق.

سوئال- سوراق ئۇچىغا چىققاندا، پادىشاھ تاقەت قىلىپ تۇرالماي ۋارقىراپتۇ.

— كاززاپ! نامەرت ئىكەنسەن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يالغان سۆزلەۋاتىسەن، ھۇ ھايۋان!

— ئۆمرۈمدە يالغان سۆزلەپ باققىنىم يوق، — دەپتۇ ساتىراش، — بۇ گەپنى ئۆزلىرىدىن ئاڭلاپ قورقۇۋاتىمەن.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى «ماڭا تەنە قىلدى» دەپ ئويلاپتۇ- دە، دەرغەزەپ بولۇپ:

— جاللات! پەرماننى بەجا كەلتۈر! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، سەۋرى قىلغايلا، — دەپتۇ ھېكىم پادىشاھقا تازىم قىلىپ، — مەن بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلىۋاتىمەن، مەن ساتىراشتىن ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ باقسام بولارمۇ؟

ھېكىم ئەقىل- پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشى بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنىڭغا، قول قويىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ.

— سەن پادىشاھنىڭ چىچىنى قەيەردە ئالغانىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېكىم ئاغىنىسىدىن چاندۇرماي.

ساتىراشمۇ چاندۇرماي جاۋاب بېرىپتۇ:

قوپۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ كىيىملىرىنى ئۇپۇل-توپۇل كىيىپ، چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوردىسىغا بېرىپ تەختىگە چىقىپتۇ - دە:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ.

— ھەممىگە مەلۇم بولسۇنكى، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇي بازاردىكى ساتىراش داۋۇت ھازىر كەلتۈرۈلۈپ دارغا ئېسىلسۇن ۋە تېنى پارچە — پارچە قىلىۋېتىلسۇن!

ھايال ئۆتمەي جاللاتلار ساتىراشنى باغلاپ، پۇت-قولىنى يەرگە تەككۈزمەي دار ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان ھېكىم دېگەن كىشى ساتىراش داۋۇتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن. ئۇ دوستىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە:

— ئى شاھىم، ساتىراش نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ ساتىراشقانىمدا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى دەپتۇ.

— شاھىم، — دەپتۇ ھېكىم، — ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنى سوراپ بېقىپ، گۇناھىنى تونۇغاندىن كېيىن ئاندىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلساق قانداق؟

پادىشاھ ھېكىمنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

— سەن ساتىراش بولغىلى قانچە يىل بولدى؟

— 30 يىل.

— پادىشاھىمىزنىڭ چېچىنى قاچاندىن بېرى ئالىسەن؟

— 15 يىلدىن بېرى.

— 15 يىلدىن بېرى پادىشاھ بىلەن چاقچاق قىلىشقانمىدىڭ؟

— مانا، بۇ كۆپتىكى ئالتۇن جانابىلىرىنىڭ چېچىنى ئالغاندا ساتىراش دەسسەپ تۇرغان يەردىن چىققى، بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، بۇنداق بىر ئاددىي ساتىراشنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇنداق ھەيۋە قىلىشى، ئۇ تۇرغان يەردىكى ئالتۇننىڭ تەسىرىدىن بولغان. دېمەك، جانابلىرى ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەرلەردىن ئاجراپ ئولتۇرغاندا، بۇكۆپتىكى خىسلەتلىك ئالتۇن ساتىراشقا تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەي قالغان. شۇڭا ساتىراشنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، كىشىلەرنى ئەدەبتىن چىقىرىپ تاشلايدىغان بۇ ئالتۇننى خەزىنىگە سالماق كېرەك.

پادىشاھ ھېكىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەمنۇن بوپتۇ ۋە ساتىراشنى قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاددىي بىر ساتىراش زالىم پادىشاھنى ئەخمەق قىپتۇ.

(بۇ چۆچەك 1960- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن خوتەنلىك مەھەممەت ھاپىزنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە قايتا رەتلەندى).

— ئۆز دۇكىنىمدا ئالغان.

— بۇرۇنمۇ پادىشاھىم دۇكىنىڭغا بارغانمىدى؟

— يوقسۇ، ئۆمرۈمدە پادىشاھنىڭ چېچىنى ئۆز دۇكىنىمدا ئالغىنىم بۈگۈنكى بىر قېتىم.

— سەن بۇ دۇكىنىڭدا قاچاندىن بېرى تۇرىسەن؟

— تېخى كېچە كۆچۈپ كەلگەنىدىم.

— مەسىلە روشەنلەشمەكتە، — دەپتۇ ھېكىم پادىشاھقا سالماقلىق بىلەن قاراپ. — جانابلىرى پېقىرغا بىرەر سائەت مۆھلەت بېرىپ، بىر نەچچە نۆكەر قوشۇپ بەرسىلە، مەن بىر ھېكمەتنىڭ سىرىنى ئاچقان بولاتتىم.

— قېنى، ھېكمىتىڭىزنى كۆرسەتكەيسىز، ئەگەر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، سىزنىڭمۇ بېشىڭىز ئۆلۈمدە، — دەپتۇ پادىشاھ.

ھېكىم ساتىراشنى زەنجىر كىشەندىن بوشىتىپتۇ ۋە 10 نەچچە نۆكەر بىلەن ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ. ئاندىن ساتىراشقا قاراپ:

— سەن پادىشاھنىڭ چېچىنى قەيەردە تۇرۇپ ئالغان؟ — دەپ سوراپتۇ. ساتىراش پادىشاھنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى ۋە ئۆزى تۇرغان يەرنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

ھېكىم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن نۆكەرلەرنى ساتىراش تۇرغان يەرنى كولاشنى بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر يەرنى تىز بويى كولاپتىكەن، يوغان بىر كۈپ چىقىپتۇ. ئۇلار كۈپنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئاچقان ئىكەن، كۈپنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن چىقىپتۇ. ئەسلىدە ھېكىم ئاغىنىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاپ، پادىشاھ داۋۇتتىن سوراۋاتقان ۋاقىتتا، خەزىنىدىن ھېلىقى كۈپنى ئېلىپ چىقىپ، ساتىراشخانىغا كۆمۈپ قويغان ئىكەن.

پادىشاھ كۈپتىن ئالتۇن چىققانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەت خۇشال بوپتۇ. ھېكىم پادىشاھقا قاراپ:

لەپتۇ، «توختاپ تۇرۇش، سەنلەرنى بىر رەسۋا قىلىمسام...» دەپتۇ ئىچىدە ۋە كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ هويلىدىكى يۇندا تۆكۈلىدىغان كۆپنى كۆتۈرۈپ، تۇيدۇرماستىن كاردۋاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، چاققانلىق بىلەن كۆپنى ئىككىسىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپتۇ. باي بىلەن هېلىقى ئايالنىڭ باش — كۆزلىرى يۇندىغا مىلىنىپتۇ، بويۇنلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن يۇندا پۈتۈن ئەزايىنى بۇلغاپتۇ.

— ...كىم؟... سە-سەن؟! — دەپ توۋلاپتۇ باي تىلى كالۋالىشىپ، هېلىقى ئايالمۇ:

— ۋاي ئانام، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ.

سارەم ئۈن چىقارماستىن ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، چىراغنى ياندۇرۇپ، هېچنىمە ئۇقمىغان كىشىدەك يەنە باغ ئىچىگە كىرىپتۇ.

— ۋاي دادىسى، قېنى سىلە؟ — دەپتۇ ئۇ قولىدا چىراغ تۇتقان هالدا كارۋاتقا يېقىنلىشىپ، — نېمە بولدى، نېمىگە ۋارقىرايلا؟ ۋاي خۇدايىم، ئۇستىباشلىرىنىڭ قارىغۇچىلىكى يوققۇ؟ يېرىم كېچىدە سىلىنى بۇ يەرگە ئالۋاستى باشلاپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

باي لام-جىم دېيەلمەپتۇ. لېكىن چىراغ يۈزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقاندا پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. هېلىقى ئايال كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالغانىكەن. ئاغزى-بۇرنىنى يۇندا قىچىشتۇرۇپ قاتتىق چۈشكۈرۈپ تاشلاپتۇ.

— ۋاي، بۇ نېمە ئىش؟ ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ؟ ئالۋاستى مانا بۇ كارىۋات ئاستىغا كىرىۋاپتۇ، چېچىنى يۇلۇۋېلىپ كۆيدۈرسەك، ئىككىنچى كەلمەيدىغان بولىدۇ! — سارەم شۇنداق دەپلا، هېلىقى ئايالنىڭ بىر تۇتام چېچىنى جېنىنىڭ بارىچە تارتقانىكەن، هېلىقى ئايال «ۋايجان» دەپ ۋارقىراپتۇ.

سارەم يۇلۇۋالغان چاچنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ، بايمۇ سارەمنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىپ، يۈز-كۆزلىرىنىمۇ

## «شەرمەتتە چۈشكە دەۋا يوق»

بۇرۇن بۇزۇقلۇقتا ئۇچىغا چىققان بىر باي ئۆتكەنىكەن. كۈندۈزلىرى پۇشۇلداپ ئۇخلايدىكەن، كېچىلىرى بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا يۈرۈپ «توشقان» ئوۋلايدىكەن. خوتۇنى سارەم ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئايال ئىكەن. باي كېچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈنمۇ سارەمنى تىللايدىكەن، ئۇرىدىكەن. سارەم باينى ئىنساپقا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ، باي ئەسكىلىكىنى توختاتماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچە تەڭ بولغاندا باي ئۈشتۈمتۈتلا:

— سارەم، هوي سارەم! — دەپ ئىككى قېتىم قىچقىرىپتۇ.

سارەم ئويغاق ئىكەن، لېكىن ئۇ باينىڭ غەرىزىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ جاۋاب بەرمەپتۇ. باي يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپتۇ-دە، باغ تەرەپكە مېڭىپتۇ. سارەممۇ باينىڭ ئارقىسىدىن ئاستا چىقىپتۇ. ئالەم قاپقاراڭغۇ بولغانلىقتىن، بىر-بىرىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن، باي ياڭاق تۈۋىگە قويۇلغان كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، نامەلۇم بىر ئايالنىڭ:

— ئەجەب ساقلاتتىڭىز، تاس قالدىم كېتىپ قالغىلى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— سارەكنى ئۇخلىتىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم، خاپا بولما، — دەپتۇ باي ئايالغا يېقىنلىشىپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سارەمنىڭ ئىمانى قىرىق گەز ئۆر-

كېچىدە بوغۇپ قويسىمۇ ئامالىرى قانچە ؟ — دەپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي قازىمۇ كەپتۇ. ساردم گەپ قىلغىچە قازىنىڭ خوتۇنى سارەمنىڭ باي ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەنلىكىنى، باينىڭ جۆيلۈپ كېتىپ ئۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قازى :

— ئەلمىساقتىن تارتىپ چۈش ئۈستىدە ئەرز قىلغاننى ئاڭلىمىغانىدىم. شەرىئەتتىمۇ چۈشكە دەۋا يوق، — دەپ سارەمنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

باي يامان يولدىن قايتماپتۇ. سارەم قانچە يىغلاپ - قاقشىسىمۇ، بايغا قىلچە تەسىر قىلماپتۇ. سارەمنىڭ بۇنداق دەرت-ئەلەم ئىچىدە ياشىغۇسى كەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ ھويلىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ، بۇ چاغ ئەل ئۇيقۇغا چۆككەن كېچە ئىكەن. ئۇ بىر كۆتەككە دەسسەپ تۇرۇپ، بويىنىغا سىرتماق سېلىپ كۆتەكنى تېپىۋېتىپتۇ. ئەمما شۇ ھامان پالاققىدە يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. قارىسا، ئارغامچا باغلاقلىق يېرىدىن يېشىلىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئارغامچىنى راسا چىڭ باغلاپ ئېسىلغانىكەن، يەنە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، بۇقېتىم قارىسا ئارغامچا كېسىلىپ كېتىپتىمىش. سارەمنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، ئۈجمە ئۈستىگە سىنجىلاپ قارىغانىكەن، بىر كىشى پەسكە چۈشۈۋاتقۇدەك. سارەمنىڭ قورقىنىدىن پۇت-قوللىرىدا جان قالماي، لاغىلداپ تىترەپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ھېلىقى ئادەم يەرگە چۈشۈپ، سارەمنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭمۇ قولىدا بىر تال قىل ئارغامچا تۇرغۇدەك، سارەم ئۇنىڭ مال باقار چاكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ:

— ئۈجمىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. چاكار سارەمنىڭ بايغا غەزىپى بارلىقىنى بىلىدىكەن، شۇڭا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرىپتۇ:

ئېرىتماستىن يوتقانغا بېشىنى چۈمكەپ يېتىۋاپتۇ ـ دە، دەرھال يالغاندىن خورەك تارتىشقا باشلاپتۇ. باينىڭ بۇ قىلىقىغا سارەمنىڭ ھەم ئاچچىقى ھەم كۈلگىسى كېلىپ:

— ھوي، قانداق ئادەم سىلە؟ نېمە بوللا؟ — دەپ نوقۇپتۇ. باي ئۇيقۇسىنى تەستە ئاچقان بولۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپتۇ ـ دە:

— ھە، نېمە بولدى، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي نېمىشقا ئويغىتىسەن؟! — دەپ چالۋاقاپتۇ.

باينىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىغا تېخىمۇ غەزىپى كەلگەن سارەم:

— ھوي بىزەك، سەن كىمنى ئەخمەق قىلماقچى، باياتىن بىرى نېمە ئىش قىلدىڭ؟! — دەپتۇ.

باي ھەممە ئىشنى قىلغان ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇنىڭغا نەشتەرنى سانچىشنىڭ پەيتىنى پايلاپ يۈرگەن ئىكەن. سارەمنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ئۇنىڭغا بىر باھانە بوپتۇ ـ دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ھۇ، شور پېشانە قىرى، مەن ئۇيقۇمدا يامان چۈش كۆرۈپ، قارا بېسىپ بىئارام بولغانىدىم، ئەسلىدە سەن تېگى پەسنىڭ يامانلىقىدىن شۇنداق بولغانىكەن ـ دە! — دېگىنىچە سارەمنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

سارەم بۇ ئەلەمگە چىدىماي، ئەتىسى قازىنىڭ ئۆيىگە ئەرز قىلغىلى بېرىپتۇ. ئۆيدە قازى يوق، خوتۇنى يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. سارەم: «ئايال دېگەن ئايالنىڭ قايىشى» دەپ ئويلاپ، ئىچىدىكى دەردلىرىنى ئۇنىڭغا بىرمۇ بىر تۆكۈپ بېرىپتۇ. لېكىن قازىنىڭ خوتۇنى پەرۋا قىلماي:

— سىلە ھەقىقەتەن ئەخمەق ئىكەنلا، ئەر كىشى دېگەن ئۆينىڭ چوڭى. باي غوجام ھېلىقى ئىشلىرىنى جۆيلۈپ كېتىپ ئۇرۇپتۇ،

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، باي بىلەن قازىنىڭ خوتۇنىنى قارا بېسىپ، خۇددى مۇردىدەك قېتىپ قاپتۇ. «خىزىر» بىلەن «پەرىشتە» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باينى كارىۋاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ئايالنى سول تەرىپىگە، بىر - بىرسىگە قارىتىپ باغلاپتۇ. ئاندىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ، «خىزىر» گال ئۇستۇرا بىلەن باينىڭ بىر باغلام بىدىدەك ساقىلىنى كارتىلدىتىپ چۈشۈرۈپ تاشلاپتۇ. سارەم قازىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇشۇقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چېچىنى كېسىپتۇ. ئاندىن ئايالنىڭ چېچىنى باينىڭ ئېڭىكىگە، باينىڭ ساقىلىنى ئايالنىڭ ئېڭىكىگە يېلىم بىلەن چاپلاپ، باي بىلەن ئايالنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا يارىلىمنى راسا سۈركەپ، ئىككى ئۇستىرىنى تۇتقۇزۇپ، قوللىرىنى يۇمۇپ قويغان ئىكەن، قېتىپ قاپتۇ. بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن «خىزىر» بىلەن «پەرىشتە» ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىپ تاشلاپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ئەتىسى سەھەردە سارەم ھېچنەرسىنى ئۇقمىغان كىشىدەك بىخارامان ھالدا باغقا كىرىپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتكەندەك بوپتۇ - دە، كوچىغا چىقىپ ئاللا - تۇۋا كۆتۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا جامائەت نامازدىن چىقىۋاتقان ئىكەن، ئۇلار سارەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇدۇل باغقا كېلىشىپتۇ.

ئەھلى - جامائەت قارىسا باينىڭ ئېڭىكىدە ئۇزۇن چاچ، ئايالنىڭ ئېڭىكىدە بىر باغلام ساقال، قوللىرىدا ئۇستىرا، ئۆزلىرى باغلاقلىق تۇرغۇدەك. بۇ شەرمەندىلىكنى كۆرگەن جامائەت قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ئىمام:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ سارەمدىن.

— ئۇلار چۈش كۆرۈپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سارەم.

— بۇگۈن ئاق ئۆشكە تاغدىن دومىلاپ كېتىپ پۇتى سىنىپ كەتكەندى، بۇنى ئۇققان باي مېنى ئۇرۇپ ھالىمنى قويمىدى، تېخى يەنە بىر تىيىن بەرمەستىن ئىشتىن بوشاتتى. شۇڭا مەن جېنىمدىن تويۇپ، باي بۈگۈن كېچىدە ھويلىغا چىقسا بويىنغا سالما تاشلاپ، مۇشۇ ئۆچىمگە ئېسىپ قويۇپ قاچاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ.

بۇ پىلان سارەمنىڭ كۆڭلىگىمۇ يېقىپتۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرگەندە قۇتۇلۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ئويلاپ، ئىككىسى باشقا يول بىلەن جايلاشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئۆشكىنى سويۇپ، يۇڭىدا ساقال- بۇرۇت ياساپتۇ.

ئەتىسى يېرىم كېچىدە باي ئادىتى بويىچە سارەمنى ئىككى قېتىم توۋلاپ، زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن باغقا چىقىپ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا قاراپ مېڭىپتۇ. سارەم دەرھال چىقىپ چاكارنى ئويغىتىپتۇ. ئۇلار تۇيدۇرماستىن باراڭغا يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا، باي بىلەن بىر خوتۇن كۇسۇرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە ئۇ ئايال قېرى قازىنىڭ ياش خوتۇنى بولۇپ، باي بىلەن ئىككىسى قازىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەخپى پىلان تۈزۈۋاتقانىكەن.

شۇ ئەسنادا، ئاپپاق ساقاللىق، بېشىغا قازاندەك سەللە يۆگىگەن، ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر كىشى ئوڭ تەرەپتىن چىقىپ كەپتۇ - دە، ئاۋازىنى ھەيۋەتلىك چىقىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باي، مەن خىزىر بولىمەن، — دەپتۇ.

يۈزىگە چۈمبەل ئارتقان، ئاق شايى كۆڭلەكلىك تاپىنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر ئايال سول تەرەپتىن كەپتۇ - دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خېنىم، مەن پەرىشتە بولىمەن، — دەپتۇ.

## داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ

ئۆتكەن زاماندا، يەر تەۋرىگەن يىلى، ماھى شەئبانغا بىر كەم ئوتتۇز ئىدى.

ئوچاق مەملىكتىنىڭ قازان شەھرىگە قاراشلىق مانتاگۆك بىگىمنىڭ چوڭ قىزى جۇۋاۋىخان، كىچىك قىزى چۆچۈرخانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، بارلىق غىزا ئەربابلىرىنى چاقىرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزسەك، دىگەن نىيەت بىلەن ھەر قايسى تارماقلارغا ئىلاننامە ئەۋەتتى.

ئۇلار داستىخان مەيدانىنى كەڭ ئېچىپ، ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىشقان بارلىق غىزا ئەربابلىرىنىڭ تولۇق كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، مەيدانغا ئەڭ بالدۇر جۇۋازچى مەھەللىسىدىكى توختى چەلپەكنىڭ بوۋىسى پوشكال قازاخۇنۇم كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كۆكتاتچىلىق ئەترىتىدىكى تۇرۇپ خېنىم نازۇك بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ، پەم بىلەن كېلىپ مېھمانلارغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن تاشقىرقى شىپاڭدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇن بارماقنىڭ يېقىن سىردىشى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ خەۋەرچىسى لۆڭگە خېنىم ئالاھىدە ئولتۇرغان قونداق ماكانىدىن سەكرىدى-دە، بىرلا موللاق ئېتىپ، ساھىبخانىنىڭ مۇرىسىگە ھاپاش بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھەمنەپەسلىرىدىن ئاپتۇۋاسىراپ، چىلاپچى شالداملار مەيدانغا چۈشۈپ

شۇ ئارىدا ئىككى ئادەم كېلىپ ئۇلارنى يېشىپتۇ. قازى ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، بايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شەرمەندە بولغان باي بىلەن قازىنىڭ خوتۇنى بىر-بىرىگە قارىغىنىچە زوۋان سۈرمەپتۇ.

— ۋاي بۇ نېمە قىلىق؟! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراپتۇ قازى ھاڭ - تاڭ قېلىپ،

— ئۇلار چۈش كۆرۈۋاتىدۇ، قازىم، بۇنىڭغىمۇ شەرىئەتتە دەۋا يوققۇ دەيمەن؟! — دېپتۇ سارەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

(«تارىم» ژورنىلىدىن ئېلىندى)

ۋە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. سىنچاي خېنىممۇ سامسا خېنىمنىڭ سەپەر ئۈستىدە پۈتلىكاشاڭغا يولۇقۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يۈرۈپ كەتتى.

مېھمانلار ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، شىكەرشۇن خېنىم موللاق ئاتقىنىچە بوۋىسى بىشەكشۇن ھاجىمنىڭ پاك مۈرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇشىغا، ئۆز ئەۋلادلىرىدىن بولغان كۆكچى نوچى، چاچۇرۇك مەخسۇم، قارا قاش خېنىملار غەزەپكە كېلىشىپ، ئۆزلىرىنى پارە-پارە قىلغان پېتى كەينى-كەينىدىن ھاممام دەرۋازىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

بۇلارنىڭ رەقىپلىرىدىن بولغان تاۋۇزجان قارىمىنىڭمۇ مۇبارەك قارا تەسۋىلىرى دانە-دانە بولۇپ، داستىخان مەيدانىغا چېچىلىپ كەتتى، بىر ھازاغىچە داستىخان ئەھلى جامائەتلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇپ تۇۋا قىلىشتى.

بىرىنچى قېتىملىق جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، داستىخان مەيدانىغا گۆش مىرشاپلىرىدىن شورپا غوجىكام تەخسە ئۈستىدىكى چىنە ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، قاراموچ تەسۋىلىرىنى يانچىپ يۈزىگە سەپكەن ھالدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا گۆش مىرشاپلىرىمۇ تىرى-پىرەن قىلىندى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇق پالۋان ئارقىلىق چۆچۈرە بۈۋىمىگە ئەلچى ئەۋەتىلدى. چۆچۈرە بۈۋىمۇ قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كەلدى-يۇ، ئەلچىگە تۇتۇق بەرمەي يۈرگىنىدە قوشۇق پالۋان كېلىپ ئالقىنىغا ئالدى-دە، خالايىققا بىر كۆرسىتىپ قويۇپ، دەرغەزەپ بىلەن ھاممام دەرۋازىسىغا ئىتتىرىۋەتتى. دەرۋازا ئىچىدە پوستتا تۇرۇۋاتقان ئاق كىيىملىك ئوتتۇز ئىككى ساقچى چۆچۈرە بۈۋىمىدىن شۇنداق ئىنتىقام ئالدىكى، دەسسەپ-يانچىپ تاشلاپ، قىزىل ئۆڭگەچ كوچىسى ۋە

لۆڭگە خېنىمغا كۆز ئىشارىسى قىلغاچ مېھمانلاربىلەن ئۈچ قېتىمدىن كۆرۈشۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇندىن كېيىن يۇرتىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىدىن بولغان پىيالە يىگىتلەر سەپ-سەپ بولۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «پوش - پوش!» دېگەن سۈرلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ بولسا تاشقىرىدىكى ساماۋەر پىرىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان چەينەكۋاي ئىلمەك ئاغزى بىلەن نوقۇلاپ پىيالە يىگىتلەرنىڭ ئالە - پەرىيادىغا قارىماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ساماۋەر پىرىمنىڭ غەزىپى كەلدى بولغاي، باشقىلارنى مەنسىتمەي سەكرەپ قايىنىغىلى تۇردى.

ئۇدۇلقى كوچىدىن «پوش!» دېگەن ئاۋاز بىلەن، پەتنۇس خېنىمنىڭ ئالقىنىدا ئولتۇرۇپ، تونۇر ئەۋلىيالىرىدىن بولغان ھەزرىتى قازى كالان - مەززە تۆرەم يېتىپ كەلدى.

پۈتۈن مەيداندىكىلەر پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقىتتا سىنچاي خېنىم قەنت - ناۋات، قايماق، تۇخۇم، شېكەر، سۈت، ئاقمۇش، مىخداچىن، قوۋزاقداچىن ۋە شۇنىڭدەك دورا - دەرمەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن قاتلىما قازاخۇنۇم چۇۋۇلغان سەللىسىنى تۈزەپ مەزەخان تۆرەمنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ساماسا خېنىم ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتقان پېتى، قاتلىما قازاخۇنۇمنىڭ سەللىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ۋاقىتتا داستىخان مەيداندىكىلەر «دۇرۇس» دېيىشىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

ساماسا خېنىم بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، چازاننى كەڭ قورۇپ ئولتۇرۇپ، مېھمانلار ۋە ساھىبخانلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاشقازان شەھىرىدە ئېكسكۇرسىيە

رىنگە سۈركىنۋالغان قارا پاقلان داشقازاننىڭ تېگىدىن غەزەپ بىلەن ئىككى قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ ئېتىلىپ كەلدى-دە، شاھى سۇلتان پولونىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇردى. بۇ ھالنى كۆرگەن داستىخاندىكى بارلىق غىزا ئەربابلىرى قاتتىق كۈلۈشۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. داستىخاندىكى غىزا ئەربابلىرى «پولونىڭ ئۈستىگە چىقالايدىغان نوچىلار بار ئىكەن» دېيىشتى.

ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولو داستىخانغا ھەمىشە غىزا ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلىشىلا، بىر-بىرىدىن ئورۇن تالىشىپ جېدەل چىقىرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئويلاپ، قايسىسىنى خىزمەتكە تەيىنلەش، قايسىسىنى جازالاش توغرىسىدا ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىكەن. ئۇ ئىلگىرى تۈزگەن ئادىل ھۆكۈمنى داستىخان مەيدانىدا ئېلان قىلدى:

ئىناۋەتلىك ھۆكۈم:

1. مانتا بەگنىڭ چوڭ قىزى جۇۋاۋىخان، كىچىك قىزى چۆچۈرە بۇۋىملەر ئاچچىق ئۈچەي مەھەللىسى، تاتلىق ئۈچەي كوچىسى ئارقىلىق قېرىن داتاڭغا ھەيدەپ كىرگۈزۈلۈپ، تۆشۈك دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ خالا زىندانىغا تاشلانسۇن!

2. چۆچۈرە بۇۋىم ۋە جۇۋاۋىغا مېھمانىنىڭ ئالدىدا مەنمەنلىك قىلىپ، ۋاقتىنى كۆپ ئېلىپ، ئادەم ئەخمەق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ساپ نىيەتلىك مەنچىزە خېنىم ۋە ياكى ئۈگرىجانلار خىزمەتكە تەيىنلەنسۇن!

3. ھەرقانداق سورۇنلاردا يوتازا مەخسۇمنىڭ مەنسەپلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، گۆشى ئازراق بولسىمۇ مانتاگۆك بېگىم ھاكىملىققا تەيىنلەنسۇن!

4. سادىق گۆشگىردە يومىلاق ئەۋلادلىرىدىن بولغان ساھسجان باتۇر كېكىرتەك كازنىيىغا پالانسۇن!

ئاشقازان شەھىرى ئارقىلىق ئوبۇرنى زىندانىغا پالىۋەتتى.

بۇ ماجىرادىن كېيىن، يۇتازا مەخسۇم قاسقان ھوجرىسىدىن تەرلىگەن ھالدا ئالدىراشلىق بىلەن ئىغىناپ يېتىپ كەلدى ۋە تەخسىگە ئولتۇرۇۋالاي دېيىشىگە، مانتا گۆك بېگىم قاپاقلىرىنى تۈرگەن، قورساقلىرىنى پومپايتقان ھالدا ئاچچىقى بىلەن داستىخان مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن لازا دارىن، شوسەي كوجاك، چەيزە شەنجاك، ئاچچىقسۇ لوزۇك، تۇرۇپ، شوسەيلەر ئايرىم- ئايرىم تەخسىگە ئولتۇرۇپ، چوكا مىلتىقلىرىنى بەت- لەپ مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ھەممە غىزا ئەربابلىرى ئورۇنلىرى- دىن تۇرۇشتى ۋە بۇ يېڭى مېھمانلارغا تۆردىن ئورۇن بېرىشتى.

بىر ئازدىن كېيىن شوسەي كوجاڭنىڭ كۆزى مانتاگۆك بەگكە چۈشۈپ قالدى. بۇلار ئىلگىرى مەزمەنچىلىك قىلىشىپ جېدەل قىلىشىپ، كېيىن پەسكارغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمدى يەنە ھومۇيۇشۇشقا باشلىدى. شوسەي كوجاڭنىڭ ئاچچىقى تۈۋىدىن كېلىپ پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، چەيزە شەنجاڭغا مانتاگۆك بېگىمنى كۆرسىتىپ ئۇنى چاقتى. ئۇنىڭغا «چوكا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تۇرۇپ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭغا مىلەپ، قورسىقىنى يېرىپ تاشلاشقا تەييارلىنىسۇن» دەپ ئىجازەت بېرىلگىنى ئۈچۈن، «خوش - خوش» بىلەن ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى. ئۇندىن كېيىن مانتاگۆك بەگنىڭ پىتنە- ئىغۋاچىسى يۇتازا مەخسۇمنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشىپ، سەللىسىنى چۈۋۈپ تاشلاپ تىرەپىرەن قىلىشقا ھۆكۈم قىلىندى.

سىنچاي خېنىملارمۇ جېدەلنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تەرەپ- تەرەپكە يۈگۈرۈشۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ھەزرىتى شا- ھى سۇلتان پولۇ كەپكۈر سادالىرىنى ياڭرىتىپ، قالتىس مەغرۇرلۇق بىلەن كىرىپ، ئىغىزىدىن ھور چىقارغان ھالدا كېرىلىپ ئولتۇردى. پۈتۈن غىزا ئەربابلىرى: «پولۇنىڭ ئۈستىگە چىقالايدىغان بىرمۇ نوچى يوق» دېيىشىپ تۇرۇشقا، سەۋزىنىڭ ئالدىدا ياغلىرىنى يۈز- كۆزلى-

## تۆت ھەمراھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاسىم ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ بۇ ئوغلىنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ ئاسىم 27 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسىم ئوڭ قول ۋەزىرگە:

— دادام مېنى ئۆيلەپ قويماي دىمىدى، قارىسام تەڭتۇشلىرىمنىڭ بىر-ئىككىدىن بالىسى بوپتۇ. سىز دادامغا بۇ مەقسىدىمنى يەتكۈزسىڭىز، دادام ماڭا خوتۇن ئېلىپ بەرسىكەن...— دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر شاھزادە ئاسىمنىڭ تەلىپىنى ئۇنىڭ دادىسىغا يەتكۈزۈپتۇ.

— سىز بېرىپ ئوغلۇمغا ئېيتىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرگە، — مەن ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشنى ئاللىبۇرۇنلا ئويلىغانىدىم، بىراق ئوغلۇمنىڭ ئۆزى لايىق تاللىسۇن دەپ مۇشۇ كۈنلەرگىچە كۈتتۈم، ئۇ ئۆيلەنمەكچى بولسا، ماڭا ئوخشاش بىر پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن تونۇشۇپ، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بۇ ئىشقا كۆندۈرسۇن، ئاندىن مەن توينى قىلىپ بېرىمەن.

ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇ شەرتىنى ئاسىمغا يەتكۈزۈپتۇ. شاھزادە ئاسىم دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بەكمۇ مىننەتدار بوپتۇ-دە، بىرەر شەھەر پادىشاھىنىڭ

5. مەرھۇم تاشۋۇزجان تارىم ۋە شېكەرشۈن خېنىملار ئۈ-
چۈن مەخسۇس جوزا قويۇلسۇن!

6. كۆكچى نوچى، بىشەكشۈن ھاجىم، چاچۇرۇك مەخسۇم-
لارغا قومۇل، تارىم. پەيزىۋاتتىن ئورۇن بېرىلسۇن!

7. بۇندىن كېيىن يۇقىرىقى خىزمەتكە تەيىنلەنگەن تائامىلار ھەققىي ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتسۇن! قورساق شەھرىدە «گۈلدۈر - گۈلدۈر»، «قاراس - قۇرۇس» مۇشتلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈدىغان، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان، قالايمىقان ئۈن چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق چەكلەنسۇن. بۇ ئىشلارغا پىيالە يىگىتلەر بىلەن سىنچاي خېنىم مەسئۇل بولسۇن! كىمدىكىم بۈگۈنكىدەك جىدەل - ماجىرا چىقارغۇچى بولسا، ۋاقتىدا جازا بېرىلسۇن!

ھۆكۈم قىلغۇچى:

ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولۇ.

باش مەسلىھەتچى: قاراپاقلان، شورپا غوجام.

ۋەزىرلىرى: ئاچچىقسۇ لوزۇك، شۇسەي كوجاك،

لازا دارىنلاردىن ئىبارەت.

(«يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى ۋە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دىن تۈزلەشتۈرۈپ ئېلىندى

ئىككىسى ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن بىر
جاڭگاللىغا كەپتۇ. ئۇلار چوڭ بىر توپ سۆگەتنىڭ يېنىغا كەلگەن-
دە ئاجايىپ بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى بەك
يوغان بولۇپ، كاللىسىنى سۆگەتنىڭ تۈۋىگە تىرەپ، ھەدەپ ئىن-
جىقلاۋاتقۇدەك. شاھزادە ئاسىم ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھەي ئادەم، سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم:

— مەن بولسام «بورانچى باتۇر» دۇرمەن. بىردەمنىڭ ئىچىدە بوران چىقىرىۋېتەلەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بىزگە ھەمراھ بولساڭچۇ؟ — دەپتۇ شاھزادە ئاسىم.

— ماڭا ئاش - نان توشتىپ بېرەلىسەڭ ھەمراھ بو-
لىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— بولىدۇ، قورسىقىڭنى ئوبدان باقىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

شۇنىڭ بىلەن بورانچى باتۇرمۇ خېچىرنىڭ بىرىگە مىنىپتۇ. ئۈچەيلەن ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر مە-
ھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار يولنىڭ بويىغا قارىسا، كەڭ مەيدانىغا نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىۋاپتۇ. يېقىن بېرىپ قاراپتىكەن، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاكار بىر ئادەم مۈشۈكچىلىك چوڭلۇقتىكى ئىتنى ئادەم پاچىقىدەك تومۇلۇقتىكى زەنجىردە باغلاپ، باشقا بىر ئادەمنىڭ يوغان ئىتى بىلەن تالاشتۇرۇۋاتقان ئىكەن. شاھزادە:

— ھەي ئادەم، ئىتىڭ مۈشۈكتەك تۇرسا، ئۇنى شۇنچە توم زەنجىردە باغلىۋاپسەن. بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ.

— «ئىتۋاز نوچى» دەپ ئاڭلىمىغانمۇ سەن! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم شاھزادىگە، — ئەگەر بۇ ئىتىمنى مۇشۇنداق يوغان زەنجىردە باغلىمىسام ئىش چاتاق!...

شاھزادە، «موز تېزەكلەر باتۇر»، «بورانچى باتۇر» لار ھېلىقى كىچىك ئىتنىڭ يوغان بىر ئىتنى تالىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. شاھزادە:

قىزى بىلەن تونۇشۇشقا بەل باغلاپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىر نەچچە كۈن سەپەر تەييارلىقى قىلىپ، يەتتە خېچىرغا ئوزۇق-تۈلۈك، ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى يۈكلەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، سەككىز كۈن بولغاندا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بازاردىكى كىشىلەردىن تىنىڭ تىڭلاپ كۆرسە، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىرمۇ قىزى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئاسىم بۇ شەھەردىن چىقىپ يەنە بىر شەھەرگە قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر يېزىنىڭ تار كوچىسىدا كېتىۋاتسا، يول بويىدىكى چوڭ كۆلنىڭ ئىچىدىن «غالدۇر—غۇلدۇر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە خېچىرنى كۆل تەرەپكە ھەيدەپ، كۆل ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، قورسىقى ئۆيدەك، پۇتلىرى تۈۋرۈكتەك بىر ئادەم كاللىسىنى ئاستىن، پۇتلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ، كاللىسى بىلەن مۇز تېپىلىۋاتقۇدەك. شاھزادە ئاسىم ئۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن:

— ھەي قانداق ئادەمسەن؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ بېشىڭ بىلەن مۇز تېپىلىپ نېمە قىلغىنىڭ ئۇ؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ:

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ كۆل بويىدىكى ئاسىمغا قاراپ، — «مۇز تېزەكلەر باتۇر» دەپ ئاڭلىغانمىدىڭ؟ مەن شۇ، سەن قەيەردىن كەلدىڭ، نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مەن ئۆزۈمگە لايىق ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. ماڭا ھەمراھ بولساڭچۇ؟ — دەپتۇ ئاسىم ھېلىقى ئادەمگە.

— بوپتۇ، سەن شاھزادە بولغىنىڭ ئۈچۈن ھەمراھ بولسام بولاي، — دەپتۇ ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

ئۇ ئادەم كۆلدىن چىقىپ، خېچىردىن بىرىگە مىنىپتۇ. ئۇلار

سېپىلنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ كېچىنى تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئۇلار ئاش ۋاقتى بولغاندا رەستە ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ.

— بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئەرگە بەرگۈدەك قىزى بارمىدۇ؟ — دەپتۇ مۇز تېزەكلەر باتۇر تاماق يېگەچ.

— باردۇر بەلكىم، — دەپتۇ ئىستىۋاز شاھزادە ئاسىمغا قاراپ، — بولماي قالسا سىزدەك كېلىشكەن شاھزادىگە پادىشاھ قىزى تېپىلماي قالامتى؟...

ئاشخانىدا ئولتۇرغان بىر تۇل خوتۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇ شەھەر پادىشاھى ئامانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قايسى بىر شەھەر پادىشاھىنىڭ كېلىشكەن ئوغلى ئۆزىگە لايىق ئىزدەپ كەلگەنىكەن، مەن ئۇلارغا قىزلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلدىم ۋە ئۇلارنى باشلاپ كەلدىم شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يولدا كېلىۋاتىدۇ...

ئامان شاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خەزىنىچىنى چاقىرتىپ تۇل - خوتۇنغا ئالتۇن مۇكاپات بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئامان شاھ شاھزادە ئاسىمنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرۋازا ئالدىدا يۈز كۆرۈشۈپتۇ. ئامان شاھ شاھزادە ئاسىمنى ھەمدە ھەمراھلىرىنى سارايغا باشلاپ كاتتا مېھمان قىپتۇ ۋە بۇ بەشەيلەننى ئالاھىدە ھوجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئۇلار بىر ھەپتىگىچە ئارام ئېلىپ شەھەر ئايلىنىپ، كۆڭۈل ئېچىپتۇ. بىر كۈنى ئامان شاھ شاھزادە ئاسىمنى قېشىغا چاقىرتىپ:

— سىز مېنىڭ قىزىم زۆھرەگە ئۆيلەنمەكچى بولۇپ كەپسىز، ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن يىگىتلەر قىزىمغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن كەلگەن، لېكىن شەرتلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئورۇنلىيالماي كاللىسىدىن ئايرىلدى، سىزنىڭ ئىرادىڭىز چىڭ بولمىسا شۇنچە يىراق شەھەردىن كەلمە-

— ئۇستاز نوچى، ماڭا ھەمراھ بولساڭچۇ، شەھەر چۆگىلەپ كېلىمىز، — دەپتۇ. ئۇستاز تەسلىكتە ماقۇل بوپتۇ ۋە خېچىردىن بىرىگە مىنىپتۇ. تۆتەيلەن يولغا راۋان بولۇپ، بىر كۈندىن كېيىن بىر كىچىك مەھەللىگە كەپتۇ.

— ھوي، قاراڭلار! — دەپتۇ ئۇستاز ھەمراھلارغا نېرىراقتا ئاسمانغا ياچاق نىشانلاپ تۇرغان ئادەمنى كۆرسىتىپ، — ئۇ ئادەم نېمە قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ؟

ئۇ دۇنيادا ئىككى سەت بولسا بىرى ئىكەنكى، ئۇنىڭ كۆزى جىنتاق، سول كۆزى قارىغۇ، بىر پۇتى توكۇر، بىر قولىقى يوق ئىكەن.

— ھەي ئادەم، بىز ساڭا قاراپ تۇرغىلى نېۋاق، ئاسمانغىلا قاراپ تۇرىسەن، بىزگە قاراپمۇ قويمايسىنا، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— بىر يېرىم كۈنلۈك يەراقلىقتا بىر توپ ياۋا ئۆردەك ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. — مەن شۇ ئۆردەكلەرنى ئېتىپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن نىشانغا ئېلىۋاتىمەن. سىلەر «نىيازياچاقچى» دەپ ئاڭلىغانمۇ، مەن شۇ نىياز ياچاقچىدۇرمەن.

— بىزگە ھەمراھ بولامسەن؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— نان يېمىگىلى ئىككى كۈن بولدى، يا بۇ يەردىن بىرەر ئۇچار قانات ئۆتمىدى، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويغىن، ئاندىن ھەمراھ بولاي، — دەپتۇ ياچاقچى.

ئۇلار بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ دەم ئالغاچ، خورجۇندىكى ياغلىق توقاچلاردىن تويغۇچە يېيىشىپتۇ. ئاندىن يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتە — ئۆتمەي، شاھزادە ئېلىپ كەلگەن ئوزۇقلۇقلار تۈگەپتۇ. شۇڭا ئۇلار شەھەرگە كېلىپ بولغۇچە بىر يېرىم كۈن ئاچ قاپتۇ. ئۇلار كەچ كىرگەندە بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە خېچىرلارغا يۈكلەكلىك ئالتۇن — كۈمۈشلەردىن سېتىپ، بىر ئاشخانىغا كىرىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ،

سىڭنىڭ پۇت - قولى تېخىمۇ تىترەشكە باشلاپتۇ...

ئۇلار ئىشقا كىرىشىپتۇ. تاغارلارغا لىق سامان قاچىلاپ، خېچىرلارغا ئارتىپ توشۇشقا باشلاپتۇ. كۈن پېشىن بولغاندا شاھزادە ئاسىم:

— ۋايجان، مەن بولالمىدىم، مۇشۇنداق توشۇساق يەتتە كۈن تۈگۈل يەتتە ئايدىمۇ بۇ خاماندىكى ساماننى يۆتكەپ بولالمىغۇدەكمىز، دوستلىرىم، سىلەر كېتىڭلار، مەن ئۆلسەممۇ ئۆلەي!...

— نېمە دەۋاتىسەن؟! — دەپتۇ بورانچى باتۇر ۋارقىراپ، — مەن سىلەرنىڭ قانچىلىك غەيرەتىڭلار بارلىقىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ھۈنىرىمنى تېخى ئىشقا سالمىدىم. مەن بىكارغا «بورانچى باتۇر» دەپ نام ئالغان ئەمەس. كارامىتىمنى ئەمدى كۆرۈڭلار!...

بورانچى باتۇر شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا، پېشانىسىنى چوڭ بىر كۆتەككە تىرەپ بىر ئىنجىقلاپتىكەن، دەھشەتلىك بوران چىقىپ كېتىپتۇ. گۇركىرەپ چىققان بوران بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە خاماندىكى سامانلارنى يىگىرمە بىر كۈنلۈك يىراقلىققا ئاپىرىۋېتىپتۇ. بورانچى باتۇرنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن شاھزادە ئاسىم قاتارلىقلار خۇشاللىقىدىن ئۆزلىرىنى باسالماي بورانچى باتۇرغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ئۇلار شەھەرگە قايتىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. باشقىلار ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئاسىم دەرھال ئامان شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— بىرىنچى شەرتلىرىنى ئورۇندىدىم، — دەپتۇ ئاسىم ئامان شاھقا، — ئىككىنچى شەرتلىرى نېمىكىن؟

— ئالدىرىماڭ، — دەپتۇ ئامان شاھ، — ئاۋۋال راست ئورۇندىدىڭىزمۇ - يالغانمۇ، تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

ئامان شاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر قانچە ۋەزىر ھېلىقى

گەن بولاتتىڭىز. ئىلگىرى كەلگەن يىگىتلەر ئورۇنلىيالمىغان تۆت شەرتىم بار، سىز شۇ شەرتلىرىمنى ئورۇندىيالىسىڭىز ئاندىن قىزىمنى سىزگە بېرىمەن، ئورۇندىيالمىسىڭىز كاللىڭىزدىن ئاي-رىلىسىز، — دەپتۇ.

ئامان شاھنىڭ زۆھرە ئىسىملىك قىزى جاھاندا تەڭدىشى يوق چىرايلىق ئىكەن، شاھزادە ئاسىم ئۇ قىزنىڭ تەرىپىنى باش-قىلاردىن ئاڭلاپ، قىزنى كۆرمەيلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ. شۇڭا ئاسىم دەرھال:

— شاھ دادا، شەرتلىرىڭىزنى ئورۇنداشقا تەييارمەن، ئەگەر ئو-رۇندىيالمىسام زۆھرە ئۈچۈن ئۆلسەم رازىمەن! — دەپتۇ.

— ئەمىسە، شەرتنىڭ بىرىنچىسى، — دەپتۇ ئامان شاھ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، — شەھىرىمنىڭ سىرتىدا توققۇز مو كېلىدى-دىغان بىر چوڭ خامان بار، خامانغا دۆۋىلەكلىك سامانلارنى يەتتە كۈندە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاڭگالغا يۆتكەيسىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ قورققىنىدىن چىرايى تاتىرىپ، سوغۇق تەر بېسىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى تىترەشكە باش-لاپتۇ. لېكىن ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— شەرتلىرىڭىزنى ئورۇندايمەن، شاھ دادا! — دەپ ئارقىسىغا يانغان پېتى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاران تەستە ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ-دە، ئۆزىنى گىلەمگە تاشلاپتۇ. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى: «ھەم-راھلىرىمنى باشلاپ بېرىپ ئىشقا تۇتۇش قىلاي...» دەپتۇ ۋە ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئاسىمنىڭ تەكلىپى بويىچە خېچىر-لارغا تاغار، ئارى قاتارلىق سايمانلارنى ئارتىپتۇ-دە، شە-ھەر سىرتىدىكى خامانغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار خامانغا كېلىپ قارىسا، دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھەددى-ھېسابسىز سامان خۇددى ئېگىز تاغدەك تۇرارمىش. شاھزادە ئا-

كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ئىت سېمىز ھەم يوغان، قۇيرۇقى ئۇزۇن ئىكەن. ئىتنى كۆرگەنلەر «ياپىر، نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق ئىت!...» دېيىشىپتۇ. ئارقىدىنلا ئىتۋاز شاھزادە ئاسىم، مۇز تېزەكلەر باتۇر، بورانچى باتۇر، نىياز ياچاقچىلارنى باشلاپ. كىچىككىنە ئىتىنى ئادەمنىڭ پاچىقىدەك زەنجىردە باغلىغان پېتى مەيدانغا كېپتۇ. مەيداندىكى ئادەملەر بۇ ئىتنى كۆرۈش بىلەن سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ. ئامان شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى:

— باشلانسۇن! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئىككى ئىت تەڭ قويۇپ بېرىلىپتۇ. مەيداندىكى ئادەملەر بىردىنلا جىم-جىت بولۇشۇپتۇ. ئامان شاھنىڭ ئىتى ھەيۋەت بىلەن داپشۇنۇپ كەپتۇ. ئىتۋازنىڭ كىچىك ئىتى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئامان شاھنىڭ ئىتىنىڭ يېنىدا كۆرۈنۈپتۇ. «ئېيتماق ئاسان. قىلماق تېز» دېگەندەك، ئىتۋازنىڭ ئىتى ھېلىقى چوڭ ئىتنىڭ ئارقا ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا كىرگەندەك قىپتىكەن، ئامان شاھنىڭ ئىتى چىقىرىغان پېتى يىقىلىپتۇ ۋە نەچچە يۇمۇلىنىپتۇ، ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. مەيداندىكى ئادەملەرچۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ئىتۋازنىڭ ئىتىنى ماختاپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئامان شاھنىڭ ئىتى جەمدە بولۇپ يېتىپتۇ. ئىتۋاز بېرىپ ئىتىنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىۋاپتۇ. مەيداندىكى ئادەملەر قارىغۇدەك بولسا، ئامان شاھنىڭ ئىتى جان ئۈزگەنىكەن.

ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئامان شاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

— ئۈچىنچى شەرتىم، — دەپتۇ ئامان شاھ ئاسمىغا قاراپ، — سىزنى ھەمراھلىرىڭىز بىلەن قوشۇپ كاتتا مېھمان قىلىشتىن ئىبارەت. سىلەرنى بىر مېھمانخانىغا باشلاپ، ئالدىڭلارغا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرىمىز. سىلەر ئىككى كېچە - كۈندۈزدە يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممى-

خامانغا بېرىپتۇ، ئۇلار قارىسا خاماندا بىر تالمۇ سامان يوقمىش. ئۇلار دەرھال قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئامان شاھقا مەلۇم قىپتۇ. ئامان شاھ:

— ئىككىنچى شەرتىم، مېنىڭ بىر چوڭ ئىتىم بار، ئۇنى بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھېچقانداق ئىت تالىۋالالمىغان. سىز بىر ئىت تېپىپ كېلىسىز، ئىككى ئىتنى تالاشتۇرىمىز. مېنىڭ ئىتىمنى سىز ئەكەلگەن ئىت تالىۋالالىسا، ئاندىن ئىككىنچى شەرتىمنى ئورۇندىغان بولىسىز، — دەپتۇ.

— خوپ، شاھ دادا، — دەپتۇ شاھزادە ئاسىم ۋە قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى ھەمراھلىرىغا ئېيتىپتۇ.

— بۇ شەرتنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ ئىتۋاز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئىتىمنى ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئىت تالىيالمىغان. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىتىنى جەزمەن تالىۋالىدۇ.

— باشقا بىر چوڭراق ئىت تاپساق بولارمىكىن، سىزنىڭ ئىتىڭىز مۈشۈكتەك تۇرسا، پادىشاھنىڭ ئىتىغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ — دەپتۇ شاھزادە ئاسىم.

— سەن بىلمەيسەن، — دەپتۇ ئىتۋاز، — مېنىڭ ئىتىمنىڭ بىر پېنى باركى، ئۇ ئاشۇ پېنىنى ئىشلىتىپ شىرنىمۇ تالىۋالالايدۇ.

ئۇلار ئىتۋازنىڭ گېپىگە كىرىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن شەھەر سىرتىدىكى چوڭ بىر مەيدانغا سان-ساناقسىز ئادەملەر توپلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «پادىشاھنىڭ ئىتى بىلەن مۈشۈكچىلىك بىر ئىتنى تالاشتۇرارمىش، پادىشاھنىڭ ئىتى ئۇنداق كۈچۈكنى يەپلا كېتىدۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: «ياق، ئۇنداق دەپ قويغان بىلەن ئىتۋازنىڭ ئىتىمۇ كىچىك ئەمەستۇ....» دېيىشىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئىتى سورۇنغا

يەپ تۈگىتىۋەتسەك يەنە بىر كېچە - كۈندۈزگىچە قورسىقىڭلار ئاچ قالىدۇ...

— ھوي، مۇنداق گەپ بارمۇ تېخى؟ — دەپتۇ ئىنتىۋاز خۇشال بولۇپ. — بولدى، بىزنىڭ نەچچە كۈنگىچە قورسىقىمىز ئاچمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار بۇ نەرسىلەرنى تۈگىتىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭلار، بىز سىلەردىن ئۆلگىچە خۇشال بولاتتۇق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇز تېزەكلەر باتۇر بىلەن بورانچى باتۇر - بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپتۇ - دە، گۆش - نان، يەل - يېمىشلەرنى دەم تارتىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ...

كەچ بوپتۇ، مۇز تېزەكلەر باتۇر، بورانچى باتۇردىن باشقا ئۆچەيلەن يېگەن نەرسىلىرىنى سىڭدۈرەلمەي خام كېكىرىپ يېتىپتۇ. تاڭ ئېتىشقا يېقىن ھېلىقى ئىككىيلەن ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ بۇپتۇ. چۈش بولغاندا شاھزادە ئاسىم، ئىنتىۋاز، ياچاقچىلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا ئۆيدىكى يەيدىغان نەرسىلەر يوق تۇرغۇدەك. بۇ ئۆچەيلەننىڭ كەچ بولۇپ بولغۇچە قورساقلىرى ئېچىپ، ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كېتەپتۇ، ئۇلار قوللىرىغا تۆگە، كالىلارنىڭ يوغان سۆڭەكلىرىنى ئېلىپ، يايىلارنىڭ ئىشىكنى ئېچىشىنى كۈتۈپتۇ. كەچ كىرىپتىكەن، مۆھلەت توشۇپتۇ. يايىلار ئىشىكنى شۇنداق ئېچىشىغا ھېلىقى قورسىقى ئېچىپ چىدىيالمىغان ئۆچەيلەن قوللىرىدىكى يوغان سۆڭەكلەر بىلەن يايىلارنى ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ...

— ھاي - ھاي ... ئۇنداق قىلماڭلار، بىزنى بىكارغا ئۇرماڭلار، — دەپتۇ يايىلار.

— سەنلەر بىزنى مېھمان قىلىمىز دەپ بۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئاچ قويۇشتۇڭ، بىز ئاچلىقتىن ئۆلگىلى تاس قالدۇق، — دەپتۇ ھېلىقى ئۆچەيلەن تەڭ ۋارقىراپ.

-سىنى يەپ بولالىساڭلار، ئاندىن بۇ شەرتىمنى ئورۇندىغان بولىسىز.

— خوپ شاھ دادا، — دەپتۇ شاھزادە ئاسىم ۋە قايتىپ كېتىپ، ئەتىسى ھەمراھلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋەزىرلەر بۇ بەش كىشىنى يەتتە گەز ئېگىزلىكتىكى تۆمۈر ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۇلار تۆمۈر ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، ئۆينىڭ ئىچى تۆگە، ئات، كالا، قوتاز، قوي قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى ۋە كۆمەچ، قويماق، كاكچا، تومنان، قېتىق ۋە يەل-يېمىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ بولۇشى يايىلار ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلىۋاپتۇ. ئۇلار يېمەكلىكلەرنىڭ جىقلىقىدا ئولتۇرغۇدەك يەر تاپالماي، ئۆرە تۇرغان پېتى نەرسىلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار سولانغان تۆمۈر ئۆينىڭ يا دېرىزىسى، يا تۈڭلۈكى يوقكەن. پەقەتلا ئۈستى تەرەپتىن يورۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۈگمىدەك-تۈگمىدەك تۆشۈكچىلەر ئېچىپ قويۇلغان ئىكەن.

— ئاھ، خۇدا، — دەپتۇ شاھزادە ئاسىم، — بۇ نېمىدېگەن قاتتىق شەرت؟ بۇ نەرسىلەرنى قانداقمۇ ئىككى كېچە-كۈندۈزدە يەپ تۈگەتكىلى بولسۇن؟ ئەمدى كاللامدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم...

— ئەمدى، — دەپتۇ نىيار ياچاقچى جىتاق كۆزىنى قىسىپ، — بۇ شاھزادە بىلەن قوشۇپ بىزلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى-دە!

ئارىدىن بىر كېچە-كۈندۈز ئۆتۈپتۇ، ئۇلار ھەرقانچە يەپمۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئون ھەسسىسىنىڭ بىرىنىمۇ يەپ بولالماپتۇ. ئاخىرى شاھزادە ئاسىم بىلەن نىياز ياچاقچى يىغلاشقا باشلاپتۇ...

— ھوي، سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپتۇ بورانچى باتۇر بىلەن مۇز تېزەكلەر باتۇر، — ئۈچۈڭلارنى ئاچ قالمىسۇن دەپ بىز ئىككىمىز بىر نەرسە يېمىدۇق. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى بىز

— ۋايجان - ۋايجان! ... — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ شاھزادە ئاسىم. — ئۆي بەك قىزىپ كەتتىغۇ بۇ نېمە ئىش؟...

شاھزادە ئاسىمنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇز تېزەكلەر باتۇردىن باشقا تۆتەيلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئاللا - تۇۋا قىچقىرىپ يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار قارىسا مۇز تېزەكلەر باتۇر بىر بۇرجەكتە خىيالىي ئولتۇرغۇدەك. تۆتەيلەن يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىككى دولىسىغا چىقىۋاپتۇ. مۇز تېزەكلەر باتۇر ئورنىدىن بىر تۇرۇپتىكەن، «گۈلدۈر - گۈلۈپ» قىلىپ، ھەممىسى ئۆكتەي - تۈكتەي يىقىلىپتۇ...

— ئۆلدۈم - ئۆلدۈم...

— ئاھ خۇدا، ئاھ ۋايجان...

— ۋايجان - ۋايىيەي، ۋايجان...

— ھەي، نېمە بولۇشتۇڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان مۇز تېزەكلەر باتۇر، — نېمانداق جىم تۇرۇشالمايسەن؟...

ئۇنىڭ گېپىنى ھېلىقى تۆتەيلەن ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ جېنى بىلەن قالدىمۇ، ھېچقايسىسى ئۈندىمەپتۇ. مۇز تېزەكلەر باتۇر شۇنداق قارىسا ئۆينىڭ بىر تەرىپى قىزىرىپ قاپتۇ. ھېلىقى تۆتەيلەن قەيەرگە دەسسىسە تۈتۈن چىقارمىش... بۇ ھالنى كۆرگەن مۇز تېزەكلەر باتۇر ئەھۋالنىڭ تېگىنى چۈشىنىۋاپتۇ - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كاللىسىنى بۆلۈكغا تاقاپتۇ. ئاندىن «يا پىرىم!» دەپ ئىنجىقلاپتىكەن، ئارقا تەرىپىدىن تاۋۇزدەك كاللىدەك مۇزلار پارتلاپ چىققىلى تۇرۇپتۇ. بىر دەمدىلا ئۆينىڭ ئىچى مۇز بىلەن تولۇشۇپتۇ. ھېلىقى تۆتەيلەن دەسلەپتە خۇشال بولۇشۇپتۇ، كېيىن توڭلىغىنىدىن دىر - دىر تىترىشىپ جىم ئولتۇرالماپتۇ. تۆمۈر ئۆينىڭ سۇ ئۆتكۈدەكمۇ

بۇ ئەھۋالدىن ئامان شاھ خەۋەر تېپىپ، قويۇقى چېچى تىك تۇ-رۇپتۇ — دە، ئۆزىنى باسالماي قاپتۇ.

— مېنىڭ، — دەپتۇ ئامان شاھ ۋەزىرلىرىگە، — قىزىمنى ئۇنداق يىراق شەھەرگە ئەرگە بەرگۈم يوق، ئاسىم دېگەن بالا كەلگەندە ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېتەي دېگەنىدىم، ئۇنداق قىلسام دادىسى ئاڭلىسا مەندىن خاپا بولار دەپ ئويلىدىم - دە، شەرتنى تازا ئېغىر قويسام ئورۇنلىيالمايدۇ، ئاندىن ئۆزى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇلار شۇنچە ئېغىر شەرتلىرىمنى ئورۇنلىدى. ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇرتلىرىغا قايتىشتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىمەن. سىلەر بېرىپ ئۇلارغا: «پادىشاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەرتى قالدى، سىلەر بىر قېتىم تاماق يېگەنچە ھېلىقى يەتتە گەز ئېگىز-لىكتىكى تۆمۈر ئۆيدە بىر كېچە - كۈندۈز سىرتقا چىقماي ياتسىلەر، ئاندىن شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىغان بولىسىلەر» دەڭلار. ئۇلار تۆمۈر ئۆيگە كىرىپ بولغاندا شەھەر خەلقىنى يىغىپ يەتتە گەز ئېگىزلىكتىكى ئۆينىڭ ئەتىراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەيمىز - دە، ئوت قويۇۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام - ۋەسسالام...

ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە، شاھزادە ئاسىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ھېلىقى تۆمۈر ئۆيگە يەنە باشلاپتۇ ۋە ئىشىكىنى سىرتىدىن مەھكەم قۇلۇپلىۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە شەھەر خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ، ئات - ئۇلاقلارنى ئىشقا سېلىپ بىركۈندە تۆمۈر ئۆينىڭ ئەتراپىغا ھەددى - ھېسابسىز ئوتۇن دۆۋى-لەپتۇ، ۋەزىرلەر ئوتۇنغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ....

ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەر «ئىشىكنى ئانا ئاچار، ھېلى ئاچار» دېيى-شىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئولتۇرۇپ - ئولتۇرۇپ، ئاخىرى ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئوت ئۇلغىيىپ تۆمۈر ئۆينىڭ ئاستى تەرىپىنى قىزىتىشقا باشلاپتۇ.

ئورۇنلىسا. ئاندىن بۇ بىر جۈپ ياشنى ھەقىقەتەنمۇ خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلايلى. شەرتىمىزنى ئورۇندىيالمىسا، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسەك بولارمىكىن...

پادىشاھ بۇ گەپكە قوشۇلۇپتۇ ۋە شاھزادە ئاسىمنى چاقىرتىپ:

— ئوغلۇم، سەن مېنىڭ تۆت شەرتىمنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىدىڭ. مەن قىزىم زۆھرە بىلەن توي قىلىشىڭغا رازى، — دەپتۇ. بۇ چاغدا زۆھرە پادىشاھنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئۇ شاھزادە ئاسىمنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ. شاھزادە ئاسىممۇ زۆھرەنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قاپتۇ. بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئامان شاھ:

— قىزىم زۆھرە، سەن ئاسىم بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

زۆھرە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە:

— دادا، مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، ئورۇندىيالىسا رازى بولىمەن، — دەپتۇ.

قىز ئاسىمغا شەرتنى ئېيتىپتۇ. شەرتنى ئاڭلىغان شاھزادە ئاسىم يۈرىكى پوكۇلدىغان پېتى ھوجرىسىغا قايتىپتۇ ۋە ھېلىقى تۆت ھەمراھىنى بىر يەرگە جەم قىپتۇ.

— ھەمراھلىرىم، — دەپتۇ شاھزادە، — ئەمدى ئامان شاھ ئىختىيارنى قىزى زۆھرەگە قويغانىدى. زۆھرە يەنە بىر شەرتنى قويدى، بۇ شەرتنى قانداقمۇ ئورۇندىغىلى بولار؟...

— قانداق شەرتكەن ئۇ؟ — سوراپتۇ تۆتەيلەن تەڭلا.

ئاسىم ناھايىتى پەرىشانلىق ئىچىدە:

— زۆھرە يەتتە كەپتەرنى ئاسمانغا تەڭ قويۇپ بېرىدىكەن. ئۇ يەتتە كەپتەرنى بەر قېتىم ياچاق ئېتىش بىلەن يەرگە چۈشۈرە-

تۆشۈكى ـ يوچۇقى بولمىغاچقا، بىردەمدىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى موزلار ئېرىپ، ئۆي سۇغا توشۇپتۇ. ئۇلار سۇدا قاپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپتىكەن، سۇ قىزىپ قاپتۇ. موز تېزەكلەر باتۇردىن باشقا تۆتەيلەن يەنە ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. موز تېزەكلەر باتۇر بايىقىدەك كاراماتىنى يەنە ئىشقا سېلىپ سۇنى سۈۋۈتۈپتۇ...

كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئېتىپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى تۆمۈر ئۆيدىكى بەشەيلەننى «كۆيۈپ بولغاندۇ» دېيىشىپ، تۆمۈر ئۆينىڭ ئىشىكىنى شۇنداق ئاچقانىكەن، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىققان سۇ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر، يايىلىرىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئازگالدىن ئېلىپ كېلىنىپتۇ. زەخمىلەنگەن بەدەنلىرىنى ئەمچى ئەملەپتۇ. پادىشاھ بىر ھەپتىگىچە قىمىر قىلماي يېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرى ۋە مەسلىھەتچىسىنى چاقىرتىپ، قىزى زۆھرەنى شاھزادە ئاسىمغا بېرىش ـ بەرمەسلىك ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ قېرى مەسلىھەتچى، — بىز ئۇلارغا شۇنچە ئېغىر شەرتلەرنى قويدۇق، ئۇلار تولۇق ئورۇندىدى. مېنىڭچە، ئىززالىرى زۆھرە بىلەن شاھزادە ئاسىم خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر بولسا كېرەك، شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ پىلانىمىزمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. مېنىڭچە...

ئامان شاھ مەسلىھەتچىسىنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سۆزلەڭ، سۆزلەۋېرىڭ! — دەپتۇ.

— مېنىڭچە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ قېرى مەسلىھەتچى، — شاھزادە ئاسىم بىلەن قىزلىرى زۆھرەنىڭ تويىنى قىلىپ قويساقمىكىن

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — توي قىلىشتىن بۇرۇن بىر شەرت قويايلى، شەرتىمىزنى يەنە

مەسلىھەتچى ۋە ئۇ ئوڭ قول ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، قايتا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— دىمەك، — دەپتۇ قېرى مەسلىھەتچى، — زۆھرە بىلەن شاھزادە ئاسىمنىڭ ئەسلىدىن رىسقى چېتىلغان. شۇڭا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇلارغا قويۇلغان شەرتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاسانلا ئورۇندالدى. بۇ ئىككى ياشنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويساق، پادىشاھىم...

پادىشاھ قايىل بوپتۇ. ئۇ شاھزادە ئاسىم ۋە ئۇنىڭ تۆت ھەمراھىنى چاقىرىپ، ئۇلارنى قايتىدىن كاتتا مېھمان قىپتۇ. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە توي تەييارلىقى پۈتۈپتۇ. ئامان شاھ 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، قىزى زۆھرەنى شاھزادە ئاسىمغا بېرىپتۇ. شاھزادە ئاسىم قېيىن ئاتىسى ئامان شاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۈچ كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى تۆت ھەمراھىنى ئېلىپ شەھىرىگە قايتىپتۇ.

ئاسىم قاتارلىق ئالتەيلەن ئالدىدا 40 كېنىزەك، ئارقىسىدا 40 كېنىزەك ماڭغان ھالدا، ئۆز شەھىرىگە داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى ياڭراتقان پېتى كىرىپ كەپتۇ. كىشىلەر شاھزادە ئاسىمنىڭ باشقا شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ خۇش خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئوغلىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆز شەھىرىدە يەنە ئۇلارغا 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

تويدىن كېيىن مۇزتېزەكلەر باتۇر، بورانچى باتۇر، ئىنتىۋاز، نىياز ياچاقچىلار شاھزادە ئاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خوش، ئوكا، ئەمدى بىز يۇرتىمىزغا قايتايلى، — دەپ كەتمەكچى بوپتىكەن، شاھزادە ئاسىم دادىسىغا ئېيتىپ بۇ تۆت ھەمراھىنى بىر مۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئالاھىدە تارتۇقلاپ، ئۇلارغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىپتۇ.

— ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش يېزىسىدىن ئوبۇلقاسىم دورمەت

لىسەك. شەرتىنى ئورۇندىغان بولىمىزكەن، — دەپتۇ.

تۆتەيلەن بىر-بىرىگە قارىشىپتۇ. نىياز ياچاقچىدىن باشقىلار غۇلغۇلا قىلىشىپ، بۇ شەرتنى ئورۇندىغىلى بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپتۇ.

— شۇ شەرتنىمۇ ئورۇندىغىلى بولامدىكەن؟ — دەپتۇ نىيازياچاقچى دەس تۇرۇپ، — غەم قىلماڭ شاھزادە، مەن سىزگە بىكارغا ھەمراھ بولمىغان. ھېلىقى يەتتە كەپتەر ئىكەن، 17 ياۋا غازنىمۇ بىر ياچاق ئاتقانچە يەرگە چۈشۈرگەن ئادەممەن......

ئەتىسى شەھەر سىرتىدىكى مەيدانغا نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىپتۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە زۆھرە يەتتە كەپتەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. كەپتەرلەر قانات قېقىشىپ ئۆرلەپ ئۇچقانچە يىراقلاپ كېتىپتۇ. مەيداندىكى ئادەملەر بىر چەتتە جىرتاق كۆزىنى قىسىپ تۇرغان نىياز ياچاقچىغا قاراپ كۈلۈشكىلى تۇرۇپتۇ.

— ئېتىپ چۈشۈرەلمەيدۇ...

— ھەرگىزمۇ ئېتىپ چۈشۈرەلمەيدۇ، قانداقمۇ بىر ئوق بىلەن يەتتە كەپتەرنى يەرگە چۈشۈرگىلى بولسۇن.

. . . . . . . . . . .

ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، كەپتەرلەر چۆگىلەپ قايتىپ كەپتۇ. مەيداندىكى ئادەملەر يەنە سۈرەن-چۇقان سېلىشىپتۇ. كەپتەرلەر يېقىنلاپ كەلگەندە ئادەملەر جىم بولۇشۇپتۇ. بىر پۈتىنى چوڭ تاشقا ئېلىپ، ياچىقىنىڭ كىرىچىنى راسا تارتىپ تۇرغان نىياز ھەممەيلەننى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ. كەپتەرلەر ئۈستىگە كەلگەندە نىياز ياچىقىنىڭ كىرىچىنى قويۇۋەتكەنىكەن، «پالاق-پالاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كەپتەرلەرنىڭ ھەممىسى زۆھرەنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ جان ئۈزۈپتۇ......

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئامان شاھ ھېلىقى قېرى

ھاقارەتلەپ، ئەرز قىلىش ئۈچۈن تېۋىپنى سۈرەپتۇ. تېۋىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرسە، شاگىرتى:

— سىلە ئۈتكەندە ئاتقۇچىنىڭ قورساق ئاغرىقىغا ئىككى سەر سۇ ماي بۇيرۇغان ئىدىڭىز، ماينى ئىچىپ ئاتقۇچىنىڭ قورساق ئاغرىقى ساقايغانىدى. شۇڭا مەن جۇۋازچىغىمۇ ئىككى سەر سۇماي ئىچىشنى بويرۇغانىدىم،— دەپتۇ.

— ئاتقۇچىنىڭ قورسىقى ئاغرىشتىكى سەۋەب،— دەپتۇ تېۋىپ شاگىرتىغا،— ئۇ ئاتقۇچى بولغاچقا دائىم چاڭ-توزانلار ئارىسىدا ئىشلەيدۇ، ئىچكى ئەزالىرىغا توپا-چاڭ ئورناپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىغان. مەن شۇ ۋەجىدىن سۇ ماي ئىچىشنى بۇيرۇغان. ئەمما جۇۋازچى دائىم ماي بىلەن ھەپىلەشكەچكە، ئىچكى ئەزالىرىغا ياغنىڭ بۇسلىرى ئورناپ كەتكەن، ئۇنىڭغا سېغىز يېيىشنى بۇيرۇش لازىم ئىدى. چۈنكى سېغىز ئادەم بەدىنىدىكى ماينىڭ دۇغ-بۇسلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. بىراق سەن جۇۋازچىغا دورىنى خاتا بۇيرۇغان....

شۇندىن كېيىن خەلق ئىچىدە «چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر» دەپ ماقال تارقىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى، خوتەن ناھىيە بوزاق يېزىسىدىن ئابدۇللا مەتقۇربان.

## چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر

مەلۇم شەھەردە بىر ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىكەن. شاگىرت دائىم ئۇستازىنىڭ كېسەل كۆرۈپ دورا بۇيرۇشىغا زەڭ قويۇپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بىر ئاتقۇچىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ، تېۋىپنىڭ قېشىغا كەپتۇ. تېۋىپ ئۇ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىككى سەر سۇماي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. ئاتقۇچى تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىككى سەر سۇماي ئىچىپتۇ. سۇماي ئاتقۇچىنىڭ ئىچىنى سۈرۈپ، ئىچىگە ئورنىشىپ كەتكەن چاڭ - توزانلارنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ.

ئاردىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. تېۋىپ شاگىرتىنى ئۆيىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويۇپ، ئۆزى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى بىر جۇۋازچىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ تېۋىپنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. تېۋىپنىڭ شاگىرتى جۇۋازچىغا ئىككى سەر سۇماي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. جۇۋازچى ئىككى سەر سۇمايىنى ئىچكەنىكەن، بىرنەچچە كۈنگىچە ئىچى توختىماي سۈرۈپ، ھالىدىن كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا تېۋىپ تاغدىن قايتىپ كەپتۇ. جۇۋازچىنىڭ خوتۇنى تېۋىپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى ئاغزىغا كەلگىنىچە

كۆلله‌رنىڭ بىرىدە ھېلىقى مۈشۈك يەم ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئاچ بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. مۈشۈك ئۆلە تىرىلمىشكە قارىماي قېچىپ ئېگىز بىر قارىغاينىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ. بۆرە قارىغاينىڭ ئاستىدا ساقلا-ساقلا ئاخىرى كېتىپ قاپتۇ. مۈشۈك دەرەختىن ئالدىراپ - تېنەپ چۈشۈپ ئۇدۇل بوۋاينىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ.

— ۋاي، جېنىم بوۋا، — دەپتۇ ئۇ بوۋايغا يالۋۇرۇپ، — باشقىلار ماڭا ئارامچىلىق بەرمەيۋاتىدۇ. مېنى ئەڭ چوڭ، ئەڭ باتۇر ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويسىڭىز، ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايتتىم.

بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ:

— ماقۇل، مەن سېنى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى، ئەڭ نوچىسى بولغان يولۋاس قىلىپ قوياي. لېكىن شەرتىم شۇكى، يولۋاس بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتىسەن، كىچىك ھايۋانلارنى بوزەك قىلمايسەن، بارلىق ھايۋانلار بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتىسەن، — دەپتۇ.

— چوقۇم ئېيتقىنىڭىز بويىچە ئىش كۆرىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ بوۋا. — دەپتۇ مۈشۈك خۇشاللىقىدا.

بوۋاي ھاسىسىنى ئۈچ نۆۋەت ئايلاندۇرغانىكەن، مۈشۈك بىردىنلا سىرلىق يولۋاسقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بوۋايغا تازىم قىپ-تۇ-دە، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. يولۋاس دەسلەپتە بىرنەچچە كۈن يۇۋاش، ئەدەبلىك يۈرۈپتۇ. بارا-بارا ھەددىدىن ئېشىپ باشقا ھايۋانلارنى بوزەك قىلىپ، ھەر تەرەپكە قوغلاپ - سۈرۈپ ئارام بەرمەپتۇ. بىر كۈنى پۈتۈن ھايۋانلار يىغىلىپ بوۋايغا ئەرز قىپتۇ. بوۋاي يولۋاسقا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ، يولۋاسنى ئىزدەپ، ئۇنى مىڭ تەستە ئېگىز قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ، گۆش يەپ ياتقان يېرىدىن تېپىپتۇ. ھايۋانلارمۇ بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپتۇ.

## چاشقاننىڭ ئاقىۋىتى

قەدىمكى زاماندا بىر ئورمانلىقتا بىر دانىشمەن بوۋاي
ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر خاسىيەتلىك ھاسىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى
بوۋاي ناشتا قىلىپ ئولتۇرسا، «ۋاي قۇتقۇزىۋېتىڭلار! ۋاي، ئادەم
بارمۇ!» دېگەن ئىنچىكە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي ئالدىراپ تا-
لاغا چىقسا، بىر تۈلكە كىچىك بىر چاشقاننى چىشلىگەن پېتى يۈگۈ-
رۈپ كېتىپ بارغۇدەك. چاشقان بولسا ھەدەپ يىغلاپ، ۋارقىراپ-
جارقىراپ تىپىرلاۋاتقۇدەك.

بوۋاي يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ تۈلكىگە ئاتقانىكەن، تۈل-
كە شۇ جايىدىلا تارتماي ئۆلۈپتۇ. تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلغان
ھېلىقى چاشقان خۇشاللىقىدا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بوۋاينىڭ ئال-
دىغا كەپتۇ-دە، تىزلىنىپ تازىم قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— سىزگە كۆپ رەھمەت بوۋا، سىز بولمىغان بولسىڭىزمەن تۈلكى-
نىڭ قولىدا ئۆلگەشكەن بولاتتىم، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ
ئۇنتۇمايمەن، — دەپتۇ. بوۋاي چاشقانغا قاراپ:

— سەن بەك كىچىك ئىكەنسەن. ھەممىسلا سېنى بوزەك قىلىدى-
كەن، مەن سېنى چوڭراق بىر جانىۋارغا ئايلاندۇرۇپ قوياي، —
دەپتۇ ۋە ھاسىسىنى چاشقاننىڭ ئۈستىدە ئۈچ نۆۋەت ئايلاندۇرغانى-
كەن، چاشقان بۇرۇتلىرى دىڭگايغان، يوغان بىر ئالا مۈشۈككە
ئايلىنىپ قاپتۇ. مۈشۈك بوۋايغا تازىم قىپتۇ-دە،
ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

## قورقۇنچاق «باتۇرلار»

داۋۇت، ساۋۇت، ئاۋۇت ئىسىملىك ئۈچ ئاغىنە قىرغاۋۇل تۇتۇپ يېمەكچى بولۇپ، ئورمانلىققا بېرىپتۇ. ئۇلار خېلى كۆپ ئاۋارە بوپتۇ. ئەمما بىرەرمۇ قىرغاۋۇل تۇتالماپتۇ. جىق يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئارام ئاپتۇ ۋە باتۇرلۇق ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىپتۇ.

— مەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ داۋۇت، — بىر قېتىم مۇشۇ ئورمانلىققا ئوۋىنىغىلى كېلىپ، تۇيۇقسىز بىر قاۋانغا ئۇچراپ قالدىم. قاۋان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە دەھشەت بىلەن ماڭا ئېتىلغانىدى. مەن خەنجىرىمنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نەچچىنى تىقىۋەتتىم. قاۋان شۇ ھامان تىن تارتماي ئۆلدى...

— سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭ ھېچقانچە ئەمەسكەن، — دەپتۇ ساۋۇت، — مەن بىر قېتىم ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغقا بارغانىدىم. تۇيۇقسىزلا مېنى ئۈچ ئاچ بۆرە قورشىۋالدى. خۇداغا شۈكرى، قولۇمدا ئارغامچا بار ئىكەن، مەن ئۇلارغا سالما تاشلاپ ئۈچىلىسىنى تىرىك قولغا چۈشۈردۈم-دە، چوڭ بىر تۈپ دەرەخكە باغلاپ قويدۇم.

— شۇمۇ باتۇرلۇق بولامدىكەن؟ — دەپتۇ ئاۋۇت سۆزگە كىرىشىپ، — مەن بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغقان قاراڭغۇ كېچىدە ئېيىقلار تۇتۇپ كەتكەن بىر بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن

يولۋاس بوۋاينىڭ كەلگىنىگە پىسەنت قىلماپتۇ. بوۋاي نەسىھەتنى باشلىغانىكەن، يولۋاس كۆرەڭلىك بىلەن ھۆركىرەپ كېتىپتۇ:

— ھەي ئالجىغان قېرى، كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلمەمسەن؟ غوجاكاڭ پۈتۈن تاغنىڭ پادىشاھى، ھايۋانلارنىڭ سەركەردىسى، مېنىڭ ئارام ئېلىشىمغا دەخلى قىلماي، يوقال كۆزۈمدىن!

بوۋاي ئالدىرىماي سۆزلەپتۇ:

— سېنىڭ كىملىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن، سەن قۇشقاچتىنمۇ كىچىك بىر مەخلۇق ئىدىڭ. ساڭا ئىچىم ئاغرىپ سېنى مۇشۇنداق يولۋاس قىلىپ قويغانىدىم. يولۋاس بولۇشنىڭ ئالدىدىكى چىرايلىق ۋەدىلىرىڭ قېنى؟

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى غەزەپ بىلەن بوۋايغا ئېتىلىپتۇ.

بوۋاي خاسىيەتلىك ھاسىسىنى بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ھېلىقى يولۋاس بىردىنلا كىچىككىنە، ئۆلەرمەن، رەزگى چاشقانغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بوۋاي چاشقانغا قاراپ:

— سەن ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان تۇزكور نېمىكەنسەن. ئاخىرى چاشقانلىقىڭنى قىلدىڭ. بار، چاشقان پېتىڭچە يۈرۈۋەر! — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بارلىق جانىۋارلار خۇشاللىقىدا ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ كېتىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەممىلا جان - جانۋارلار چاشقاننى نەدىلا كۆرسە، شۇ يەردە لەنەت ياغدۇرىدىغان بوپتۇ. چاشقانمۇ كۈندۈزى تۆشۈكتىن چىقىشتىن قورقۇپ، پەقەت ئاخشىمى ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندىلا ئوغرىلىقچە سىرتقا چىقىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە توسالىلا يېزىسىدىن ئىمىن مەتتوختى.

## «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ»

قەدىمكى زاماندا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنى بوۋاي ئېغىرچىلىقنى چاندۇرماي بېقىپ چوڭ قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە باللىرىغا ۋەسىيەت قىلماقچى بوپتۇ:

— بالام، — دەپتۇ بوۋاي چوڭ ئوغلىغا سېۋەتنى كۆرسىتىپ، — سوغىمىز تېشىلىپ قاپتۇ. سېۋەتتە سۇ ئەكىرگىن.

چوڭ ئوغلى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېرىق بويىغا چىقىپتۇ. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ سېۋەتتە سۇ توختىتالماي، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپتۇ.

بوۋاي كىچىك ئوغلىغا بۇ ئىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ بالا سېۋەتنى ئېلىپ ئېرىق بويىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىققان ساماننى سېغىزغا ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىپتۇ ۋە سېۋەتنىڭ تۆشۈكلىرىنى سۇۋاپتۇ. ئاندىن سۇغا سالغانىكەن، سېۋەتكە لىق سۇ تولۇپتۇ. ئۇ سۇغا توشقان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەنىكەن، دادىسى ئۇنىڭ ئەقىل — پاراسىتىگە ئىنتايىن قايىل بولۇپ:

— باللىرىم، مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتىمەن، مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان بىر ۋەسىيىتىم بار، سىلەر ئەقىل ئىشلىتىشكە

تاغدىكى ئېيىق ئۆڭكۈرىگە يالغۇز باردىم. ئۆڭكۈردە ئېيىقلار بالىنى ئەمدىلا يېمەكچى بولۇشۇپ تۇرۇپتىكەن، مەن چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، ئېيىقلارنى قىلىچ بىلەن چېپىشقا باشلىدىم، بەزىلىرى قورقۇپ ئۆڭكۈرنى تاشلاپ قېچىشتى. جاھىللىرى قىلىچىمنىڭ ئاستىدا جان بەردى. مەن بالىنى ئېلىپ چىقىپ ئاتا - ئانىسىغا ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بەردىم...

ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئوت — چۆپلەر «شالدۇر - شۇلدۇر» قىلىپ قاپتۇ. ئۇلار چۆچۈشۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئاۋۇتنىڭ يوتىسىغا سوغۇق بىر نەرسە تېگىپتۇ - دە، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە قېچىشقا تەمشەلگەن داۋۇت بىلەن ساۋۇتنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋاپتۇ. بۇ ئىككىسى قورققىنىدىن كەينىگىمۇ قارىماي، «بىزگە دەھشەتلىك بىر مەخلۇق ئېسىلغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۈن چىقىرالماي تىترەپ كېتىپتۇ. شۇچاغدا ئاۋۇتنىڭ:

— ئەبلەخ، سەنمىدىڭ؟ — دېگىنى بۇ ئىككىسىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ئىككىيلەن تەڭلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئاۋۇتنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىدىن يەرگە چۈشكەن بىر چارپاقىنى كۆرۈپتۇ.

(«شىنجاڭ نوسۇرلىرى» كىتابىدىن ئېلىندى)

## يالغان ھۇرۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. قايسى بىر زامانلاردا ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ھەم ساۋاپ-لىق ئۈچۈن باققان ئۈچ ھۇرۇن ئادىمى بولغانىكەن. پادىشاھ مەخسۇس خىزمەتچى ئارقىلىق بۇ تۇغما ھۇرۇنلارنى ئەتىۋارلاپ ياخشى غىزالار بىلەن باقىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر خىزمەتكارى كىرىپ:

— نۇرغۇن كىشىلەر: «بىزمۇ ھۇرۇن ئادەملەرمىز، پادىشاھ سېخى بىزگىمۇ مېھىر-شاپائەت ئىلتىپات قىلسىكەن» دېيىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ رەھمى كېلىپ ئۇلارنىمۇ خەزىنىدىن مال چىقىرىپ بېقىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھ باقىدىغان ھۇرۇنلار سارايلارغا تولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى تەلەپ قىلغۇچى تەمەگەرلەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زور دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىپ: «پادىشاھ سېخى كۆزىنى چوڭراق ئېچىپ، بىزدەك ئاجىز ھۇرۇنلارنىمۇ مېھىر ئاپتىپىنىڭ، سېخىلىق بەرىكىتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمىغاي!» دەپ ئەرز قىپتۇ. ھالال ئىشلەپ كۈن كۆرگۈچىلەر ناھايىتى ئاز قاپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپتۇ. كاللىسى چاپىنىنىڭ ياقىسىغا چوڭقۇر پېتىپتۇ. يالغان ھۇرۇنلارغا

ماھىر بولۇڭلار، سەۋەب قىلساڭ سىۋەتتە سۇ توختايدۇ، — دەپتۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بۇ ئىككى ئوغۇل دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ھەر ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئىشنى پەم بىلەن قىلىدىغان بوپتۇ ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ. «سەۋەب قىلساڭ سىۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش يېزىسىدىن مەتتوختى سەيدىن.

## ئەقىللىق بالا

بۇرۇنقى زاماندا تۇرسۇن ئاخۇن دېگەن بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مايىسخان ئىسىملىك چىرايلىق خوتۇنى بار ئىكەن. بۇلار بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن. بىراق مايىسخان تۇغماس ئىكەن. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى پەرزەنت كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئاخىرى بىر بالا بېقىۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. مانا شۇ كۈنلەردە تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئادىل يېتىم قاپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن «ئاكامنىڭ بالىسى ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۇ بالىنى بېقىۋاپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيى جانلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بالا چېچەن، ئەقىللىق بالا ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئادىل خېلى چوڭ بوپتۇ. بىراق مايىسخان «ئۆز پۇشتۇمدىن بىر بالا تۇغسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ تۇغۇش ھەۋىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىپتۇ. «باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ باقسام، تۇغۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئاخىرى رەمەت تاز ئاتلىق سەت، قاسماق بىر نېمىنى تېپىپتۇ. بۇ ئىشنى ئادىل سېزىپ قاپتۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنى ئويلاپتۇ ھەم ئۇلارنى ئاياپ، بۇ ئىشنى يۈزىگە سالماپتۇ.

ئادىلنىڭ دادىسىمۇ ئاخشىمى ئۆيىگە كەلمەيدىغان يامان

سىخىلىق قىلغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ تۇغما ھۇرۇنلار بىلەن يالغان ھۇرۇنلارنى قانداق ئايرىش ھەققىدە خىزمەتچىسىگە ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

خىزمەتچى پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە بىر ئۆي تەييارلاپتۇكى، بۇ ئۆينىڭ تېگى ۋە تۆت تېمى پۈتۈنلەي تۆمۈردىن بوپتۇ. خىزمەتچى ئۆينىڭ ئاستىغا بىر خۇمدانلىق ئوتۇن دۆۋىلەپ تەييارلاپتۇ. يالغان ھۇرۇنلار بىلەن راست ھۇرۇنلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ، ئوتۇنغا ئوت ياققانىكەن، يالغان ھۇرۇنلار زادىلا چىدىيالماپتۇ - دە، خۇددى داپقا چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرەپ، ئاللار - تۇۋا بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ. تۇغما ھۇرۇنلار بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان تۇرۇۋېرىپتۇ. خىزمەتچى ئۇلارغا: «چىقىپ كېتىڭلار، بولمىسا ھەممىڭلار كاۋاپ بولۇپ كېتىسىلەر» دەپتۇ. تۇغما ھۇرۇنلار ئېرىنچەكلىك بىلەن: «بىز ئۈچۈن ۋايجان دەپ قويۇڭلار» دەپ يېتىۋېرىپتۇ. بۇھالىنى كۆرگەن كۆزەتچى خىزمەتكارلار راست ھۇرۇنلارنى ئايرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. يالغان ھۇرۇنلار ھۇرۇن بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىغا مىڭ تۇۋا قىلىپ ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ تۇغما ھۇرۇنلار بىلەن يالغان ھۇرۇنلارنى قانداق ئايرىغانلىقىنى ئاڭلىغان بارلىق تەمەگەرلەر ھۇرۇنلۇقنى تاشلاپتۇ. بۇرۇنقى ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئىش - كۈشلىرىنى قايتىدىن باشلاپتۇ.

«تەمەگەر ھۇرۇنلارغا سەدىقە بېرىش گۇناھ» دېگەن گەپ دەل مۇشۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرىيەدىن غوپۇر رەھمەت

يوكورۇپتۇ؟ دادىسى بولسا: «باياتىنقى ئىشلارنى بالام كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟» دەپ قاتتىق ئىزا تارتىپتۇ ۋە: «بۇ ئىشلارنى ئانىسىغا ئېيتىپ قويارمۇ؟ ئېيتىپ قويسا قانداق قىلارمەن؟» دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ.

ئادىل تەرلەپ - تەپچىرەپ ھويلىسىغا كىرسە ئۆيىنىڭ ئىچىدىن گۇدۇڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئىشىككە يېقىن بېرىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا، ئانىسى رەھمەت تاز بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇرغۇدەك. تىت - تىت بولغان ئادىل: «قېنى يەنە قانداق ئىشلار بولاركىن؟» دەپ ماراپ ئولتۇرسا، ئانىسى رەھمەت تازغا ئەركىلەپ:

— دېيىشمىگەن گەپ - سۆز قالمىدى، دېسىلە، ئەتە قەيەردە كۆرۈشىمىز؟ — دەپتۇ. ئادىل: «گەپ مەيەردە ئىكەن تېخى! بۇلارنىڭ نېمىنى توختام قىلىشىدىغانلىقىنى بىلىۋالايچۇ!» دەپ تېخىمۇ دىققەت بىلەن تىڭشاپتۇ. رەھمەت تاز ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— ئەتە تۇمشۇق تاغدىكى بىر پارچە يېرىمنى شۇدىگەر قىلىش ئۈچۈن بارىمەن... سىز بىر لېگەن مانتا ئېلىپ چۈشكە ئۇلگۇرۇپ، شۇ يەرگە بارسىز، شۇ يەردە بەھۇزۇر مۇڭدىشىمىز، — دەپتۇ. مايسىخان:

— مانتا سىزدىن ئايلانسۇن، ئەمىسە گەپ شۇ. ئەتە مەن مانتا ئېلىپ شۇ يەرگە بارىمەن، — دەپتۇ.

بۇ ئىلتىپاتتىن خۇشال بولغان رەھمەت تاز مايسىخاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغاندا، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ تۇرغان ئادىل غەزەپلىنىپ، ئىشىكنى «چالاققىدە» ئېچىپلا ئۆيگە كىرىپتۇ.

مايسىخان بالىسىدىن ئىزا تارتىپ يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ. رەھمەت تاز نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي:

— مەن - مەن - مەن، بۇ - بۇ - بۇقا سوراپ كەلگە-

ئادەتنى تېپىۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدىكى ئىناقلىق ئاستا ـ ئاستا جېدەل ـ ماجراغا ئايلىنىپ، ئۆيدە غوۋغا تۈگىمەيدىغان بوپتۇ. ئادىل بۇ ئائىلىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىناق قىلىشقا بەل باغلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيدە ئۇن تۈگەپ، تۇرسۇن ئاخۇن تۈگمەنگە بارماقچى بوپتۇ. ئادىل دادىسىغا ئەگىشىپ تۇرۇۋاپتۇ. بىر چىرايلىق چوكان بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان تۇرسۇن ئاخۇن بالىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى ھارۋىنى قېتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئادىل چېچەن بولغاچقا دادىسىغا بىلىندۇرمەي ھارۋىغا چىقىپ، ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا تېڭىلغان بىر تاغار سامانىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. تەڭ يولغا بارغاندا، تۇرسۇن ئاخۇن ئاتنىڭ پۇتىنى چۈشەپ، ھارۋىنى توختىتىپ قويۇپ، يولغا يېقىن بىر بوستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنى بىر كېلىشكەن چوكان خۇشال كۈتۈۋاپتۇ.

ئادىل بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇنىڭ دادىسى ھېلىقى ئايال بىلەن خوشلىشىپ، يېتىپ كەپتۇ ـ دە، ھارۋىنى ھەيدەپ يولغا چىقىپتۇ.

دادىسىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئادىل ناھايىتى رەنجىپتۇ. ھارۋا ئازراق مېڭىپ دۆڭدىن پەسكە چۈشكەندە، ھارۋىنىڭ ئوقى سۇ‑نۇپ كېتىپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن نېمە قىلىشىنى بىلمەپتۇ، بېشى تازا قېتىپتۇ. كەكە بولمىغاچقا ھارۋا ئوقىنى ياسىيالماپتۇ. ھارۋا بىلەن ئاشلىقنى يولدا تاشلاپ قويۇپ كەكە ئەكىلىشكە تېخى بولماپتۇ. «ۋاي ئىستەي، بالام ئادىلنى ئالغاچ كەلگەن بولسام بوپتىكەن» دېيىشىگە ئادىل يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن سەكرەپ قوپۇپ:

— مانا مەن دادا! سىز غەم يېمەڭ. مەن ئۆيگە بېرىپ كەكىنى ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئۆيگە قاراپ ئۇچقاندەك

ئېلىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى ماھىرلىق بىلەن قاملاشتۇرغان ئادىل ئانىسىنى ماختاپ:

— ئاپام نېمىدېگەن ياخشى! قاراڭ دادا، بىر لېگەن مانتا ئېلىپ كەپتۇ. كېلىڭ دادا، تازا مەززە قىلىپ يەۋېتەيلى، — دەپتۇ.

مايسىخان دىردىنى ئىچىگە يۇتۇپ رەمەت تازنى كۆرسىتىپ:

— بالام ئاۋۇ ئاكىڭىزنىمۇ چاقىرىڭ. يەر قوشنىسى بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ بىر ئىككىنى يېسۇن، — دەپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇنمۇ:

— تېز چاقىرىپ كەلگىن، تەڭ يەيلى، — دەپتۇ.

ئادىل «مانا ئەمدى پەيتى كەلدى» دەپ ئويلىغان ئەپلىك چارىسىنى مۇشۇ يەردىن باشلاپتۇ. ئادىل رەمەت تازنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ «مانتا يەڭ» دېگەننىڭ ئورنىغا:

— ھەي ئوغرى، ساڭا جان لازىم ئەمەسمۇ؟ قاچ دەيمەن، قاچ، جېنىڭنى قۇتقۇز! — دەپتۇ. بۇ سۆزدىن ھاڭ-تاڭ قالغان رەمەت تاز ھېچنەرسىنى چۈشەنمەپتۇ. ئادىل:

— ھەي ئوغرى، تۈنۈگۈن ئانام بىلەن نېمىش قىلدىڭ؟ دادام بۇ ئىشنى بىلىپ قاپتۇ. ھازىر سېنى ئۆلتۈرىمەن دەپ كەكنى بىلەۋاتىدۇ. مېنىڭ ساڭا ئىچىم ئاغرىپ ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

رەمەت تاز دىلغۇلا بولۇپ قاپتۇ. ئادىل قايتىپ بېرىپ دادىسىغا:

— رەمەتكامنىڭ بۇقۇسىنىڭ كەشكىنى بوشاپ قاپتۇ، «دادىڭىز كەكنى ئېلىپ كېلىپ ياساپ بەرسۇن، ئاندىن بىللە بارساق» دەپ سىزگە قاراپ قالدى، — دەپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن كەكنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئادىل:

— ئۇنداق مېڭىپ قاچان بارىسىز، كەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈڭ! — دەپتىكەن، بالىسىنىڭ گېپىنى يېرمايدىغان تۇرسۇن ئاخۇن بولۇشىچە يۈگۈرۈپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇننى باياتىن بېرى كۆزىتىپ

ىمدىم، — دەپتۇ - دە، تالاغا چىقىپ تىكىۋېتىپتۇ. ئادىل ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئانىسىغا:

— مەن دادامغا ئەگىشىپ توگمەنگە بارغانىدىم. تەڭ يولغا بارغاندا ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى. دادام ھارۋا ساقلاپ قالدى. مەن كەينىگە كەلدىم. — دەپتۇ - دە، كەينىنى ئېلىپ يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كېتىپتۇ. مايسىخان بۇ ئەھۋالنى بالىسىنىڭ دادىسىغا ئېيتىپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپتۇ. ئادىل دادىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن بەك ئۇيۇلۇپتۇ. ئەمما ھېچقايسىسىغا بىر-بىرىنىڭ قىلىقلىرىنى ئېيتماپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ: «دادام بىلەن ئانامنى قانداق قىلىپ ياخشى يولغا باشلايمەن؟» دېگەن مەسىلىنى ئويلاپتۇ. ئادىل بۇلارنىڭ بېقىۋالغان بالىسى بولسىمۇ، بۇلارغا بەكلا ئامراق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى خالىمايدىكەن. شۇڭا ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئەپلىك، ياخشى بىر چارە تېپىپتۇ. بۇ چارىنى قوللانسا خۇددى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغاندەك بولىدىكەن.

ئادىل دادىسى بىلەن ھارۋىنى تۈزەپ، ئۇننى تارتىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئادىل ئانىسى بىلەن رەمەت تازىنىڭ كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن ۋاقتىغا توغرىلاپ، ئەتىسى دادىسىنى تۇمشۇق تاغدىكى يەرنى شۈدىگەر قىلىش ئۈچۈن قوش قېتىپ بېرىشقا كۆندۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئۆز يېرىنى ئاغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. مايسىخان ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ بىر لېگەن مانتا ئېلىپ رەمەت تازنى يوقلاش ئۈچۈن كەپتۇ. بۇ ئىشنى كۆزىتىپ تۇرغان ئەقىللىق ئادىل پۈتۈن كۈچى بىلەن:

— ۋاي ئانا، بىز مەيەردە، ئۈشتىك كېلىك، قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. مايسىخان بىر لېگەن مانتىنى

قېچىپ كېتىپتۇ. توشقان تۇتۇق بەرمىگەندىن كېيىن تۇرسۇن ئاخۇن قايتىپ كېلىپ بالىسىغا:

— بالام ئاناڭغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە بولاتتى، ئاپام سىزنىڭ تۈنۈگۈنكى ئەدەبسىزلىكىڭىزنى بىلىپ قاپتۇ. شۇڭا: «داداڭ ھېلىقى بوستانلىقتىكى خوتۇنى بىلەن ئۆتسۇن، مېنىڭ بۇنداق ئېرىم يوق، نەچچە يىلدىن بېرى ئىشەنگىنىم قېنى؟» دەپ ئۆزىنى-ئۆزى ئۇرۇپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى، — دەپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن بۇ ئىشتىن ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ ھەم بالىسىدىن خىجىل بوپتۇ، مانتىمۇ گېلىدىن ئۆتمەپتۇ.

ئادىل ئۆزى قوللانغان تەدبىرنىڭ ناھايىتى جايىدا چىققانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ مانتىنى راسا يەپتۇ. ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. شۇندىن باشلاپ، ئانىسىنىڭ ھەم دادىسىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، غەم بېسىپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئادىل ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئانا، دادام سىزنى كەچۈرەي، ئىككىنچى شۇنداق قىلىقنى قىلمىسا، تۇۋا قىلسا، گۇناھىدىن ئۆتمەن دەيدۇ. سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ. مايىسخان ناھايىتى خۇش بولۇپ:

— ئىككىنچى شۇنداق ئەسكىلىكنى قىلمايمەن، تۇۋا قىلدىم، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

— ئەمىسە بۈگۈن بېرىپ دادامغا يەنە بىر قېتىم يالۋۇراي، راستىن ماقۇل بولسا ئەتە ھارۋا ئېلىپ كېلىپ ئەكېتەي، بولامدۇ؟ — دەپ يېنىپتۇ. ئانىسى خۇشاللىق بىلەن:

— ماقۇل، — دەپتۇ. ئادىل ئانىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ دادىسىغا:

— ئانام سىزنى ئەپۇ قىلدى، ئىككىنچى شۇنداق سەت

تۇرغان رەمەت تاز، «مانا ئەمدى ئۇ مېنى چانىۋېتىدىغان بول-
دى» دەپ قورقۇپ، قوشنى تاشلاپ ئۆلە- تىرىلىشىگە قارا-
ماي قېچىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالغان تۇرسۇن ئاخۇن:
— نەگە بارىسەن؟ توختا! — دەپ ۋارقىراپتۇ.
رەمەت تاز قېچىۋېرىپتۇ. بۇ ئارىلىقتا سۇغا
كەتكەن مايسىخان قايتىپ كەپتۇ. ئادىل ئانىسىنى قورقۇتۇپ:
— ئانا، سىزگە جان كېرەك ئەمەسمۇ؟ دادام سىزنىڭ ئەسكى
ئىشىڭىزنى بىلىپ قاپتۇ (قويۇندەك قېچىپ كېتىۋاتقان رەمەت
تازنى كۆرسىتىپ) كۆردىڭىزمۇ؟ دادام رەمەت تازنى قىچقىرىپ
كېلىشىنىڭ ئورنىغا چانايمەن دەپ كەكىنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ ماڭدى.
رەمەت تاز قېچىپ قۇتۇلدى. سىز تۇرامسىز؟... قېچىڭ، تېز
قېچىڭ! جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ. بۈگۈن دادامنىڭ پەيلى بەك
يامان. «بۈگۈن ئاناڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ چالۋاقاپ
كەتتى، دادام بۇ يەرگە كەلگىچە تېزدىن قېچىپ قۇتۇلۇڭ، —
دەپتۇ.
بۇ گەپ بىلەن مايسىخان قورقۇپ، يىقىلىپ - قوپۇپ،
ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن ئۆز ئېتىز-
لىقىغا قايتىپ كەپتۇ. قارىسا خوتۇنى قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك.
ھەيران بولغان تۇرسۇن ئاخۇن بالىسىغا قاراپ:
— بالام، ئاپاڭ نېمە بوپتۇ. يولدا بىرەر نەرسىنى چۈشۈرۈپ
قويۇپتىمۇ- يە؟ نېمە ئانچە يۈگۈرەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دەل
شۇ ۋاقىتتا ئوتنىڭ تېگىدىن بىر توشقان قېچىپ مايسىخان
قېچىۋاتقان تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئادىل
دەرھال خۇش بولۇپ:
— دادا، ئاۋۇ توشقاننى تۇتۇپ بېرىڭ! — دەپتىكەن،
تۇرسۇن ئاخۇن توشقاننى قوغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن مايسىخان:
«تۇرسۇن مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە

## ئاقىلنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى

بۇرۇنقى زاماندا، بىر يۇرتتا بىر قېرى ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇ تولىمۇ كەمبەغەل ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوۋغا چىقىپ، نېمە تۇتسا شۇنى سېتىپ ياكى يەپ-ئىچىپ كۈنىنى ئۆتكۈزىدىكەن. مۇشۇ يوسۇندا ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئىشى راۋاج تاپماپتۇ، كۈنى زادىلا ئوڭلانماپتۇ.

بۇ يۇرتتا يەنە بىر ئاقىل بولۇپ، يېتىم-يېسىرلارغا، غېرىب-مۇساپىرلارغا، نامرات-گادايلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئىشىنىڭ ئېپىنى ئۆگىتىدىكەن. بۇ ئادەم بىر كۈنى ھېلىقى قېرى ئوۋچى بىلەن ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىپتۇ. قېرى ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئىش ئوقتىنى، ھال-ئەھۋالىنى ئۆز پېتى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاقىل ئوۋچىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇ ئوۋچىغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنى بىر ياخشى ئوكە تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قېرى ئوۋچى ئاقىلنىڭ ئېيتقىنىنى راۋا كۆرۈپتۇ-دە، دەرھال بېرىپ، پەيلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان بىر ئوكىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئاقىلغا ئاتا قىپتۇ.

ئاقىل بىر دوپپا تىككۈزۈپ، دوپپىغا ئوكە قاداپ، بىر كەمبەغەلنىڭ قىزىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. دوپپا قىزغا شۇنداق يارىشىپتۇكى، كۆرگەن ھەركىمنىڭ زوقى كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتتىكى پۇلدارلارنىڭ قىزلىرى دوپپا تىككۈزۈپ، ئوكە قاداش كويىغا

قىلىقنى قىلمىسا، قايتىپ بىرىپ ئىشىمنى قىلىمەن، دەيدۇ، سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ. دادىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيمەن، توۋا قىلدىم، بالام، — دەپتۇ. ئادىل دەرھال ھارۋىسىنى قېتىپ ئانىسىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر-بىرسىنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ ھەم خىجىل بوپتۇ. ئادىلنىڭ تەدبىرى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر-بىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك دەپ چۈشىنىدىكەن. ئادىل ئاتا-ئانىسىنى جەم قىلغاندىن كېيىن رەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— دادام سېنى ئەپۇ قىلدى. «ئىككىنچى ئەسكىلىك قىلمىسۇن. باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزمىسۇن. بىز يەنىلا ياخشى يەر قوشنىسى بولىمىز» دەيدۇ، — دەپتۇ.

— توۋا قىلدىم، ئەمدى ئەسكىلىك قىلمايمەن، ياخشى ئادەم بولىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادىل ئۆزى تاپقان چارە-تەدبىر ئارقىلىق ئاتا-ئانىسىنىڭ يارىماس قىلىقلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىگە تونۇتۇپتۇ. شۇندىن بۇيان بۇ ئائىلىدىكىلەر ئىناق بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە بازار ئىچىدىن ھاشىم نىياز.

## گۈل ئادەم

زامانىنىڭ زامانىسىدا، ئالتە تاغنىڭ ئارقىسىدا، چوڭ دەريانىڭ ياقىسىدا ھېيت ئىسىملىك بىر نوچى يىگىت ـــ مال باقىدىغان قويچى يىگىت ئۆتۈپتىكەن. ئۇ بىر كاتتا باينىڭ مېلىنى باقىدىكەن. ئەمما ھەر قانچە ئىشلىگىنى بىلەنمۇ پېخسىق باينىڭ بەرگىنىگە قورسىقى تويمايدىكەن. ئۈستىبېشى زادى پۈتۈن بولمايدىكەن، ئۇ قويلاردىن ئايرىلالمىغاچقا، قىش - ياز جاڭگالدىن كىرمەيدىكەن، شۇڭا جاھاندا قانداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېيت باققان قويلارغا بۆرە تېگىپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە بىر تالاي قويىنى نابۇت قىلىپ تاشلاپتۇ. ھېيت قويچى نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى قاشلاپتۇ. باينىڭ غەزىپىدىن، دەككە - دەشنىمىدىن قورقۇپ، تېنىدە جېنى، كۆڭلىدە ئارامى قالماپتۇ. قاچاي دېسە ئالەمنىڭ قوي باقىدىغان جاڭگىلىدىن باشقا ئېتىكىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۇقالماپتۇ. قاچماي دېسە باينىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش ئامالىنى تاپالماپتۇ.

ئويان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كېلىپتۇدە، ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى يالغۇز توغراقنىڭ پۇتىقىغا قىل ئارغامچىنى ھالقا قىلىپ تاشلاپ بويىنىنى تىقىپتۇ. ئەمما ئارغامچا پاراسلاپ، توغراقنىڭ پۇتىقى قاراسلاپ كېتىپتۇ. ئارغامچا ھېيت قويچىنى كۆتۈرەلمەي ئۈزۈلەي دېگەندە توغراقنىڭ پۇتىقى قاپ بېلىدىن

چۈشۈپتۇ. ئاقىل بۇ ھالنى بايقاپ، «ئۆكە قېرى ئۇۋۇچىدا بار» دەپ بىر پۇتۇك يېزىپ كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر جايغا چاپلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن يەنە قېرى ئۇۋۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئىزھار قىلىپ، «مانا ئەمدى ئۆكە تۇتۇپ كېلىپ، ئۆكىسىنى ئېلىپ سېتىۋەر» دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆكە ئىزدىگۈچىلەر قېرى ئۇۋۇچىنىڭ يې- نىغا كېلىۋېرىپتۇ. ئۇۋۇچى تۇتقان ئۆكىسىنى ئۇدۇللۇق سېتىۋېرىپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا قېرى ئۇۋۇچىنىڭ ھال- ئوقىتى ئۆڭلىنىپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.

(«ئېلى گېزىتى»دىن ئېلىندى)

— بۇ، — دەپتۇ باي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە خۇشلىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۇدەك بولسىمۇ، ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ، — يۇمىلاق ئاق تاشمىكىنە؟

— تەقسىر، — دەپتۇ ھېيىت، — مەنمۇ باشتا ئۆزلىرىدەك ئويدا بولغانىدىم، لېكىن كېچە تەكچىدە قويۇۋىدىم، گەمەم يورۇپ كەتتى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ لاپ ئۇرمىساڭچۇ ھېيىت، — دەپتۇ باي تېخىمۇ ئىشەنمىگەن قىياپەتتە كىرپۈرلىپ.

— تەقسىر، سەل تەخىر قىلسىلا، قاراڭغۇ چۈشسۇنچۇ، شۇ چاغدا خۇدانىڭ بۇ ھېكمىتىنى كۆرۈپ باقارلا، — دەپتۇ ھېيىت قويىچى.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن چېدىر ئىچى راستىن يورۇپ كېتىپتۇ. باي بىرگە ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرمۇ ھەيران - ھەس بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

باي باشقىلارنى چىقىرىۋېتىپ ھېيتقا:

— ھېيىت ئۇكا! — دەپتۇ مۇلايىم ئاۋازدا.

— لەببەي غوجام، — دەپتۇ ھېيىت.

— بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بەلكىم بۇ يۇمىلاق نەرسە ئەتە ئاق تاش بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، — مەيلى نېمە بولسۇن، ئەگەر سەن ماقۇل دېسەڭ، تەۋەككۇل، سەن نابۇت قىلدۇرەتكەن يەتتە قويىنىمۇ سورۇشتە قىلماي، يەنە ساڭا بىر ئېشەك، بىر تاغار قوناق، بىر قوي، بىر ئۆچكە بېرەي، خالىساڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ تىرىكچىلىكىڭنى قىلىۋەر، مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن. ئەگەر ئۆيۈمگە كېتىمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ.

ھېيىت ئۆزىنىڭ بالا - قازادىن ساق قالغانلىقىنى چوڭ ئامەت بىلىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بىراق «بارنى قاراقچى ئالدى، قالغىنىنى رەمبال»

سۇنۇپتۇ. سۇنغان پۇتاقنىڭ ئىچىدىن ئالامەت يوغان بىر كېپىنەك يۇگۇرۇپ چىقىپ، ئارغامچىغا چىرمىشىپ يېقىلىپتۇ.

«خۇدايىم بەرگەن ئولجا، — دەپ پىچىرلاپتۇ ھېيىت قويچى،— بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمدە كېپىنەك گۆشىگە تويىدىغان بولدۇم. ئۆلۈۋېلىش بىر يەرگە قاچمايدۇ. ئاۋۋال ماۋۇ كېپىنەكنىڭ گۆشىدىن كاۋاپ قىلاي، ئاندىن بوينۇمغا ئارغامچا سالاي...»

ئۇ ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ، ئارغامچىغا چىرمىشىپ ياتقان كېپىنەكنىڭ بوغۇزىغا پىچاق سۇرۇپتۇ. ئاندىن سىرتماقنى بوينىدىن چىقىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

ھېيىت قويچى كېپىنەكنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى سويۇپ، ئىچ — قارنىنى ئادالاشقا باشلاپتۇ: گۆشىنى ئۇيانغا، ئىچ — قارنىنى بۇيانغا تاشلاپتۇ. ئۇ مەززىلىك كېپىنەك كاۋىپىغا تويۇش خۇشاللىقىدا قىزىق ئىش قىلىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز — بېرىپتۇ: كېپىنەك قېرىنىنىڭ ئىچىدىن چۈجە تۇخۇمچىلىك بىر نەرسە چىقىپتۇ. ھېيىت قويچى ئۇنى قولىغا ئېلىپ پاكىز سۈرتكەنىكەن، ئۇ پارقىراپ، نۇرلىرى ھېيىت قويچىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپتۇ. بۇ ئەسلى گۆھەر ئىكەن. ھېيىت ئۆمرىدە بۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا «بۇ بىر مۆجىزە ئىكەن» دەپتۇ — دە، پوتىسىغا تۈگۈپ قويۇپتۇ. كەچتە گەمىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپتىكەن، گەمە ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى باي قويلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەپتۇ. باي ھېرىپ كەتكەچكە زۇۋان سۈرمەي، ئالدىن تەييارلانغان چېدىر ئىچىگە كىرىپ قىبامن كۆرپە ئۈستىگە يانپاشلاپتۇ. ھېيىت چېدىر ئىچىگە كىرىپ تىزلىنىپتۇ.

— نېمە گەپ؟ — دەپتۇ باي.

— غوجام بۇ ئۆزى نېمىكى! — دەپتۇ ھېيىت ئىززەت — ئىكرام بىلەن ۋە ھېلىقى تۇخۇمچەكنى بايغا كۆرسىتىپتۇ.

ى دەرھال كولاپ ئاپتۇ. بۇ ئەسلىدە ئالماس ئىكەن. بىراق ئۇ-
نىڭ ئالماس ئىكەنلىكىنى ھېيت قويچى بىلمەيدىكەن.
ھېيت تېپىۋالغان ئالمىسنى مەھەللىسىدىكىلەرگىمۇ كۆرسەتمەپ-
تۇ. «ئانىڭمۇ بازار، داداڭمۇ بازار» دەپتىكەن. شۇڭا بازارغىلا
ئېلىپ بېرىپ، كۆرسىتىپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ - دە، خۇرجۇنى-
نىڭ بىر كۆزىگە لىق توپا قاچىلاپ، بىر كۆزىگە ئالماسنى سې-
لىپ، ئاغزىنى پۇختا ئېتىۋېلىپ، داتلىشىپ كەتكەن كونا بىر قۇ-
لۇپنى سېپتۇ - دە، خۇرجۇننى ئۆشنىسىگە سېلىپ شەھەرگە راۋان
بوپتۇ.
ئىككى ئوغرى ھېيتنىڭ يۈدۈۋالغان خۇرجۇنىنى كۆرۈپ، دەر-
ھال بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ. ۋە «بۇ خۇرجۇننىڭ ئالدىنقى
كۆزىدە بىر سىرى ئەسۋاب بار» دېيىشىپ ھېيتنىڭ كەينىگە
چۈشۈپتۇ. ئەپلىك بىر يەرگە بارغاندا يۇلار «توپا ئالىمىز» دەپ
خىيالى ئۇزۇنغىچە ھېيت بىلەن سودىلىشىپتۇ. توپىلارنى خۇرجۇندىن
ئېلىپ بىر- بىرلەپ كۆرۈپتۇ - يۇ، لېكىن ئالماي ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھېيت يەنە خۇرجۇنى يۈدۈپ، يولنى داۋام-
لاشتۇرۇپ سەرراپ دۇكىنىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغان-
دىن كېيىن خۇرجۇننىڭ ئالدى كۆزىنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ ئۆتكۈر
بىر نەرسە بىلەن كېسىلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ھېيتنىڭ ئەرۋاھى
ئۇچۇپ، پۇت - قولىدا دەرمان قالماپتۇ. توپىلىرىغا خېرىدار
بولغان ئوغرىلاردىن گۇمانلىنىپ ئۇلارنى ئىزدەپتۇ. لېكىن
تاپالماپتۇ. ئۇ شەھەر كوچىلىرىنى ئاياغلاپ يۈرۈپ، بىر دۇ-
كاننىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان بىر توپ كىشىنى كۆرۈپتۇ.
قارىسا بۇ يەردە كىشىلەر ئۆزى يوقىتىپ قويغان نەرسىگە قىزىقىپ
قاراپ تۇرغانىكەن.
— غوجام! — دەپتۇ ھېيت تىترەك ئاۋاز بىلەن دۇدۇقلاپ، —
بۇ مېنىڭ ئىدى...

دېگەندەك، بەگ كېلىپ «ئاناڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالۋاڭ-
سەيسىنى بەرمىدى» دەپ قويىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۆك
بېشى« سۇ ھەققى» دەپ ئۆچكىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.
ئاخۇنۇم كېلىپ «ئۆشرە - زاكات» دەپ قوناقتىن ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەڭ
ئاخىرىدا ئاكىسى كېلىپ: «سەن يوق چاغدا ئانام تۇيۇقسىز كې-
سەل بولۇپ قېلىپ قەرز ئېلىپ داۋالاتقانىدىم. ئەمدى قەرزنى
سۈيلەپ ئولتۇرغىلى قويمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئېشەكنى سېتىپ
قەرزنى قايتۇرمىسام بولمايدۇ» دەپ ئېشەكنى مىنىپ كېتىپتۇ. شۇن-
داق قىلىپ ئېتىل، گۆھەر قولدىن كېتىپتۇ. غۇربەتچىلىك يەنە
بېسىپتۇ.

ھېيت بىر دەم ئۇنىڭ ئىشىكىدە، بىردەم بۇنىڭ ئىشىكى-
دە ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. تۇزلۇق سايدىن تۇز كولاپ بازارغا ئاپى-
رىپ سېتىپتۇ. يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە،
ھېيت ئۇسسۇزلۇق ھەم ئاچلىقتىن يېقىملار ھالەتتە تۇز كولاۋات-
سا، بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن جاڭگالدا ئۆزى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى
كېيىككە ئوخشاش بىر كېيىك چىقىپ ھېيتقا قاراپتۇ.
ھېيت ھەيران بولۇپ كېيىكنى ماراپتۇ. كېيىك-
مۇ بىر ھېيتقا، بىر ئەتراپقا سەپسېلىپ
تۇرۇۋېرىپتۇ. ھېيت قولىدا سالما قىلغۇچىلىك ئاغامچىنىڭ يوقلۇ-
قىغا بەكمۇ پۇشايمان قىپتۇ. ئەمما ئىختىيارسىز ھالدا بىر بېسىپ
ئىككى بېسىپ كېيىككە يېقىنلىشىپتۇ. كېيىكمۇ بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ كەينىگە يېنىپتۇ - دە، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.
ھېيت قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ دۆڭگە يېقىنلاشقانىكەن، كې-
يىك بىر سەكرەپ دۆڭدىن چۈشۈپ ئالتۇن كولانغان بىر غارنىڭ
ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھېيت غارنىڭ ئىچىگە كىرسە كېيىكتىن
ئەسەر يوقمىش، ئۇ ھەيران بولۇپ، كەينىگە شۇنداق يېنىشىغا
غارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر نەرسە «ۋاللىدە» قىپتۇ. ھېيت ئۇ-

— ئۆزلىرى نەچچىنى بېرەلىگىن؟ — دەپتۇ ھېيت ھۆرمەت بىلەن.

ناۋاي ھېيتنىڭ قولىدىكى تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ بېقىپ:

— بۇنىڭغا گۆش كىردىدىن ئونى كېلىدۇ، دامان ئالسىڭىز 20 سى كېلىدۇ، — دەپتۇ.

ھېيت ئۈچ تەڭگىگە ئون گۆش كىردە، قىرىق دامان ئاپتۇ، كېتەر چېغىدا ناۋاي:

— توختا ئۇكا! بۇ مىس تەڭگىلەر پات ئارىدا ئۆتمەس بولۇپ قالارمىش، خان ھەزرەتلىرى يېڭى تەڭگىلەرنى تارقىتىش ھەققىدە پەرمان بېرىپتۇدەك. خالىساڭ تەڭگىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئامانەت قويۇپ كەت. مەن تىل خەت بېرەي، ئەتە بولمىسا ئۆگۈنلۈككە يېڭى تەڭگە تارقىتىشى مۇمكىن. مەن كونا تەڭگىلىرىڭنى يېڭى تەڭگىلەرگە ئالماشتۇرۇپ قوياي، ئاڭغىچە ئۇيان - بۇيان ئۆتكەندە سەنمۇ نان ئېلىپ تۇرغىن! — دەپتۇ.

— رەھمەت ئاكا! — دەپتۇ ھېيت بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ، — خۇدا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلغاي، مېنىڭ بۇ ئالەمنىڭ «كەلدى - باردى» سىدىن خەۋىرىم يوق، بىر يۇۋاش ھۆمىن بەندىمەن. بۇ مىس تەڭگىلىرىمنى سىزگىلا ئامانەت قويۇپ كېتەي!

شۇنداق قىلىپ 120 تىللانى ناۋايغا بېرىپتۇ.

ناۋاي «ھەربىرى يېگىرمە پۇللۇق 120 مىس تەڭگىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ھېيت تۇزچىدىن ئالدىم. ئىگىسىگە قاچان لازىم بولسا تەخىر قىلماي، ۋاقتىدا دېگىنى بويىچە قايتۇرىمەن» دەپ تىل خەت بېرىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ. ناۋايدىكى ئامانەت تەڭگىلەرمۇ بىر - بىرلەپ يېيىلىپ تۈگەپتۇ. ناۋاي بولسا ئامەتكە ئېرىشىپ، بەگلىك مەنسەپدە يۇرت سوراپتۇ. ھېيتنىڭ ھال - كۆنى يەنە بۇرۇنقىدەك نېنى

— سەن كىمسەن؟ — دەپتۇ سەرراپ ئالدىراپ.

— مەن بىر تۈزچى، غوجام، — دەپتۇ ھېيت يىغلامسىراپ ۋە ۋەقەنى بايان قىپتۇ، كېسىلگەن خورجۇننى كۆرسىتىپتۇ. كىشىلەر ھېيتنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ ئىچىنىپتۇ. لېكىن سەرراپ ساقاللىرىنى تىترىتىپ، غەزەپ بىلەن:

— ماڭ نېرى! مەن بازار ئاقساقىلىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بۇنى يۈز تىللاغا سېتىۋالدىم، مانا تىلخەت. مەن سەندەك جۆندەكنى تونۇمايمەن! — دەپتۇ.

ھېيت يۈز تىللا دېگەن گەپتىن، ھەممە خەقنىڭ شۇنچە قىزىقىپ قاراشلىرىدىن ئۆزى تېپىۋالغان نەرسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تىللا دېگەن نەرسىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمىگەچكە يەنە گاڭگىراپ قاپتۇ.

ھېيت يەنە تۈزچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. قاتتىق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈز كولاۋاتسا توساتتىن سايىنىڭ ئىچىدە كۈچلۈك بىر قۇيۇن پەيدا بوپتۇ. قۇيۇن ھېيتنىڭ ئالدىغا كېلىپ چىپپىدە توختاپتۇ-دە، ھېلىقى كىيىك يەنە غىل-پال كۆرۈنگەندەك بوپتۇ. ھېيت ھەيران بولۇپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قارىسا، ئالدىدا بىر مۇنچە تەڭگىلەر پارقىراپ تۇرغۇدەك. ھېيت «بۇ ساپ مىستىن قۇيۇلغان تەڭگىدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە تەڭگىلەرنى تېرىپ نان خالتىسىغا ساپتۇ.

ھېيت ئۆيىگە يېنىشىدا بىر لەڭگەردىن ئۆتىدىكەن. بۇ يەردە بىر نەچچە ھۆپىگەر دۇكان ئاچىدىكەن. ئۇ لەڭگەرگە كېلىپ ھېلىقى تەڭگىدىن بىرنى ئېلىپ، ناۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ-دە:

— ئۇستام مۇشۇ مىس تەڭگەمگە نان بەرسىلە، — دەپتۇ.

ناۋاي ھېيتنىڭ قولىدىكى تەڭگىنى كۆرگەن ھامان:

— ماقۇل غوجام يىگىت! — دەپتۇ ئۇپۇل-توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، — نەچچە نان ئالىلىكىن؟

مۇئەللىپ بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىدۇكى: دۇنيا-
ئوقەت ئالدى بىلەن بوشلۇقتىن كېتىدۇ. ۋەھالەنكى بوشاڭلىقنىڭ تېگى
گوللۇق. ئېچىپ ئېيتقاندا، گالۋاڭلىقتۇر. شۇڭا كىمكى بەخت-
سائادەتكە ھېرىسمەن بولسا، ئالدى بىلەن گالۋاڭلىقنى ئۆزلىرى-
دىن ساقىت قىلىشقا تىرىشقاي. كىمكى بۇ جاھاننىڭ ھۆزۈر-
ھالاۋىتىگە ئامراق بولسا گالۋاڭ بولماي، زېرەك بولغاي. كىمكى
ئۆز ئەۋلادىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنسە ئالدى بىلەن ئەقىل-ئىد-
رەك نۇرى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتقاي. بولمىسا، سەن ئۆز
پەرزەنتىڭگە ھەزرىتى سۇلايماننىڭ پۈتۈن تاجى-دۆلىتىنى مى-
راس قالدۇرغىنىڭ بىلەنمۇ، بالاڭنىڭ ياتىدىغان يېرى ئالتۇن تەخت
بولماي، ناۋاينىڭ تونۇرى بولغاي! سەن ياندۇرغان چىراغمۇ
ياغسىز قېلىپ ئاخىرى ئۆچۈپ پۈتكەي. ھايات سەھنىسىدىكى ئىز-
لىرىڭنىمۇ قۇم بېسىپ كەتكەي!....

(«يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىدىن ئېلىندى)

پۈتۈن بولمايدىغان، ئۇچىسى ئىسسىق كىيىم كۆرمەيدىغان ئەھۋالغا قاپتۇ.

كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇز ئاچ قورساق تۈز كولاۋاتسا ھېلىقى كىيىك يەنە يەيدا بولۇپتۇ.

— ئەي ئادەمزات! — دەپتۇ ئۇ زۇۋانغا كېلىپ، — مەن چىن ماچىن پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن. سەن جاڭگالدا ئېزىلىپ ئۆلگىلى قوپقاندا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرى بىلەن كىيىك سۈرىتىدە كېلىپ سېنى قۇتۇلدۇرغانىدىم. مەن ساڭا ئۈچ نۆۋەت شەپقەت قىلدىم. لېكىن سەن قولۇڭغا كىرگەن بەختىڭنىمۇ تۇتالمىدىڭ. سەن گەرچە ئاق كۆڭۈل بەندە بولساڭمۇ، ئەمما پاراسەتسىز گول بىر ئادەم ئىكەنسەن. خۇدا ئەسلىدە سېنىڭ گالۋاڭلىق ھالىڭغا يارىشا كۈن ئاتا قىلغانىكەن. ساڭا ئالەمنىڭ ھۆزۈر - ھالاۋىتى ئەمەس، بەلكى جاپا - مۇشەققىتى مۇناسىپكەن. ۋاي ئېسىت، ساڭا قىلغان ئەقىدىلىرىمگە.

كىيىك «ۋاي ئېسىت» دېگەن زامان ئاغزىدىن ئىس بىلەن بىرگە ئوت ئۆرلەپتۇ. ئارقىدىن ئۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ، چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىن ياشلار ئېقىپ، قىزىل ئالمىدەك يۈزلىرىگە يامرىغان زامان ئاسماندىن يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. نازۇك قوللىرى بىلەن يۈزىنى بىر توسقانىكەن، ئاسمانىنىمۇ، زېمىنىنىمۇ قارا زۇلمەت بېسىپتۇ. ھېيت تۈز كولىغان ئورەككە مۈككىدە چۈشۈپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يېتىپتۇ. ھېچ قانداق ئاۋاز ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ئالەم يورۇق، ئەتراپ جىمجىت. پەرىزاتنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ھېيتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىشق ئوتى يامراپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلىگە: «بۇ جىن بولسا، ماڭا بالا - قازا كەلتۈرەرمىكىن» دېگەن ئەندىشىلىك گۇمان كەپتۇ - دە، دەرھال پايپاسلاپ يورۇپ كېتىپتۇ...

ئۆلتۈرۈپ يېسەك؟ — دەپتۇ. باللىرىنىڭ زارىغا چىدىمىغان ئانا:

— باللىرىم، بۇ ئىلتىماسىڭلارنى داداڭلىغا دەي. ماقۇلغا كىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ پېخسىق باينىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. باللىرىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان باي، بىر هازا تىلىنى چايناپتۇ، چىچاڭشىپ - قايناپتۇ. «ماقۇل» دەي دېسە بىر پاقلانغا كۆزى قىيماپتۇ. «ياق» دەي دېسە تېخى بولماپتۇ. ئاخىرى قاسساپ بازىرىغا بېرىپتۇ. بارغاندىمۇ گۆش ئەمەس، كاللا-پاقالچاق ئالىدىغان بولۇپتۇ.

پېخسىق باي قاسساپ بازىرىغا بارغاندىن كېيىن هەممە دۇكانلارغا قاراپتۇ. نەدە ئەرزان كاللا بار ئىكەن دەپ ماراپتۇ. بىر قاسساپنىڭ كونا داستىخانغا يۆگەپ قويغان كاللا- پاقالچاقلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئەمما باهاسىدا كېلىشەلمەي ئالماپتۇ. قاسساپ: «ئەرزان كاللا - پاقالچاق لازىم بولسا پالانى يۇرتقا بارسىلا» دەپ چاقچاق قىپتۇ. بۇ گەپنى راست دەپ ئويلاپ قالغان پېخسىق باي يولنىڭ يېقىن - يىراقلىقىغا قارىماي، قاسساپ دېگەن يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ بىر كۈن يول مېڭىپ هېلىقى يۇرتقا بېرىپتۇ، بارغىچە قورسىقى ئېچىپتۇ، ماغدۇرى قېچىپتۇ. ئۆزى بولدى دېگۈچە هېرىپتۇ. قاسساپ بازىرىنى ئىزدەپ- سوراپ تېپىپتۇ- دە، ئۇدۇل كەلگەن بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ سودىلىشىپتۇ. ئەمما بۇ يۇرتتىمۇ باها ئوخشاش ئىكەن. ئىككى - ئۈچ داچەننى ئوشۇق خەجلەشكە كۆزى قىيمىغان باي بۆلەك بىر يۇرتنىڭ قاسساپ بازىرىنى مەنزىل قىلىپ قەدەم تاشلاپتۇ. ئىككى كۈن دېگەندە كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. هەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت بولۇپ چىقىپتۇ. هەممە يۇرتنىڭ قاسساپلىرى دېيىشىۋالغاندەكلا، كاللا-پاقالچاققا ئوخشاش باها قويۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

هېلى داچەن پۇلىنىڭ كۆزىگە، هېلى قاسساپنىڭ كۆزىگە تەل-

# پىخسىق باي

بۇرۇنقى زاماننىڭ ئاۋۋىلىدە، كېيىنكى زاماننىڭ بېشىدا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قېشىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تېشىدا خېلى ئاۋات بىر جاي بار ئىكەن. بۇ جايدا ناھايىتى پىخسىق بىر باي ئۆتكەنىكەن. باي شۇنچىلىك پىخسىق ئىكەنكى، ئۆزىنىڭ يېگەن ئاش نېنىغا ئۆزى چىدىمايدىكەن. خوتۇن - بالىلىرىنىڭ يەپ - ئىچكىنىگە تېخىمۇ پايلىمايدىكەن. مىڭلاپ قوي، كالىسى بولسىمۇ، قازىنىغا ئۇ ئايدىن - بۇ ئايغا بەرەر قېتىم گۆش سالمايدىكەن. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى. نەچچە قازناقتا ئىشى، نەچچە كات - ساندۇقتا گۈلە - قاق، يېمىشى بار ئىكەنۇ، ئۆزىدىن تارتىپ بالىلىرىغىچە، يىلىلىقچىلىرىدىن تارتىپ مالايلىرىغىچە بىرەر قېتىم بولسىمۇ تويۇپ تاماق يېيەلمەيدىكەن. بايلىقىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەيدىكەن. شۇڭا يۇرت - مەھەللە ئۇنى «ئارپا نانىدىن قىل سۇغۇرىدىغان، ئۆلۈكتىن دوئا تاما قىلىدىغان پىخسىق باي» دەپ مەسخىرە قىلىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىخسىق باينىڭ ئوغلى بىلەن قىزى ئانىسىنى دالدىغا چاقىرىپ:

— ئانا، قۇربان ھېيتتا زۇكامداپ قېلىپ گۆش يېيەلمىدۇق. مانا ئەمدى زۇكامدىن يېشىلىپتىمىز. بىراق، يەيلى دېسەك قۇرۇق زاغرىدىن باشقىسى يوق، گېپىمىزنى دادامغا دېيەلمىدۇق، كۆڭلىمىز گۆش تارتىپ تۇرىدۇ. دادامغا دېسەك، بىرەر پاقلان

باي بىر ئاماللارنى قىلىپ، چىداپ تۇرۇپ يۇتۇشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا بىر پارچە قاتتىق زاغرا پېخسىق باينىڭ گېلىغا كەپلىشىپ قېلىپ ھېقىداشقا باشلاپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پېخسىق باينىڭ دۈمبىسىگە خېلى ئۇزاق مۇشتلاپ تۇرۇپ مىڭ بىر بالادا كەپلىشىپ قالغان ناننى ياندۇرۇپتۇ.

جېنى قىينالسىمۇ پۇلى چىقىم بولماي قورسىقى تويغىنىغا رازى بولغان پېخسىق باي ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قاچا ئاش سۈيى ئىچىپ راسا بىرنى كېكىرىپتۇ-دە، ئىسسىق باسقانلىقتىن ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پېخسىق باينىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئىچىدە كۈلسىمۇ سىرتقا چىقارماپتۇ. ئۇ پېخسىق باينىڭ تومپىيىپ تۇرغان قاپچۇقىغا قاراپ: «بۇ ئادەم مۇساپىردەك قىلمايدۇ. قولىنى قاپچۇقتىن ئالمايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا پۇلنى خەجلىگىلى كۆزى قىيمايدىغان، ئىمكانىيىتى تۇرۇپ جېنىنى قىيمايدىغان، مال-دۇنياغا كۆزى تويمايدىغان پېخسىقتىن ئوخشايدۇ. توختا مەن بۇنى ھېلىقى ئىشمىغا سېلىپ ئازراق تەربىيىگە ئىگە قىلىپ قويايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەسلىدە ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ بىر ئاكىسى بولۇپ، خەقنى تالاپ، سىقىپ-يالاپ نۇرغۇن پۇل-پۇچەك، كىيىم-كېچەك، مال-دۇنياغا ئىگە بولغانىكەن. ئەمما ئېسىيادى بىرنى ئىككى، ئوننى يىگىرمە، مىڭنى ئون مىڭ... قىلىشنىڭ غېمىدە بولغاچقا، ئۆزىمۇ يېمەي، بالا-چاقىلىرىغىمۇ بەرمەي كۈن ئۆتكۈزۈدىكەن. «كۈلسەم بالا-چاقىلىرىم پۇل دەيدىكەن» دەپ كۈلمەيدىكەن. يىغىدىكەن-يىغىدىكەن، نەچچە ساندۇقتا تىللا، تەڭگىسى بارلىقىنى بىلمەيدىكەن. قىسقىسى پېخسىقلىقتا ئۇنىڭ قولىغا ھېچكىم سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن.

بىر قېتىم ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ ئاكىسى قازناقتىكى

مۇرۇپ ھالىدىن كەتكەن پىخسىق باينىڭ ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرى
تارتىشىپ ماغدىدەك ھالى قالماپتۇ. ئەمما پۇلنىڭ مېھرىدىن
كېچەلمەي، بىرەر قاچا ئىسسىققىنا تاماق ئېلىپ ئىچەلمەي چۆگى-
لەپ يۈرۈپتۇ - دە، بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. خىلمۇ
خىل مەززىلىك تاماقلارنىڭ پۇرىقى دىماقىغا ئۇرۇلۇپ، كۆڭلىنى ئاي-
لاندۇرۇپتۇ. شۇڭا بۇ يەردىن كېتەلمەي خېلى ئۇزاق تۇرۇپتۇ. ئاشپەز
ئۇستام پىخسىق باينىڭ توپا-چاڭ باسقان تەلەتىگە قاراپ مۇساپىر
ئوخشايدۇ، دەپ خۇدا يولىدا بىر قاچا تاماقنى بىكارغا بەرمەكچى
بولۇپ دۇكانغا چاقىرىپتۇ. پىخسىق باينىڭ كۆزى قاچىدىكى ئاشقا
چۈشۈپ ئاشقازىنى كولدۇرلاپتۇ، غولدۇرلاپتۇ. ئەمما پۇلنى ئويلاپ
چىرايى ئاقىرىپ، كەينىگە نەچچە قەدەم چېكىنىپتۇ.

بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پىخسىق باينىڭ تاماققا قاراپ مۆلدۈر-
لىگەن كۆزىنى، ئاچلىقتىن دىرىلدەۋاتقان تىزىنى، بېلىدىكى قاپ-
چۇقنى چىڭ چاڭگاللىۋالغان ئەلپازىنى، ئۆزىنىڭ قورسىقىغا تاماق
ئېلىپ يېيىشكىمۇ چىدىماي بىسەرەمجان بولغان ھالىتىنى يىراقتىن
كۆرۈپ قاپتۇ-دە، بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ كۈلۈمسىرەپتۇ.
ئاندىن ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ، دۇكاننىڭ ئالدىغا چىقىپ،
پىخسىق باينى ئىچكىرىگە سۆرىگەندەك ئېلىپ كىرىپتۇ. بىر نەچچە
قاچا ئاش - تاماق ئەكىلىپ بېرىپتۇ پىخسىق باي
«يەيمۇ — يېمەيمۇ؟» دېگەندەك ھالەتتە، تاماقلار سوۋۇپ
كەتكەنگە قەدەر ئىككى خىيال بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن يېمەس-
لىك قارارىغا كېلىپ، بەلبېغىغا چېگىۋالغان قاتتىق زاغرىسىنى
ئېلىپ ھېجىرغا چىلاپتۇ - دە، ئۈستىگە ئاش سۈيى ئۇسۇپ بېرىش-
نى تەلەپ قىپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پىخسىق باينىڭ دېگىنى
بويىچە قىلىپ بېرىپتۇ.

قېتىپ كەتكەن زاغرا ھېچ يۇمشايدىغاندەك ئەمەسكەن.
تاشتەك زاغرىنى چايناپ يۇتماق بەكمۇ تەسكەن. بىراق، پىخسىق

دېگەن گەپ كەتمەپتۇ. ئاشۇزۇل خوجاينى پىخسىق ئاكىسىنى
يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، قازىخانىغا بېرىپ بولغان
ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. بۇنچە دۇنيانى قانداق بىر تەرەپ
قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئايان قىپتۇ. نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار-
دىن كېيىن ئۇ پۇللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىختىيارى پىخسىق
باينىڭ بالا - چاقىلىرىغا تاپشۇرۇلۇپتۇ. باينىڭ ئايالى:
— بۇ مال - دۇنيالارنى ئەل - جامائەتنىڭ ئىختىيارىغا
تاپشۇرساق، مەرھۇم ئېرىم ھايات ۋاقتىدا بۇ پۇللار بىزگە
ئەسقاتمىغان. ئېرىمنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغىمۇ قۇتاتمىغان.— دەپ
تۇرۇۋاپتۇ. شەھەر قازىسى:
— يۇرتىمىزدا مۇساپىرخانىلار، دەڭ- سارايلار، مەدرىسە-
مەكتەپلەر يېتىپ ئاشىدۇ. كۆۋرۈك، يول دېگەنلەرمۇ ئۆز ھايىدا
تولۇق. شۇڭا بۇ پۇللارنى مۇۋاپىق بىر خىل ئۇسۇل بىلەن
ئىشلەتكەن ياخشى. — دەپتۇ. مۇشۇ تالاش - تارتىشنىڭ ئۈستىگە
80 ياشتىن ئاشقان بىر مويسىپىت يېتىپ كېلىپ ئوبدان
مەسلىھەتتىن بىرنى بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭچە بىر ئاشخانا ئاچايلى. تامىقى ھەقسىز بولسۇن،
مەيلى مۇساپىر، مەيلى بەختسىز بولسۇن، بۇ ئاشخانىغا كەلسە
قورساقنى تويغۇزۇپ مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلسۇن...
بۇ مەسلىھەت ھەممىگە يېقىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى مۇنداق
بىر تەكلىپنى قوشۇمچە قىپتۇ:
— ئېرىم رەھمەتتى بەكمۇ پىخسىق كىشى ئىدى. ئۆزىمۇ
يېمەيتتى، بىزگىمۇ يېگۈزمەيتتى. پۇل - مال بار ئۆيگە بىزنى كىرگۈز-
مەيتتى. سىقىپ - يالاپ يىققان دۇنياسىنى چاشقان توشۇپ كەت-
تى. شۇ پۇلنىڭ دەردىدە ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى. سەكراتتا «يېمى-
گەننىڭ چىشىغا تاش» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى.
شۇنچە كۆپ بايلىق تۇرۇغلۇق يا ئۆزىنى، يا بىزنى بەختكە باشلى-

ساندۇقلىرىغا قانچىلىك پۇل يىغىلغىنىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپ، ئىشكىنى ئېچىپ قازناققا كىرىپتۇ. ساندۇقلىرىغا قارىسا بىرمۇ تەڭگە يوقمىش! ئۇ شۇ ھامان «ئالا - كالا» دەپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. كۆزلىرى تارتىشىپ، بېشى قېتىپتۇ. ئۇنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان بالا - چاقىلىرى قازناققا كىرگەندە پىخسىق باينىڭ قولى مەيدىسىدە، كۆزى گەجگىسىدە بىھوش بولۇپ ياتقانىكەن. يۈز - كۆزلىرىگە سۇ سېپىپ، نەچچە ئون كۈن داۋالاپ بېقىپ، ئاران دېگەندە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

باشقىلار نېمە بولغىنىنى سورىسا دېمەپتۇ. دورا بەرسە يېمەپتۇ. پەقەت «يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش... يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش...» دەپ پىچىرلاشتىن باشقىنى بىلمەپتۇ. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ ھەرەمخانا ئۆيىنىڭ تېمى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ: تام ئاستىدىكى تۆشۈكتىن تىللا، تەڭگىلەر تۇرۇكلاپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئاشپۇزۇل خوجايىنى ھەيران ھەس بولۇپتۇ. تەڭگە - تىللالارنى يىغىۋېلىش تەس بولۇپتۇ. چاشقان تۆشۈكىدىن چىققان تەڭگە - تىللا بىلەن ئون ساندۇق لىقمۇ لىق تولۇپتۇ.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى يىقىلىپ چۈشكەن تامدىكى چاشقان تۆشۈكىنى بويلاپ قېزىپ ماڭغۇدەك بولسا، بۇ تۆشۈك ئۇدۇل ئاكىسىنىڭ قازنىقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ توختاپتۇ. دېمەك، چاشقانلار پىخسىق باينىڭ ساندۇقىنى تېشىپ ھەممە تەڭگە، تىللانى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا توشۇپ كەتكەنىكەن.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئاغرىق ئاكىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بولغان ئەھۋالنى چالا قويماي دەپتۇ. شۇ چاغدىلا كېسەل ياتقان باي ئورنىدىن قىمىرلاپ قويماقچى، نەچچە يىللاپ يىققان پۇللىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ. لېكىن ماغدۇرى يەتمەپتۇ. تاكى نەپەستىن قالغۇچە ئاغزىدىن «يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش...»

بولۇپتۇ. كېيىن بەش تەڭگىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆچ - غەيرەتكە تولۇپتۇ.

بىر كېچە ئۆتۈپتۇ. تاپشۇرۇلغان خىزمەت پۈتۈپتۇ. ئەتىسى تاڭمۇ ئېتىپتۇ. پېخسىق باي بەش كۈمۈش تەڭگىنىڭ خۇشاللىقىدا تۈمىقىنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ. ئاشپۇزۇلىنىڭ خوجايىنى پېخسىق باينىڭ قولىغا بەش تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— قەبرىنى چېقىپلا، قىلغان ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپتۇ. ئەمدى مالال كەلمىسە، بىزنىڭ ئۆيدە يەنە بىر كۈن تۇرۇپ بەرسىلە. قەبرىنى بۇرۇنقىدەك ياساپ بەرسىلە. ئىش ھەققىلىرىگە ئون تەڭگە ئالسىلا. ئاندىن ئۆيلىرىگە يانسىلا؟

ئاۋۋالقىدىن بەك ھەيران بولغان پېخسىق باي:

— ۋاي، ۋاي، ھەرگىز مالال كەلمەيدۇ. خىزمەتلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي تۇرۇپ كەتسەم، ئۆيلىرىدە يېگەن تۇز - تائاملىرى ئەسلا ھالال بولمايدۇ. دېگەنلىرىچە بولسۇن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كېچىدىن ئۆزى تۇقماقلىغان قەبرىنى ئۆزى ياساشقا كىرىشىپتۇ. قەبرە پۈتۈپتۇ. پېخسىق باي يەنە ئون كۈمۈش تەڭگىگە ئېرىشىپتۇ.

«نېمىشقا چاقتۇرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ياساتقۇزىدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال كاللىسىنى چىرمىۋالغان پېخسىق باي كەچلىك غىزا ۋاقتىدا ئاشپۇزۇل خوجايىنىدىن ئەھۋالىنىڭ تېگىنى سوراپتۇ. خوجايىن دەپتۇكى:

— ئۆزلىرىنى ھەيرانلىقىنىڭ يىپى چىرماپتۇ، ئوراپتۇ. بوپتۇ مەن بۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجىرىنى دەپ بېرەي...

خوجايىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يىپىدىن - يىڭ

يالمىدى، شۇڭا كېيىنكىلەرگە ساۋاق قىلىش ئۈچۈن ئېرىم جان ئۈزگەن قازناقتا بىر گۈمبەز سېلىنسا، گۈمبەزنىڭ ماڭلىيىغا: «يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش» دېگەن لەۋھە ئېسىلسا. دۇنيا غېمىدە ئارام تاپمايدىغانلار، پىخسىقلىق قىلىپ بالا-چاقىسىنى باقمايدىغانلار بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ ھوشىنى تاپسا، پىخسىقلىقنىڭ يولىدىن ئازراق چاپسا.

بۇ تەكلىپ چوڭ-كىچىك، توڭ-پىششىق ھەممەيلەنگە ياراپتۇ. كىشىلەر شۇ خۇلاسىگە كېلىپ قازدىخانىدىن تاراپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. مۇساپىرلارغا ھەقسىز تاماق بېرىدىغان ئاشپۇزۇلمۇ، بېخىللارغا ئىبرەت قىلىدىغان گۈمبەزمۇ پۈتۈپتۇ.

بىز گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى ئاشپۇزۇلدىن ئاڭلايلى.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى پىخسىق بايىنى ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. پىخسىق باي خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئېلىپتۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن چاي-مەزە تارتىپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە كەچ كىرىپتۇ. ئاشپۇزۇلىنىڭ خوجايىنى پىخسىق بايغا:

— ئۆزلىرى بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئوخشايلا، ھاجەتمەن ئىكەنلىكلىرىنى بىلگەنتىم بايىلا. شۇڭا ئۆزلىرىگە بىر ئىش تاپىلاي. مانا ماۋۇ ساراي، ئەنە ئاۋۇ گۈمبەز. گۈمبەزنى ئاچىلا. قەبرىنى كالتەك بىلەن چاقىلا. ئەمما شەرت شۇكى، ھەر كالتەك ئۇرغاندا «يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش» دېگەن سۆزنى بىر قېتىم ئېيتسىلا. ئىش ھەققىلىرىگە بەش كۆمۈش تەڭگە بېرىمەن. قانداق، گەپكە ئۇنامىلا، بۇ خىزمەتكە رازى بولامىلا؟ — دەپتۇ. پىخسىق باي دەسلەپتە ھەيران

بۇ قېتىمقى سەپەر پېخسىق باينىڭ سىقىپ يالايدىغان كېسەلىگە «نەپ» بېرىپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئۆزىنىڭ بۇ چاقىچە قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن، سەۋەن كەتكەنلىكلىرىدىن ئەپۇ سوراپ خىزمەتكارلىرىغا، خوتۇن - باللىرىغا كۆڭۈل قويۇپتۇ. قول - چاكارلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇقى بىلەن بېرىپ، رازى قىلىپ، ئازادلىق جاكا قىپتۇ. يۇرتقا ئاش تارتىپ، زۇلۇم - سىتەمدىن، پېخسىقلىقتىن باش تارتىپ قەرز - جازانە ھۆججەتلىرىنى بىكار قىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنى ھېچكىم «ئارپا نېنىدىن قىل سۇغۇرىدىغان، ئۆلگەندىن دۇئا تەلەپ قىلىدىغان پېخسىق باي» دېمەيدىغان، باللىرىمۇ بار تۇرۇپ قىسىلمايدىغان، بايمۇ سىقىپ - يالاپ يېمەيدىغان بولۇپتۇ.

بالىلارنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپتۇ، چوڭىيىپتۇ. ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى قولىغا ئېلىشىپتۇ. ھالاللىقتىن كەلگەن بايلىقنى جايىدا تەسەررۇپ قىلىپ، ياخشى - يەپ، ياخشى كىيىپ، خاتىرجەم، بەختىيار ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قارىقاشتىن نۇغۇلنىيازخان

نىسىغىچە، كۈنىسىدىن - يېڭىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ تەپسىلاتلارنى ئاڭلاپ پىخسىق باينىڭ بېشى پىررىدە قېيىپتۇ.

— رەھمەت بۇرادەر، — دەپتۇ پىخسىق باي! — مېنى ئوبدان ساۋاققا ئىگە قىلدىڭىز. دېمىسىمۇ يېمىگەنىمنىڭ چىشىغا تاش. ھالىمغا ۋاي. مەنمۇ خۇددى سىزنىڭ ئاكىڭىز- دەك ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدىم. كۆڭلۈم دۇنيانىڭ غېمىدە، ئۆمرۈم بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆتكەنى- دى. بالا - چاقامغا بىر پاقلان ئۆلتۈرۈپ بېرىشتىن قېچىپ نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ بۇ يەرگە بىر كاللا سېتىۋېلىشقا كەلگەنتىم. ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلىۋالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشىگە مەسخىرىلىك كۈلۈۋالدىم.

پىخسىق باي شۇ گەپنى دەپ بولۇپ قەبرە چاققان ۋە ياسىغان ئىش ھەققىگە ئالغان 15 تەڭگە پۇلنى ئاشپۇزۇل خوجايىنغا قايتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. توسقانغىمۇ باقماي، قاراڭغۇدىنمۇ قورقماي ئۆز ئۆيىگە بالا - چاقىلىرىنىڭ قېشىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

پىخسىق باي يۇرتىغا چىنىڭ چۈشتە يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا بازار راسا قىزىغانىكەن. ئۇ قاساپ بازىرىغا بې- رىپتۇ. بىر سېمىز قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈن ئاپتۇ. ئۆيىگە كەلسە باللىرى دادىسىنى ئويلاپ، قاتتىق زاغرىنى چايناپ، زەردىسى قايناپ ھەسرەتكە پايلاپ ئولتۇرۇشقاندەك.

دادىسىنىڭ پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن كىرگىنىنى كۆرگەن باللارنىڭ تىلى ھەيرانلىقتىن گەپكە قولاشماپتۇ. تىنچ ئامانلىق سورىشىپتۇ. گۆشنى پارچى- لاپ پىشۇرۇپتۇ، تاماق يېيىشىۋېتىپ پىخسىق باي كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى چالا قويماي دەپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ،

خۇش چىرايلىق پىشىپسىز.
كۆزگىدىن توققۇز ئايلىق كىچىكسىز،
ئالدىراپ تۆپىسىگە چىقىۋاپسىز.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ، تېرىق ناننى «سىز مەيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ!» دەپ داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئارپا ناننى قولىغا ئېلىپ، ئالدى - كەينىگە بىر نەزەر سېلىپ:

مەن - مەن دېگەن ئوغۇللار،
ھەددىدىن ئاشماس.
سىز خېنىمنى مەن كۆرمىگىچە،
قاينىماس - تاشماس.
مەن ئۆزۈم بەك سوغۇق جان،
ئارپا نېنى ياراشماس.

دېگەن قوشاقنى ئوقۇپ، «سىزمۇ مەيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ!» دەپ، ئارپا نېنىنى داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن قاتلىما ناننى ئىشتىھا بىلەن ھوزۇرلىنىپ يەپتۇ.

يىگىتنىڭ ئەقىل - پاراستى ئايشەمخاننى قايىل قىپتۇ، ئۇ يىگىتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ، ئاخىرىدا يىگىت بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ خۇشال - خۇرام ھايات كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە لاسكۈي يېزىسىدىن: مەتكىرەم توختى

## تويلىشىش

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا بىر ياش يىگىت ئايشەمخان ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنمەك بوپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئايشەمخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئايشەمخان يىگىتنى خۇشال قارشى ئاپتۇ. يىگىت تۆردىن ئورۇن ئېلىپ پاتىھە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايشەمخان يىگىتنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، دەرھال ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. ئىگەنگە ئۈچ خىل نان — ئاستىغا قاتلىما، ئوتتۇرىسىغا ئارپا نېنى، ئۈستىگە تېرىق نېنى تىزىپتۇ. يىگىتنى چايغا ۋە مەزىگە تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت نانىنىڭ تىزىلىشىغا قاراپ قىزنىڭ ئۆزىنى سىناپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، مۇنداق خىيالغا كەپتۇ: «مەن بىردىنلا ئىگەنگە تىزىلغان نانلارنىڭ ئەڭ ئاستىدىكىسى قاتلىما نانىنى يېسەم بەكمۇ سەت بولار، ئۈستىدىكى تېرىق نانىنى يېسەم، مېنى تازىمۇ نەپسى ئاۋارىسى ئىكەن دەپ ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ. مەن داستىخانغا قويۇلغان نانىنى ئېلىپ يېيىشتە تەمسىل قوشاقچا قېتىپ، ئايشەمخاننىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان مۇشۇ سىناق ئۆتكەلىدىن چوقۇم ئۆتۈشۈم كېرەك.»

ئۇ ئىنتايىن تەمكىنلىك، ئەدەب بىلەن تېرىق نانىنى قولىغا ئېلىپ:

تېرىق نان مەغزى قىزىل،

دىغان خوتۇن چىقماپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇ يىراق بىر يېزىدىن لايىق تېپىپتۇ. ئۇ لايىقىغا لاپنى بولۇشىچە ئۇرۇپ، بار بىساتلىرىنى ئۇ ئايالغا بېغىشلاپتۇ.

سەۋرىخان ئاتلىق بۇ ئايال ناھايىتى زېرەك، ساپ كۆڭۈل، ئېغىر بېسىق، نومۇسچان ئايال ئىكەن. تاماققا قالتىس ئۇستا ئىكەن.

بىر كۈنى سەۋرىخان راسا ئوخشىتىپ پوشكال قىپتۇدە، لېگەن بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇ چاينى ئەكەلگىچە ساۋۇت قاتتىق بىر لېگەن پوشكالنى پاك - پاكىز سوقۇۋېتىپتۇ. ئۆزى ئەتكەن بۇ تاماقنى تېخى تېتىپ باقمىغان سەۋرىخان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ ۋە ئېرىدىن سوراپتۇ:

— ساۋۇتۇم، پوشكال قانداقراق بوپتۇ؟

ساۋۇت قاتتىق چىنىدىكى چاينى سۈمۈرگەچ بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ:

— ناھايىتى ئوخشاپتۇ، مەززىلىك بوپتۇ، بىراق ئاز ئېتىپ قويۇپسەن، — دەپتۇ.

سەۋرىخان بۇ ئىشنى كۆڭلىگە سېلىپ قويۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال دائىم بولىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ساۋۇت قاتتىق:

— خوتۇن، ماي بۇزۇلامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماي بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسە ئەلۋەتتە بۇزۇلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەۋرىخان.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساۋۇت قاتتىق تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىلدىكى ساماننىڭ ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن يوغان بىر تۇلۇك مايىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— خوتۇن، مەن شەھەردىن چىققىچە، ئوخشىتىپ، تويغۇدەك پوشكال سېلىپ قويغىنا، — دەپتۇ.

## ساۋۇت قاتتىق

بۇرۇن ساۋۇت قاتتىق، سەۋرىخان ئاتلىق بىر ئەر-خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ساۋۇت قاتتىق ئىنتايىن بېخىل ئىكەن. ئۇ ھېچقانداق كىشىگە نەپ بەرمەيدىكەن. ئىلاجى قىلىپ باشقىلاردىن يۇلۇۋېلىشنى كۆزلەيدىكەن. ئائىلىدە خوتۇن - باللىرى تويغۇدەك تاماقمۇ يېيەلمەيدىكەن. خوتۇنى تاماققا تۇتۇش قىلسا، «ئۇن كۆپ بولۇپ كەتتى، مايىنى ئاز قۇي، ماي قۇيساڭ گۆش توغرىما، گۆش توغرىساڭ ماي قۇيما، بارىغا شۈكرى قىلساڭ نېمەت كۆپىيىدۇ» دەپ ئارىلىشىدىكەن. بارىنىمۇ يېگۈزمەيدىكەن. نەرسىلەر كۆكىرىپ بۇزۇلۇپ قالسا: «بۇنى يېۋېتىڭلار، ساۋاب بولىدۇ. خۇدانىڭ نېمىتى ئىسراپ بولسا يامان بولىدۇ» دەپ تۆككۈزمەي خوتۇن - باللىرىنى يېيىشكە زورلايدىكەن. خوتۇنى ئۇنىڭدىن قورقۇپ تاماقنى ئاز ئېتىدىكەن. ئۇ تاماق ساۋۇت قاتتىقنىڭ قارنىدىن ئاشمايدىكەن. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى نەزىر - چىراغدىن يىغىپ كەلگەن، ئۆيدە ئۇزاق تۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن نان ۋە پوشكالالارنى سۇغا چىلاپ يېيىشىدىكەن ياكى قورسىقىنى بوران قېقىمۋەتكەن ئالما-ئۆرۈكلەر بىلەن گوللاپ يۈرۈشىدىكەن. شۇڭلاشقا ساۋۇت قاتتىقنىڭ قولىدا خوتۇن تۇرمايدىكەن.

ساۋۇت قاتتىققا ئۆز مەھەللىسى، ئۆز يۇرتىدىن تېگى-

دا تۇرۇپتۇ، يۈرەك - باغرىمنى يۇلۇپتۇ، سەن بەدبەخ خوتۇن مېنى گادايلاشتۇرۇۋېتەي دەپسەن، ھازىر يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئاچچىقىغا پايلىماي ھېلىقى پوشكاللارنى تەگلە بىلەنلا كۆتۈرۈپ سەۋرىخاننىڭ بېشىغا ئېتىپتۇ. تەگلە سەۋرىخاننىڭ بېشىدىن ھالقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. پوشكاللار چېچىلىپ توپىغا مىلىنىپتۇ. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئالا قانجۇق بۇ «خۇدا بەرگەن» رىسقىنى كۆرۈپ كۈچۈكلىرى بىلەن بىر - بىردىن كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ساۋۇت قاتتىق داد - پەرياد بىلەن توپىغا مىلىنىپ ياتقان پوشكاللارنى پۈلەپ تىرىشكە باشلاپتۇ.

بۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن بوپىسىنى قولتۇقلاپ چىققان سەۋرىخان:

— بىچارە ئالۋاي يېۋالغىن، باللىرىڭمۇ تويسۇن. ئالتە ئايدىن بېرى ساڭمۇ تويغۇدەك بىر نەرسە بېرەلمىگەنتىم، بۈگۈن سەنمۇ توي، يۇندىدىن باشقا يېگۈدەك نەرسە كۆرمەي ئاھىڭ تۇتۇپتىكەن، بۇ رىسقى ساڭا نىسىپ بوپتۇ، — دەپ قاقاھلاپ كۈلگەن پېتى ھويلىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ساۋۇت قاتتىق:

— ۋاي خوتۇن، توختا، توختا دەيمەن، — دەپ سەۋرىخاننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ. ئازراق مېڭىپ ھېلىقى يەردە چېچىلىپ ياتقان پوشكاللار ئېسىگە كېلىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. ھويلىدا تۆت كۈچۈكى بىلەن پوشكال يەپ مەززە قىلىۋاتقان ئالا قانجۇق بىلەن ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى سەزگەن ساۋۇت قاتتىق:

— ۋاي ئىست سەۋرىخان، مەن پوشكالغا تويدۇم، سەن ماڭا تويدۇڭ. بۇ تۆت تام ئىچىدە يەنە مېنى يالغۇز قويدۇڭ! — دېگىنىچە بېرىپ سۇپىدا بېشىنى چاڭگاللاپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن لاسكوي يېزىسىدىن مەتكېرىم توختى

سەۋرىخان ئېرى شەھەرگە مېڭىشتا تازىمۇ يوغان بىر
تەگلە خېمىر يۇغۇرۇپ، ھېلىقى بىر تۈك مايدا بولۇشچە
پوشكال ساپتۇ. بالىلىرىغا تويغۇدەك يىگۈزۈپ، ئۆزى-
مۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى بىرىنچى قېتىم قورساق توي-
غۇزۇپتۇ. قوشنىلارغىمۇ سۇنۇپتۇ، قالغىنىنى تەگلىگە بېسىپ
قازناقتا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئون دانە پوشكالنى ئېگەن بى-
لەن ئىسسىق ئوراپ ئېرىگە ئېلىپ قويۇپتۇ.
كەچكىچە پوشكالغا ئىشتەي ساقلاپ، ئاچ قورساق يۆ-
رۈپ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ كەتكەن ساۋۇت قاتتىق
شەھەردىن چىقىپتۇ - دە، تۆرگە چىقىپ بەدەشقىنىنى
قۇرۇپ:
— قېنى خوتۇن، تامىقىڭنى ئەپكەل! — دەپتۇ.
سەۋرىخان داستىخان بىلەن ئورالغان تاماقنى ئەپ-
چىقىپ ئالدىغا قويۇپتۇ. ساۋۇت قاتتىق ھەش - پەش دې-
گۈچە ھېلىقى ئون دانە پوشكالنى يەپ بوپتۇ.
سەۋرىخان «بۇ دورەمغۇ تويار» دېگەننى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزۈپ ئېرىگە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپتىكەن، ئېرى ئا-
لىيىپ تۇرۇپ:
— سەن بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى قورسىقىم تويغۇ-
دەك تاماق يەپ باقمىدىم، يەنە ئاز ئېتىپسەن! — دەپ
ۋارقىراپتۇ.
— ساۋۇتتۇم خاپا بولمىسىلا، بۈگۈن ئەلۋەتتە تويارلا، — دې-
گىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، قازناقتىكى بىر تەگلە پوش-
كالنى تەگلە بىلەنلا ئەكىرىپ ئالدىغا قويۇپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ساۋۇت قاتتىق كۆزلىرى چەكچەيگەن، چى-
رايى تاتارغان، ساقال - بۇرۇتى تىترىگەن ھالدا ئورنىدىن
چاچراپ قوپۇپ:
— ۋاي ئىسست مېيىم، ۋاي ئىسست ئۇنۇم! مېنى خو-

شۇ كېزلەردە، دېۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئادەمزاتنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەستىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. قارىسا ئوردا ئىچىدە توي قىزىپ كەتكەن. بىر ئۆيگە كىرسە، يېڭى تويلۇق كىيىمى كىيگەن بىر ساھىبجامال قىز يالغۇز ئولتۇرغان. دېۋە دەرھال پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قىزنى كۆتۈرۈپ كەتكەنىكەن.

شاھزادە شۇ ماڭغىنىچە تاڭ ئاتقاندا ئاران شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى چۆلگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر چىغىر يولدا كېتىۋاتقاندا بىر ئاپئاق ساقال بوۋايغا يولۇقۇپتۇ. شاھزادە بوۋايغا تازىم قىپتۇ. بوۋاي شاھزادىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— ھەي يىگىت. نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ئوردىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى بايان قىپتۇ.

— ھەي! ... — دەپتۇ بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بالام، سەن خەتەرلىك يولغا كىرىپ قاپسەن، ئەنە قارا! ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغدا دېۋىلەرنىڭ ماكانى بار. خوتۇنۇڭنى شۇ دېۋىلەرنىڭ بىرسى ئېلىپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن. «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەندەك سەنمۇ ماڭغان يولۇڭدىن قايتما. خەير - خوش! لېكىن ئۆزۈڭگە پەخەس بولغىن، ماڭغان يولۇڭدىكى ھەرقانداق توسالغۇلاردىن خۇدا ساقلىغاي!

بوۋاي دۇئا قىلىپ بولۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شاھزادە يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇ شۇنداق كېتىۋاتقاندا پۇتىغا بىرنەرسە تېگىپ كەتكەندەك بوپتۇ. دەرھال قارىسا يەردە ئادەمنىڭ نۇرغۇن قۇرۇق كاللا ۋە ئۇستىخانلىرى تۇرغۇدەك. شاھزادىنىڭ پۇتى تېگىپ كەتكەن ھېلىقى قۇرۇق كاللىدىن زۇۋان كېلىپ:

# ئىرادىلىك شاھزادە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئەقىللىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. شاھزادە تۇغۇلۇپ ياخشى تەربىيىلىنىپ ئىرادىلىك چوڭ بوپتۇ. شاھزادە پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزىغا ئاشىق بولۇپ، ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بىلەن ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

توي كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى شاھزادە ھوجرىسىغا كىرىپ قارىسا خوتۇنى ئۆيدە يوقمىش، ئۇ «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ئوردا ئىچىنى ئىزدەپ خوتۇنىنى تاپالماپتۇ. بۇ خەۋەر تېزلا ئوردا ئىچىگە ئاڭلىنىپتۇ. تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىلىپتۇ. ئەمما كېلىننىڭ ئىز - دېرىكى بولماپتۇ. خوتۇنىنىڭ دەردىدە شاھزادىنىڭ كۆڭلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەي، ئىچى تىت - تىت بولۇپتۇ، ئۇ خوتۇنىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كەپتۇ ۋە پادىشاھتىن رازىلىق ئېلىپ، سەپەر كىيىمىنى كىيىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئەسلى بۇ شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپى چۆل - جەزىرە ۋە تاغلىق بولۇپ، بۇ جاي دىۋىنىڭ ماكانى ئىكەن. دىۋە يولدىن ئۆتكەن ئادەمزات، ھايۋانات، ھەتتا ئۇچار قاناتلارنىمۇ تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئوزۇقى قىلىدىكەن.

گەندە، سەن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۇنى قازانغا ئىتتىر-
ۋېتىپ، مۈشۈكنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بوينىدىكى ئاچقۇچنى
ئېلىۋالساڭ، مەقسىتىڭگە يېتىشىڭ مۇمكىن، — دەپ جىم
بولۇپتۇ قۇرۇق كاللا.

شاھزادە ئۇستىخانلارغا تازىم قىلىپ يەنە يولغا
راۋان بوپتۇ. شۇنداق تېز مېڭىپ كۈن پېشىن بولغاندا
تاغقا ئۇلىشىپتۇ. شاھزادە غارنىڭ ئىچىگە كىرىشىگىلا قۇ-
يۇن چىقىپ، ھەيۋەتلىك جاراڭ - جۇرۇڭ پەيدا بوپتۇ.
شاھزادىنى بىر ئاز تىترەك بېسىپتۇ، ئۇ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ.
بىر ۋاقىتتىن كېيىن قارىسا، غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان
بىر داش قازاندا ياغ قايناپ تۇرغان. بىر دەمدىن كېيىن
بىر سەت، قاپقارا ئادەم پەيدا بولۇپ، شاھزادىگە قاراپ
ھېجىيىپ:

— كېلىڭ يىگىت، بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىز. قېنى
مەرھەمەت، بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— مەن زادىلا ئۇسسۇل بىلمەيتتىم. ئۆزلىرى ئويناپ
بەرسىلە، مەن ئۆگىنىۋېلىپ ئاندىن ئويناپ بەرسەم، — دەپ
تۇرۇۋاپتۇ شاھزادە.

ھېلىقى سەت ئادەم ھەرقانچە قىلىپمۇ شاھزادىنى كۆندۈ-
رەلمەي، ئۆزى ئويناپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇسسۇلغا
چۈشكىلى تەمشەلگەندە، تۈكلىرى پاخپايغان، بوينىغا نۇرغۇن
ئاچقۇچ ئېسىۋالغان بىر سەت قارا مۈشۈك غارنىڭ تۈڭلۈكى-
دىن چۈشۈپ، ئالدى پۇتىدا پەدە بېسىپ، قۇيرۇقىدا
دۇتتار چاپتۇ. شاھزادە مۈشۈكنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن
مۈشۈككە يېقىن كېلىپ تۇرۇپتۇ. قارا ئادەم ئۇسسۇل ئويناپ
شاھزادىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە شاھزادە ناھايىتى چاققانلىق
بىلەن ئۇنى قازانغا ئىتتىرىپلا مۈشۈكنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ،
بوينىدىكى ئاچقۇچلارنى ئېلىۋاپتۇ. دېۋە قازاندا قاپقارا
چۈچىلىگە ئايلىنىپ ئۆلۈپتۇ.

— ھەي يىگىت، كۆزۈڭ يوقمۇ؟ نەگە ماڭدىڭ؟
نېمانچە تېز ماڭدىڭ؟ — دەپتۇ.

شاھزادە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىر ئاز قورقۇپتۇ، خېلىدىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يىغىپ، بولغان ۋەقەنى بىرمۇ - بىر بايان قىپتۇ.

— سېنىڭ خوتۇنۇڭنى ئالدىڭدىكى كۆرۈنگەن تاغدىكى دىۋە ئېلىپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن. سەن بىر خوتۇننى دەپ خەتەرلىك يولغا كىرىپ قاپسەن، دىۋە بەزىلىرىمىزنى ئېلىپ قېچىپ، بەزىلىرىمىزنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئوزۇقى قىلدى. دىۋىلەر ناھايىتى ھىيلىگەر، مەنمۇ شۇ دىۋىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ئاخىرى مۈشۈك ھالەتكە كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ قورۇق كاللا.

شاھزادە سەل ئىككىلىنىپتۇ، ئەمما ئاخىرى ئۆزىنىڭ مۇرات - مەقسىتىگە يەتمىگۈچە ئىرادىسىدىن قايتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا يول كۆرسىتەي: سەن مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ، تاغقا يېقىنلاشقاندا بىر غار كۆرۈنىدۇ. سەن ئۇدۇللا غارغا كىر. غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر داش قازاندا ياغ قايناپ تۇرىدۇ. ئادەم سىياقىغا كىرگەن بىر دىۋە سېنى قارشى ئالىدۇ - دە، ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. بىر قارا مۈشۈك تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۈيرۇقىدا دۇتار چالىدۇ. مۈشۈكنىڭ بويىنىدا 41 ئاچقۇچى بولۇپ، مۇشۇ غاردىكى 41 ئۆينىڭ ئاچقۇچى. سەن ئۇسسۇلغا ھەرقانچە ئۇستا بولساڭمۇ ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ، دىۋىنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىنى سوراپ تۇرۇۋال. دىۋە سېنى كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن ئۆزى ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇ ئۇسسۇل ئويناپ سېنىڭ ئالدىڭغا كەل-

## مەڭلىك شاھزادە

ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ئوڭ مۈرىسىدە مېڭى بار چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىقىدا يۇرت ئەھلىگە ئون كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئوغلىغا ئەسمەتۇللا دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. مەملىكەت بويىچە ئۈچ يىللىق باج كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. شاھزادە ئەسمەتۇللا ئالتە ياشقا قەدەم قويۇپتۇ. شوخ ۋە ساغلام چوڭ بولۇپتۇ. ئەمما پادىشاھ بىر ئوغۇل دەپ بەك ئەركە - نايناق قىلىپ قويۇپتۇ. شاھزادە كىچىك تۇرۇپ بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە بىر كۈنى نەۋكەرلىرى بىلەن ئويناپ يۈرۈپ پادىشاھنىڭ باغ قوشنىسى موزدۇزنىڭ دۇكان ئۆيىگە كىرىپتۇ - دە، ئۇششاق باللار ئۈچۈن تىكىپ قويغان خىلمۇخىل ئاياغلارنى كۆرۈپ، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى كىيىپ ئويناپتۇ. موزدۇزمۇ ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرىپ شاھزادىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ. شاھزادە ئويۇنغا قىزىقىپ موزدۇزنىڭ ئۆيىگە ھەر كۈنى دېگۈدەك بارىدىغان بوپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، موزدۇزنى چاقىرتىپ كېلىپ ئالاھىدە زىياپەت بېرىپ، موزدۇزغا نۇرغۇن پۇل، ئېسىل تون ئىنئام قىلىپ، بۇندىن كېيىن يەنە ئىنئام

شاھزادە ئاچقۇچنى ئېلىپ غاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى بىر - بىرلەپ ئېچىپتۇ. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، نۇرغۇن ئۇچار - قاناتلار چىقىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلار چىقىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، بىرقانچە ئادەم: «مەن ئۇرۇق، ماۋۇ سىمىز» دەپ قورقۇشۇپ تۇرغۇدەك. شاھزادە:

— سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر؟ قورقماڭلار مەن ئادەمزات. دىۋىنى ئۆلتۈردۈم. ئىشەنمىسەڭلار قازانغا قاراپ بېقىڭلار، سىلەر ھازىردىن باشلاپ ئازاد بولدۇڭلار، — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ.

دىۋىلەردىن قۇتۇلغان ئادەملەر خۇشاللىقىدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ شاھزادىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئوقۇشۇپتۇ ۋە ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشىپتۇ.

شاھزادە ئەڭ ئاخىرقى 41 - ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا، بىر قىز ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە يېقىن كېلىشىگە قىز قورقۇپ كەينىگە داجىپتۇ. قىزنىڭ چىرايى سارغىيىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. شاھزادە توي ئاخشىمى غايىپ بولۇپ كەتكەن خوتۇنىنى تەسلىكتە تونۇپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئېرى شاھزادە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قىز بىر ھازاغىچە سەپسېلىپ قاراپ شاھزادىنى تونۇپ، ئۆزىنى شاھزادىگە ئېتىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. شاھزادە خوتۇنىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە بىر - بىرىگە باغرىنى يېقىشىپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلىشىپتۇ ۋە ئوردىغا قايتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ، قايتىدىن چوڭ توي تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن توشاللا يېزىسىدىن ئەمەت قارىم

ئون يىل سودىگەرنىڭ مېلىنى بېقىپتۇ. سودىگەر دەريا سەپىرى
قىلغانىكەن، كېمىسى دەرياغا غەرق بولۇپ كېتىپ بارلىق
پۇل - مالدىن ئاجراپ، قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. شاھزادىنى
ساتماقچى بولۇپ قۇل بازىرىغا ئېلىپ كەلگەنىكەن. باھاسىغا
يېتىپ ئالىدىغان خېرىدار چىقماپتۇ. سودىگەر پارىس شەھرىدە
قۇلنىڭ باھاسى يۇقىرى ئىمىش، دەپ ئاڭلاپ، شاھزادىنى
پارىس شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ قۇل بازىرىغا ئاپىرىپتۇ. شۇ
كۈنى پادىشاھ ئوردىسىغا قۇل سېتىۋالماقچى بولۇپ ۋەزىر كەل-
گەنىكەن. ئۇ شاملىق سودىگەردىن شاھزادىنى يۈز تىللاغا
سېتىۋېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى تو-
نۇماپتۇ. ئوغلىمۇ دادىسىنى تونۇيالماپتۇ. بۇ بالا پادىشاھ-
قا ياراپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا خىزمەتتە
قويۇپتۇ. شاھزادە ھەر كۈنى خەزىنە ئىشىكىگە پادىشاھنىڭ
مۆھۈرى بېسىلغان پېچەتنى چاپلاپ پاسىبانلىق قىلىدىكەن.
پادىشاھنىڭ قولىدىكى ئۈزۈك پادىشاھلىق ھۆكۈم مۆھۈرى بو-
لۇپ، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى خەزىنىدار شاھزادىگە گەپ ئۆگىتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، پادىشاھ ئۇخلاپ قالغاندا قولىدىكى ئۈ-
زۈكنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ماڭا ئەپچىقىپ بەرگىن، مەن خەزىنىدىن
بىرنەچچە يۈز گۆھەر ئېلىۋالاي. سەن ھېچكىمگە دەپ قويما،
ئۈزۈكنى مەن سەن ئۈچۈن ساقلايمەن، سەن مۇشۇ گۆھەرگە
پادىشاھ بولىسەن، — دەپتۇ. بالا خەزىنىدارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ
بىر كۈنى پادىشاھ ئۇخلاپ قالغاندا قولىدىكى ئۈزۈكنى تار-
تىپتۇ. پادىشاھ ئويغىنىپ:

— ساڭا بۇ ئىشنى كىم ئۆگەتتى؟ — دەپ سورىغانى-
كەن. بالا زۇۋان سۈرمەي يەرگە قاراپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ غە-
زەپلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، قارنىنى يېرىشنى بۇيرۇپتۇ.
جاللات كېلىپ بالىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپتۇ. بالىنىڭ ئۇك

بىردىنغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئوغلىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆتۈنۈپ-
تۇ. موزدۇز ناھايىتى قۇۋۋ ۋە ھىيلىگەر ئادەم بولۇپ، توققۇز تا-
زىم بىلەن خۇشامەت قىلىپ، «جان-دىلىم بىلەن خەۋەر ئالىمەن»
دەپ ۋەدە بېرىپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ سەپەر قىلماقچى بولۇپ، شاھزادە
ئەسمەتۇللاغا بېگىدىن تون-سەرۇپاي كىيدۈرۈپتۇ. بېلىگە
ئالتۇن كەمەر باغلاپ، بېشىغا گۆھەردىن كۆزقويغان تاج كىي-
دۈرۈپ، موزدۇزنى چاقىرىپ: «مەن سەپەرگە چىقماقچى
بولۇپ قالدىم. مەن سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە ئوغلۇمدىن
ياخشىراق خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز! مەن سەپەردىن قايتىپ
كېلىپ سىزنى چوقۇم يوقلايمەن» دەپ شاھزادىنى موزدۇزغا
تاپشۇرۇپ، ئۆزى يولغا راۋان بوپتۇ. شاھزادە ئۆزى بىلەن
تەڭ ياشتىكى نۆكەرلەر بىلەن پادىشاھنى ئۇزىتىپ
قويۇپ، چار باغدا قونۇپ قاپتۇ. شاھزادىنىڭ
قىممەت باھالىق تون - سەرۇپايلىرىنى كۆرگەن موز-
دۇزنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ-دە، نۆكەرلىرىگە دورا ئىچكۈزۈپ مەست
قىلىپ قويۇپ شاھزادە ئەسمەتۇللانى بىر ساندۇققا سېلىپ تۆگى-
گە يۈكلەپ شام شەھىرىگە ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە
بىلەن موزدۇزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئوردا
ئىچىدىكىلەر يىغا-زارە قىلىشىپتۇ. ئەمما ئىزلەپ ھېچيەردىن دې-
رىكىنى ئالالماي، پادىشاھقا دەرھال ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ. پادىشاھ
يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىپ، يىراق-يېقىن شەھەرلەرگە ئادەم
ماڭدۇرۇپ، ھەرقانچە ئىزدىگەن بىلەنمۇ ئوغلىنى تاپالماي ھەسرەت-
تە قاپتۇ. شاھزادىنىڭ ئانىسى يالغۇز ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا
يىغلاپ ئەما بولۇپ قاپتۇ. موزدۇز شام شەھىرىگە بارغاندىن
كېيىن شاھزادىنىڭ تون - سەرۇپايلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ بىر
سودىگەرگە سېتىپ، ئۆزى باشقا بىر شەھەرگە كېتىپتۇ. شاھزادە

## بەختيارنىڭ بەختى

قەدىمكى زاماندا، يىراق ماكاندا چاۋار ئىسىملىك بىر يوقسۇل ياشىغانىكەن. بايلارنىڭ ئىشىكىدە يازنى قىشقا، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىسىمۇ، قورسىقى تويغۇچە ئاش ـ نانغا، بەدىنى يېپىنغۇدەك كىيىم ـ كېچەككە ئىگە بولالماي ئۆتۈپتۇ. يىللارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. چاۋار ئۆز هالىغا يارىشا مەرىكە قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئات تويىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

— ئۆمرۈمنىڭ غۇلىچى كېتىپ، غېرىچى قالدى. شۇ چاققىچە تۇرمۇشۇم غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. ئوغلۇمنىڭ پېشانىسى ئوڭدىن كېلىپ، بەختى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. شۇڭا بالامنىڭ ئېتىنى «بەختيار» قويساق، — دەپتۇ ئۇ جامائەتكە قاراپ. بۇ ئىسىم جامائەتكە بەكمۇ ياراپتۇ. هەممەيلەن بىردەك: «ئاسماندىن چۈشكەن ئاتلىرى بەختيار بولسۇن، بەختيار ئاتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، بەخت ـ سائادەت يار بولسۇن» دېيىشىپ ئۈمىد بىلەن قويۇلغان بۇ مەنىلىك ئىسمىنى مۇبارەكلىشىپتۇ. چاۋار بەختيارنى هوشيار، خۇش خۇي، شېرىن سۆز، ئەدەبلىك چوڭ قىپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۆز يۇرتىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر مەدرىسكە ئېلىپ بېرىپ، نەچچە يۈزلىگەن تالىپ تەربىيىلەپ، پۈتۈن ئەلدە شۆهرەت قازانغان ئىگەمبەردى موللامنىڭ تەر-

مۇنسىدە بىر قارا مەڭ پارقىراپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ مەڭنى
كۆرۈپ «ۋاي بالام» دەپ ھۆركىرىگىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھ-
زادىنىڭ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تەمتىلەپ ئوردىغا چې-
قىپتۇ. ئوغلىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئەما كۆزىنى سۈرتۈپ «ئاھ
بالام» دەپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ ھوشىغا
كېلىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ نەچچىنى سۆيۈپتۇ. شاھزادە
ئەسمەتۇللامۇ موزدۇز بىلەن بولغان سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن - ئاياغ
سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ خەزىنىدارنى دارغا ئېسىپ تىرىپىرىدىن
قىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تەخت ئۈستىگە
ئېلىپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئوغلىدىن ئايرىلىپ كەتكەن
ئاتا - ئانىلار ئوغلىنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ كەتمەي-
دىكەن. بۇلار ئوغلى بىلەن تېپىشىپ بىرنەچچە يىل ياشاپتۇ.
پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شەھەر خەلقى بىردەك ئاۋاز قو-
شۇپ ئەسمەتۇللانى دادىسى ئولتۇرغان شاھلىق تەختىگە ۋارىس-
لىق قىلىشقا سايلاپتۇ. پادىشاھ ئەسمەتۇللا سودىگەرگە سېتى-
لىپ قۇل بولۇپ ئىشلىگەن كۈنلىرىنى زادى ئۇنتۇماي، دادىسى-
نىڭ ۋاقتىدىكى نامۇۋاپىق تۈزۈملەرنى بىكار قىلىپ، خەلقنىڭ
مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، دۆلەتنى ئىدارە
قىلغانىكەن. خەلقلەر بۇ يېڭى پادىشاھتىن رازى بوپتۇ.

(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 1985 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى)

پادىشاھ بەختىيارنى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، بەختىيارنى ئوردىنىڭ باش مىرزىلىقىغا قويۇپتۇ. بەختىيار ئىش ۋاقىتلىرىدا پادىشاھنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىنى يازىدىكەن، بەگلەردىن كەلگەن مەكتۇپلارنى، پۇقرالاردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى پادىشاھقا يوللاپ تۇرىدىكەن. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى تاللاپ ئوردا تاملىرىغا يازىدىكەن. ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئوردا ئىچىگە زىننەت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئوردا ئەھلىلىرىگە ئەقىل - پاراسەتمۇ بېغىشلاپتۇ.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بەختىيارنىڭ خىزمىتى پادىشاھنى قايىل قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ يالغۇز قىزى ئايجامالنىڭ بۇ بەختىيارغا مايىل بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇ يارامىلىق يىگىتنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن مەملىكىتىدىكى نەغمىچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، نەغمە - ناۋانى قىرىق كېچە - كۈندۈز قىزىتىپ توي قىلىپ، ئايجامال بىلەن بەختىيارنى بىر - بىرىگە چېتىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە پادىشاھ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. بۇ مەملىكەتنىڭ نىزامىدا: «پادىشاھ ئۆلسە ئورنىغا ئوغلى پادىشاھ بولىدۇ، ئوغلى بولمىسا قىزى ۋارىسلىق قىلسىمۇ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، پادىشاھلىق تەختىگە ئايجامالنىڭ ئولتۇرۇشى كېرەك ئىكەن. بىر كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان پۇقرالار ئايجامالنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىگىلى كېلىشىپتۇ.

— خالايىق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئايجامال، — قائىدە بويىچە مەن پادىشاھ بولغان بولسام بولاتتى. بىزدە «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» دېگەن تەمسىل بار. مېنىڭ ئېرىم

بېيىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئىگەمبەردى موللام بۇ بالىنىڭ ئىس-
مىنى سوراپ، گەپ - سۆزلىرىنىڭ جايىدىلىقىغا، قەددى-
قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكىگە قاراپ «تەربىيەت قىلسا يارامىلىق
بولىدىكەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، ساۋاق بېرىپتۇ.
بەختىيار زېھنىنى دەرسكىلا بېرىپ، بىر كۈنلۈك ساۋاقنى
يېرىم كۈندە يادلاپ بولۇپ، يەنە ساۋاق ئالىدىكەن. شۇن-
داق تىرىشچانلىق قىلىپ، باشقا بالىلار بىر يىل ئوقۇغاننى
يېرىم يىلدا، تۆت يىل ئوقۇغاننى ئىككى يىلدا ئوقۇپ بوپتۇ.
قۇرئاننى تاماملىغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ
تۈگىتىپتۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆس-
نىخەت يېزىشنى مەشىق قىپتۇ. شۇ كۈنلەردە شاھ ئوردىسىغا
بىر مىرزا لازىم بولۇپ قالغانىكەن. پادىشاھنىڭ مۇلازىم-
لىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئەمما
ھېچقايسىسى پادىشاھقا ئەرزىمەپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ مەدرى-
سىگە كېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان تالىپلارنىڭ
ھەممىسىگە خەت يېزىپ تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. بەختىيار
بارلىق زېھنىي كۈچىنى خەتتاتچىلىقنىڭ ئەڭ كۆركەم نۇسخىلى-
رىنىڭ بىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قەلەم تۇتقان ئىستائەتچان
قولىنى قەغەز ئۈستىدە دولدۇلدەك چاپتۇرۇپ: «ئۆز ئېلىمىزنىڭ
نېنىنى يە، كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە» دېگەن تەمسىلنى
يېزىپتۇ. پادىشاھ تالىپلارنىڭ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋال-
غاندىن كېيىن، بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆزىنى
بەختىيارنىڭ ھۆسنىخېتىگە تىكىپتۇ.
— مەن، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ خەتنىڭ كۆركەم ھەم
چىرايلىقلىقىدىن ھوزۇرلىنىپلا قالماستىن، مەزمۇنىدىنمۇ چوڭ-
قۇر تەربىيە ئېلىۋاتىمەن. ئوردىغا مۇشۇ خەتنى يازغان بەخ-
تىيار ئىسىملىك بالا يارايدىكەن.

— بىز. — دەپتۇ يېشى چوڭراق بىرى، ئۇلپەت بولۇشقىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. تا ھازىرغىچە قايسىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەي يۈرۈۋاتىمىز. سىردىشىپ بىلىۋالساقچۇ؟

— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ ياندا ئولتۇرغان ئىككى ئادەم.

— مېنىڭ پادىشاھنىڭ ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ قىلىچۋازلىق قىلىشنى ئۆگەنگىم بار، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— مېنىڭ پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا ئاشنا بولغۇم بار. — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مېنىڭ پادىشاھنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغۇم بار، — دەپتۇ سىردىشىش تەكلىپىنى قويغىنى.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى ئۈچ ئادەمنى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئوردىغا كەلگۈچە راسا قورقۇپ «زىندانغا تاشلىنىدىغان بولدۇق» دېيىشكەنىكەن. ئۇنداق بولماپتۇ، پادىشاھ ئۇلارنى ئوچۇق چىراي قوبۇل قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىدىم. ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلارغا تېگىشلىك جاۋاب بەرمىسەم، پۇقرالار ئالدىدا ئۈستۈمگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىغان بولىمەن.

بەختىيار پادىشاھ ئاتخانىسىدىن جابدۇقلانغان ئارغىماقتىن بىرنى ئەپچىقتۇرۇپ، بىرىنچى كىشىنى مىندۈرۈپتۇ، ئىسكىلاتىدىن قىلىچ ئەپچىقتۇرۇپ تۇتقۇزۇپ:

— ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىشنى ئوبدان ئۆگەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لازىم بولۇپ قالارسەن، — دەپ يولغا

گەرچە ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئىلىم - بىلىمدىن خەۋىرى بار ئادەم. پادىشاھلىق تەختىگە ئېرىم ئولتۇرسا، ئەل - يۇرت تېخىمۇ ئاۋات، پۇقرالار كۈندىن - كۈنگە پاراۋان بولارمىكىن دەيمەن.

ئايجامالنىڭ بۇ تەكلىپى پۇقرالارغا بەكمۇ يېقىپتۇ. پۇقرالار ناغرا - كارناي چېلىپ بەختىيارنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپتۇ. ئايجامال بەختىيارغا ئۆزقولى بىلەن دادىسىنىڭ پادىشاھلىق تاجىسىنى كىيگۈزۈپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بەختىيار پادىشاھ بولغاندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى تەمكىن، ئېھتىياتچان باشقۇرۇپتۇ. كۈندىلىك ئىشلارنى ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىپتۇ. پات - پات يېزا - سەھرالارغا چىقىپ، يەر تېرىغان، چارۋا باققانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمرى - پەرمانلىرىنى پۇقرالارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا لايىقلاشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. بەختىيار پادىشاھ «ئۆز ئېلىگىنىڭ نېنىنى يە، كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە» دېگەن تەمسىلنى يادىدىن چىقارماي، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، چۆل - جەزىرىلەرگە سۇ باشلاپتۇ. بىنام ئېچىپ قاقاسلىقنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، دەل - دەرەخ تىكتۈرۈپ، زىرائەت تېرىتىپتۇ. ھۈنەر - كەسىپنى يولغا قويۇپ، پۇقرالارنى پۇل - پىچەككە ئىگە قىپتۇ. مەدرىسلەرنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن ئەلگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىپتۇ. شۇڭا، پۇقرالار بەختىيار پادىشاھتىن رازى، بەختىيار پادىشاھ پۇقرالاردىن خاتىرجەم ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەختىيار پادىشاھ ئۆز ئادىتى بويىچە پۇقراچە كىيىنىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر مەھەللىگە بېرىپتۇ. كېتىۋاتسا يول بويىدىكى بىر تۈپ سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئۈچ ئادەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك. بەختىيار پادىشاھ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق ساپتۇ.

قاچۇرۇپتۇ. بۇ ھال بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بەختىيار پادىشاھ سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن ئاشقا قولىڭىزنى تەككۈزمەي ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟

— قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىدىن يېگۈم كەلدى. ساڭگىلاپ تۇرغان تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستۈمگە چۈشۈپ كېتىپ، جېنىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ ئاشقا قول تەككۈزەلمەي ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— مەن سىزگە ئېيتايكى، — دەپتۇ بەختىيار پادىشاھ، — مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى مول قىلىش، تۇرار جايىنى ياخشىلاش، ئىلىم - بىلىم ئېلىشنى تەمىن ئېتىش پادىشاھلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بۇ مەسئۇلىيەت خۇددى مۇشۇ ئېسىپ قويۇلغان تۈگمەن تېشىغا ئوخشاش ئۈستىمىزدىلا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بىرىنچىدىن، تۈگمەن تېشىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە ئامال قىلالايدىغان، ئىككىنچىدىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تاش چۈشۈپ كېتىپ، بېشى ئېزىلىپ، جېنى تېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقىنى يادىدىن چىقارمايدىغان ھەم بۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدىغان ئادەملار پادىشاھلىق قىلالايدۇ. ئەكسىچە بولسا، پادىشاھلىقنىڭ ئەمدىسىدىن چىقالمايدۇ. سىز بۈگۈن پادىشاھنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ مىسالى بولغان تۈگمەن تېشىدىن قورقۇپ بىر كاپام ئاشمۇ يېيەلمىدىڭىز، سىزنى تورۇستا ئېسىقلىق تۇرغان تۈگمەن تېشىنىڭ تېگىدە پولۇ يېيىشكە تەكلىپ قىلىش — سىزدىن ئېلىنغان بىر قېتىملىق ئىمتىھان

ساپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى ئادەمنى ئىش بېجىرىش-
ئۆيلىرىنىڭ بىرسىگە باشلاپ كىرىپ، بىر لېگەن تۇخۇمنى
ئالدىغا قويۇپ باھالىتىپتۇ. بۇ ئادەم «تۇخۇملارنىڭ ھەم-
مىسى ئاق ئىكەن، چوڭ - كىچىكلىكى بىر - بىرىدىن ئانچە
پەرقلەنمەيدىكەن» دەپتۇ. بەختىيار پادىشاھ بۇ بىر لېگەن
تۇخۇمنى رەڭدار قىلىپ پىشۇرتقۇزۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا
يەنە بىر قېتىم قويۇپتۇ. بۇ تۇخۇملارنىڭ بىرقانچىسى
قىزىل، بىر قانچىسى سېرىق، بىر قانچىسى سۆسۈن، بىر
قانچىسى ھاۋارەڭ ئىكەن.

— تۇخۇملارنىڭ تېشىغا قارىماي ئىچىگە قاراڭ، تې-
شى رەڭگارەڭ بولغان بىلەن ئىچى ئوخشاش، — دەپتۇ
بەختىيار پادىشاھ رەڭدار تۇخۇملارنى سويۇپ لېگەنگە
تىزدۇرۇپ.

— شۇنداق ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلەتتىم، — دەپتۇ بۇ ئادەم.

— بىلگەن بولسىڭىز، ئۆيىڭىزدە خوتۇنىڭىز تۇرۇقلۇق،
مېنىڭ خوتۇنۇمغا ھەۋەس قىلمىغان بولاتتىڭىز، — دەپتۇ
بەختىيار پادىشاھ. بۇ ئادەم خىجىللىقتىن ئۆزىنى يوشۇرۇشقا
ئامال تاپالماي قاپتۇ. بەختىيار پادىشاھ بۇ ئادەمگە بول-
مىغۇر خام - خىياللاردا بولماسلىق توغرىسىدا نەسىھەتلەر
قىلىپ قايتۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا ھېلىقى پادىشاھ بولۇش ئارزۇ-
سىدا يۈرگەن ئادەمنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ.
تېگى ۋە تاملىرى زىلچا - گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن مېھ-
مانخانىسىنىڭ تورىسىغا چوڭلۇقى شۇ ئۆينىڭ يېرىمىغا تەڭ
كەلگۈدەك بىر تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويۇلغانىكەن. بەخ-
تىيار پادىشاھ بۇ ئادەمنىڭ قولىنى يۇغۇزۇپ ئالدىغا پاقلان
گۆشى بېسىلغان بىر لېگەن پولۇنى قويۇپ، يېيىشكە تەكلىپ
قىپتۇ. بۇ ئادەم قولىنى ئۇزىتىپ ئاشقا تەگكۈزمەيلا ئۆزىنى

# دانىشمەن پادىچى

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەددى ھېسابسىز مال - دۇنياسى ۋە ئۆز ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىدىن ماختىنىدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى ئەل - جامائەت بىر يەگدىن قول، بىر ياقدىن باش چىقرىپ ناھايىتى كۆركەم بىر مەسچىت ياساپ چىقىپتۇ. ئۆتكەن - كەچكەنلەر: «پاھ، بۇ مەسچىت خان ئوردىسىنى بېسىپ چۈشىدىكەن» دەپ تەرىپلىشىپتۇ. بۇ تەرىپلەر پادىشاھنىڭ قۇلقىغا يېتىپتۇ، پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئوردىغا چاقرىپتۇ - دە:

— مېنىڭ ئەمىر - پەرمانىمسىز مەسچىت سېلىپ، ئىمام بولۇپ جېنىڭدىن ئايرىلغىڭ كەلدىمۇ؟ — دەپ ئىمامغا تەھدىت سالپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، بىز ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر - مەرۇپلىرىغا خىلاپلىق قىلمىدۇق ياكى ئۆزلىرىگە، ئەلگە بىرەر زىيان - زەخمەت سالمىدۇق، رەھىم قىلغايلا، — دەپ يېلىنىپتۇ ئىمام.

— ھازىر سەندىن ئۈچ سۇئال سورايمەن، مۇبادا جاۋاب بېرەلمىسەڭ مال - دۇنيالىرىڭنى مۇسادىرە قىلىپ كاللاڭنى ئالىمەن. بىرىنچى، مەن نەچچە تىللاغا يارايمەن؟ ئىككىنچى، ئات مىنىپ ئالەمنى كېزىشىم ئۈچۈن قانچىلىك

ئىدى. ئۈستىڭىزدە ساڭگىلاپ تۇرغان تۈگمەن تېشىدىن قورقماي ئاشنى تۈگىتىپ يېۋەتكەن بولسىڭىز، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن بولاتتىڭىز. ئۇ چاغدا مەن پادىشاھلىقنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولاتتىم. ئاشنى بىر كاپامۇ يېيەلمەي ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىڭىز، ئەمدى مەندىن خاپا بولماي، ئۆز ئىرىكچىلىكىڭىزنى قىلىڭ.

بەختىيار پادىشاھ مانا شۇنداق ئادالەتلىك يول تۇتۇپ، ئۇزۇن يىل پادىشاھلىق قىپتۇ. چاۋار بوۋاي ئۈمىد قىلغان بەخت - سائادەت چاۋار بوۋاينىڭ ئوغلى بەختىيارغىلا يار بولماستىن، چاۋار بوۋايغا ئوخشاش مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان يوقسۇللارغىمۇ يار بوپتۇ.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1984 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى)

تۆت سائەت ئىچىدە پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ چىقىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىچى. پادىشاھ ئۇنى ماختاپ:

— سەن تازىمۇ دانىشمەن ئىكەنسەن، قېنى ئاخىرقى سوئالىمغا جاۋاب بەر. مەن ھازىر نېمە ئويلاۋاتىمەن؟

— ئۆزلىرى ھازىر مېنى ھېلىقى مەسچىتنىڭ ئىمامى دەپ ئويلاۋاتىلا. لېكىن مەن ئىمام ئەمەس، پادىچى. ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئىمامنى ۋە مېنىڭ ئىمام ئۈچۈن جاۋاب بەرگەنلىكىمنى كەچۈرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىچى.

پادىشاھ پادىچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەتتوختى ئەخمەت

ۋاقىت كېتىدۇ؟ ئۈچىنچى، مەن ھازىر نېمە ئويلاۋاتىمەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

ئىمام ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ جاۋاب تاپالماي پادىشاھدىن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. ئىمام غەم دەرياسىغا غەرق بولۇپ ئوردىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ يولدا بىر پادىچى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. پادىچى ئىمامنىڭ تۇرقىغا قاراپ:

— تەقسىر، بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىلىمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىمام ناھايىتى مەيۇس ھالدا ئوردىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىچى:

— ئۇنداق بولسا كىيىملىرىنى سالسىلا، ئاتلىرىنى بەرسىلە، مەن ئۆزلىرىنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ. ئۇ ئىمامنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ ئوردىغا بېرىپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، سوئاللىرىغا ئەمدى جاۋاب بېرەي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ پادىچى.

— قېنى جاۋاب بەر، مەن نەچچە تىللاغا يارايمەن؟

— يۈسۈپ پەيغەمبەر ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇز تىللاغا يارىتىكەن، ئۆزلىرى پەيغەمبەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرسىلا، شۇڭا يىگىرمە توققۇز تىللاغا يارايلا، — دەپتۇ پادىچى. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە يەنە سوراپتۇ:

— ئات مىنىپ ئالەمنى كېزىشىم ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

— پادىشاھى ئالەم، سىلى ئەتىگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قۇياش بىلەن سەپەرداش بولۇپ ئايلانسىلا، يىگىرمە

رايى بويىچە مەكتەپتىن توختىتىۋېلىپ كىيىم تىككۈچىگە شاگىرتلىققا بېرىپتۇ.

— بالام، ھۈنەر بولسىمۇ ئۆگىنىۋالغىن. ئەسقاتىدۇ، — دەپتۇ ئاتىسى.

جېلىل بىرنەچچە كۈن ئۇستامدىن تەلىم ئاپتۇ. بىراق ئۇستامنىڭ گەپلىرى زادىلا قۇلاققا ياقماپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ ئانىسىغا:

— جېنىم ئانا، مەن كىيىم تىكىشنى ئۆگىنەلمىگىدەكمەن، ھېچلا ئەقلىم يەتمىدى، يەنە زورلىساڭلار ساراڭ بولغىدەكمەن، — دەپ يىغلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ياغاچچىغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بۇ ھۈنەر جېلىلغا تېخىمۇ ياقماپتۇ. ئاخىرى ئاتىسى ئۇنىڭغا دېھقانچىلىقنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن جېلىل ئىسسىقتا سايىدىن، سوغۇقتا ئۆيدىن چىقمايدىكەن. ئاتىسى ھەر نېمە قىلىپ بېقىپ جېلىلنى ئۆزگەرتەلمىگىنىگە ھەسرەتلىنىپتۇ. ئاخىرى ئەر - ئايال مەسلىھەتلىشىپ «تىرىكلىكىمىزدە ئەلىم - ھۈنەر ئۆگىنىۋالسۇن، دەپ شۇنچە قىلدۇق. لېكىن جېلىلغا ھېچقايسىسى خۇشياقمىدى. ئەمدى بىزدىن كېيىن قالغاندا ئۆيدە بارنى يەپ ئۆتەر، ئۇنى زورلىمايلى» دېيىشىپتۇ.

شۇندىن كېيىن جېلىل قورسىقىنى توقلاپ ئۇخلايدىغان بوپتۇ. كېيىنچە تاماقنى يېيىشكىمۇ خۇشياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

جېلىلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئۇ يالغۇز قاپتۇ. ئۇ تاماق ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چاي قايىنىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. شۇڭا بىر نەچچە كۈن ئاچ يېتىپتۇ. بۇنى بىلگەن قولۇم - قوشنىلىرى جېلىلغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تاماق بېرىپتۇ ۋە:

## ھۇرۇننىڭ ئاقىۋىتى

ئۆتكەن زاماندا ھاللىق بىر ئائىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ جېلىل ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىكەن. جېلىل يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ ۋە:

— موللاكىنىڭ گېپىگە قۇلاق سال، تىرىشىپ ئوقۇغىن، — دەپ جېكىلەپتۇ.

جېلىل بەكمۇ ھۇرۇن ئىكەن. شۇڭا موللامنىڭ ئۆگەتكەنلىرىگە كۆڭۈل قويماپتۇ. كۈن - كۈنلەپ تەرتىپلىك ئولتۇرۇش جېلىلغا بەكمۇ قىيىن كەپتۇ. جېلىل ئىككى يىلدەك ئوقۇغاندىن كېيىن موللىسى ئۆيگە كېلىپ:

— بۇ بالا تىرىشمايدىكەن، ئىككى يىل ئوقۇتۇپمۇ ھېچنېمە بىلدۈرەلمىدىم. نەسىھەت قىلسام يىغلايدۇ. دەرس ئۆگەتسەم ئۇخلايدۇ. ھېچ ئىلاج قىلالمىدىم، — دەپ زارلىنىپتۇ. ئاتىسى جېلىلغا:

— بالام تىرىكلىكىمىزدە ياخشىراق ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟ — دېگەنىكەن، جېلىل يىغلامسىراپ:

— ئاتا، ئون يىل ئوقۇساممۇ بىلەلمىگىدەكمەن. يەنە مەكتەپكە بار دېسەڭلار، مەن بېشىم قايغان يەرگە كېتىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاتا - ئانىسى بىرلا بالا دەپ ئىزىزلىغاچقا ئۇنىڭ

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ مەن ئەمدى ئاچلىقتىن ئۆلىمەنغۇ؟ — دەپ ئىتمىزدا ئىغىنىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپتۇ.

— ھۇرۇنلۇق قىلمىساڭ ئۆلمەيسەن، بىزگە ئوخشاش تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىگىن، — دەپتۇ بىر دىھقان.

— ئىشلىسەم ھېرىپ كېتىمەن، ھېرىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟ — دەپ يەنە يىغلاپتۇ. بۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن كىشىلەر «ھۇرۇننىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇ» دېيىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئىيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە لاسكۇيدىن مەتكېرەم ئاخۇن.

— نۆۋزۆك تاماق ئېتەلمىسەڭ پۇل بېرىپ ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. جېلىلغا بۇ تەييار تاماق خۇش يېقىپتۇ. كۆڭۈللىرىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ توپلىغان مال - دۇنياسى تۈگەپتۇ. ئۆمرىدە بىرەر نېمىنى ئويلاشقىمۇ ھورۇنلۇق قىلىدىغان جېلىل ئەمدى پۇشايمان قىلىشقا باشلاپ: «نېمە دەپمۇ ئوقۇمىغاندىمەن، ھۆنەر ئۈگەنمىگەندىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىردىن جېلىلنىڭ ئېسىگە ئاتىسىنىڭ يۇڭ سېتىپ نۇرغۇن پۇل قىلغانلىقى كېلىپ: «ھەي ئاتامدىن نېمىشقىمۇ يۇڭ تېرىشنى ئۈگىنىۋالمىغاندىمەن. يۇڭ دېگەن ئوغۇتلىمىسىمۇ، سۇغارمىسىمۇ بولىدىغۇ، خەير تېرىپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ.

جېلىل ئۆيىدىن بىر تۇتام قوي يۇڭىنى تېپىپ ئېتىزغا ئېلىپ چىقىپتۇ. جېلىل يۇڭنىڭ نېمىدىن چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

جېلىلنىڭ ئېتىزدا پەيدا بولغىنىدىن خۇشال بولغان قوشنىلىرى ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ يېقىن كەلسە، جېلىل ئېتىزدا يېتىۋېلىپ يۇڭنى يەرگە كۆمۈۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن قوشنىلىرى ئەجەبلىنىپ:

— جېلىل ئاخۇن، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇھ، ھەجەبمۇ ھېرىپ كەتتىم، يۇڭ تېرىۋاتىمەن، — دەپتۇ جېلىل.

قوشنىلار جېلىلنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ، ئارىدىن ياشانغان بىرسى:

— ھەي ئەخمەق، يۇڭ دېگەننى ھېچكىم تېرىمايدۇ. يۇڭ دېگەن قويدىن چىقىدۇ، — دەپتۇ. جېلىل:

قەدىردان دوستى ۋە سادىق ۋەزىرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئۇنى ھەر كۈنى يوقلاپ يۈرۈپتۇ. كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ۋەزىرنى داۋالىتىپتۇ. ئەمما داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ۋەزىرنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر ئۆزىنىڭ ساقايالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ خوتۇنىغا:

— بالىخانىدا بىر كونا ساندۇق بار. ئۇ ساندۇقتا بوۋامدىن مىراس قالغان ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر قىلىچ بار. بۇ قىلىچنىڭ خاسىيىتى شۇكى، قىلىچنى بىر سىلكىتسە قىرىق گەز ئۇزىرايدۇ. قىلىچنى كىمدە كىم ئاسسا ئاسقان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇ كىشىنىڭ جېنى شۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىلىچ شۇ كىشىدىن ئايرىلسا، ئۇ كىشىنىڭمۇ جېنى تۈگەيدۇ. ئەگەر پەرزەنتىمىز ئوغۇل بولسا ئۆمەر دەپ ئات قويغىن. ئەقىللىق، ھوشيار بولسۇن. بالاغەتكە يېتىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندا قىلىچنى بەرگىن. ئەگەر قىز بولسا ئەھۋالغا قاراپ ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلارسەن. مەن بالىمىزنى كۆرەلمەي بۇ دۇنيادىن كېتىپ بارىمەن، بالىنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك، ئەقىللىق، باتۇر قىلىپ تەربىيىلەرسەن. يېتىشەلمىگەن يېرىڭدە، پادىشاھتىن ياردەم سورا، — دېگەنلەرنى ۋەسىيەت قىلىپ تاڭ ئاتاردا ئاخىرەتكە يول ئاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. شەھەردىكى ئەل - جامائەتمۇ يىغىلىپ پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدا مېيىتنى ئۇزىتىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتارچاغدا، ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا سەۋرى قىلىشنى، ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتسە، قورساقتىكى بالىغا دەخلىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تەسەللى بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ نەزىر-

## قىلىچ ئۆمەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى دىيانەتلىك بىر سادىق ۋەزىرى بار ئىكەن. بىرى پادىشاھ، يەنە بىرى ۋەزىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىرداش، جان دوست ئاغىنىلەر ئىكەن. بىرىنىڭ توغرا يولىنى بىرى قوللايدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ ئېلى ئاۋاتلىشىپ روناق تېپىپتۇ. پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى، ۋەزىرىدىن رازى ئىكەن. پادىشاھ ۋە ۋەزىر ئادىللىق بىلەن خېلى بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ مەملىكەت ۋە خەلققە نىسبەتەن كۆڭلى توق، ۋاقتى شوخ-ئۆتۈپتۇ. ئەمما ۋەزىر كۈندۈزى ئوردىدا خۇشال-خۇرام يۈرسىمۇ، ئۇ ئۆيىگە قايتقاندا كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن. چۈنكى ۋەزىرنىڭ ساقلى كۆكسىگە چۈشۈپ چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال بولغاچقا ۋەزىرنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆيلىنىپ بالا يۈزى كۆرۈشكە بىر قانچە قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ۋەزىر ئۇنىمايدىكەن. ۋەزىرنى كۈندۈرەلمىگەن خوتۇن ئۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىپتۇ. ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامىزىدا پەرزەنت تىلەپتۇ. كۈنلەر ئارقىسىدىن كۈنلەر، ئايلار ئارقىسىدىن ئايلار ئۆتۈپ، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋەزىر خۇشال بولۇپتۇ. خوتۇنىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ

مېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ ئىزدەپ چىققانىدىم، قارىسام مۇشۇ يەردە يېتىپسەن. ئەگەر سەن ماڭا ھەقىقىي ئاشىق بولساڭ كۈن چىقىشقا قاراپ مېڭىۋەر. مېنى تاپىسەن» دەپتۇ ـ دە، ئېگىزلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۆمەر ئېسىنى يىغىپ: «توختاڭ، باغقا چۈشۈپ مەن بىلەن تاماشا قىلىڭ!» دەپ ۋارقىراپ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىدىن ئېتىبارەن ئىشىق دەردىگە گىرىپتار بوپتۇ. گېلىدىن غىزا ئۆتمەي مەيدىسىنى زەي يەرگە چاپلاپ يېتىپ، چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ تەختتە ئولتۇرۇپ مەرھۇم ۋەزىرىنى ئەسلەپ قاپتۇ ۋە مەرھۇم ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئوردىغا باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي موماي بىلەن ئۆمەر ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ يەتتە ياشلىق بالىنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۆمەرنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بالىنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىقنى كۆرۈپ تەئەججۈپلىنىپ ئوردا تېۋىپىغا كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپ ئۆمەرنىڭ كېسىلىنى تاپالماي «زېرىكىپ ئىچى پۇشۇپ سولىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ تېۋىپنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ياخشى ئارغىماق، قىلىچ، ئوقيا، نەيزە، قالقان ۋە تۆت دانە ئالتۇندىن سوقۇلغان ساقا ئەكەلدۈرۈپ بالىغا ئىنئام قىپتۇ. مومايغا مىڭ تىللا بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۆمەر دەردىنى بېسىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي، بەزىدە ئوۋغا چىقسا، بەزىدە كوچىدا ساقىسىنى دومىلىتىپ ئويناپ يۈرۈپتۇ، بىر كۈنى ئۇ كوچىدا خىيال سۈرۈپ كېتىپ بېرىپ ساقىسىنى دومىلىتىپتۇ، خىيالى باشقا ياقتا بولغاچقا، ساقا دومىلاپ بېرىپ، يىپ ئېگىرىۋاتقان مومايىنىڭ چاقىغا تېگىپتۇ. ئۆمەر بۇنى كۆرۈپ قاتتىق خىجىل بولۇپتۇ ۋە مومايدىن ئەپۇ

چىراغلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مىڭ تىللا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ۋەدىسىدە تۇرۇپ ۋەزىرىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى كەڭ - كۇشادە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەر خەلقى رازى بوپتۇ. ۋەزىرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە قىرىق بىر كۈن بولغان تاڭ سەھەردە ۋەزىرىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ خۇش خەۋەر ئوردىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن پادىشاھ خۇشال بولۇپ مىڭ تىللا بىلەن بىر ئالتۇن بۆشۈك ئەۋەتىپ بېرىشنى خەزىندارغا ئەمىر قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنىنى چاقىرتىپ كېلىپ، تەكبىر ئېيتقۇزۇپ، ئەزان توۋلىتىپ، ۋەزىرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بالىغا ئۆمەر دەپ ئات قويۇپتۇ. بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھ ئەۋەتكەن ئالتۇن بۆشۈككە بۆلەپتۇ.

بۇ بالىدا بىر خىل خاسىيەت بولۇپ كۈنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ چوڭ بولۇپتۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە، يەتتە - سەككىز ياشلىق بالىدەك چوڭ بولۇپتۇ. ئۆمەر يەتتە ياشقا تولغاندا ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ، ئۇ شۇ زاماندا بار بولغان بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن قاۋۇل بىر يىگىت بولۇپتۇ. ھەر قانداق بىر كىشى ئۇنى كۆرسە پەرىزات ئەۋلادى دەپ قالىدىكەن. ھەر قانداق بىر قىز ئۇنى كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ، مەيلىنى بېرىپ قويىدىكەن.

ئۆمەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زېرىكىپ باغنى ئارىلاپ تاماشا قىلىپتۇ. ھېرىپ كېتىپ، بۇرۇن دادىسى دەم ئالىدىغان شىپاڭدىكى سۇپىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۆزى بىر سۇپىدا ئاسمانغا قاراپ ياتارمىش، بىر ۋاقىتتا بىر پەرىزات ئاسماندىن پەسلەپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغۇدەك، ئۇ پەرىزاتنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ كەينىدىن ماڭغۇدەك. قىزمۇ توختاپ: «مەنمۇ

— قولۇمنى قويۇۋەت، قولۇم كۆيۈپ كەتتى، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۆمەر:

— دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. قولى كۆيۈپ كەتكەن ئانا نائىلاج:

— بالىخانىدىكى كونا ساندۇقتا بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر قىلىچ بار، داداڭدىن شۇ قىلىچ قالغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، بالىخانىدىكى كونا ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچسا كۈمۈش غىلاپلىق، ئالتۇن ساپلىق بىر غېرىچ كەلگۈدەك بىر قىلىچ تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ «بۇنى قانداقمۇ قىلىچ دېگىلى بولسۇن، بۇ بىر پىچاقكەنغۇ» دەپ كۆڭلى غەش بوپتۇ. ئەمما ئۇ: «بۇ پىچاقنى ئانام قىلىچ دېدى، بۇ يەردە بىر سىر بار. بۇنى ئانامدىن يەنە سوراي» دەپ تۇرۇشىغا، ئانىسى شوتىدىن ئۆمىلەپ ئۆگزىگە چىقىپ:

— جېنىم بالام، سەن كىچىك، بۇ قىلىچنى يېنىڭغا ئاسما، — دەپ بالىسىغا يېلىنىپتۇ. ئۆمەر بۇ گەپتىن تېخىمۇ تەئەججۈپلىنىپ:

— ئانا، بۇ پىچاقنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، داداڭنىڭ دەپ بېرىشىچە، بۇ قىلىچنىڭ ئىككى تۈرلۈك خاسىيىتى بار ئىكەن. بىرى، بۇ قىلىچ بىر سىلكىنسە قىرىق گەز ئۇزۇرايدىكەن. يەنە بىرى، بۇ قىلىچنى كىمدە-كىم يېنىغا ئاسىدىكەن، ئاسقان ۋاقتىتىن باشلاپ، شۇ كىشىنىڭ جېنى بۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. سەن بۇ قىلىچنى ئاسساڭ بولمايدۇ. ئەكەل بالام، ساندۇققا سېلىپ قوياي، بۇ قىلىچ هامان سېنىڭكى. چوڭ بولغىنىڭدا بېرەي، — دەپتۇ ئانا.

ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ كىرمەپتۇ. قىلىچنى يېنىغا ئېسىپ، غىلاپتىن چىقىرىپ بىر سىلكىگەنىكەن، قىرىق گەز ئۇزۇراپتۇ. بۇنى

سوراپتۇ. مومايىنىڭ ئاچچىقى يامانىكەن، ئەپۇ سورىغىنىغا ئۇنىماي، ئۆمەرگە:

— ھۇ دادىسى يوق يېتىمەك. شۇ بويۇڭ بىلەن ساقا ئويناپ يۈرگىچە بېرىپ مەشۇقۇڭنى تاپساڭ بولمامدۇ! — دەپ كايىپتۇ. ئۆمەر «مېنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىمنى بۇ موماي قانداق بىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ مومايدىن:

— موما، مەشۇقۇمنى قانداق تاپىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالدى بىلەن ئۆيگە بېرىپ، ئاناڭغا قوماچ قورۇت، ئۆزۈڭ ئۆگزىگە چىقىۋال، قوماچ راسا قورۇلغاندا: «ئانا ئۇچۇمۇڭ بىلەن تۈڭلۈكتىن سۇنۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋال. ئۇنىمىسا، سەنمۇ ئۇنىما، ئاناڭ ئاخىرى ئۇنايدۇ. قوماچنى ئۇچۇمى بىلەن سۇنغاندا، ئاناڭنىڭ قوماچ تۇتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇۋال. ھەم «دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟» دەپ سوراپ تۇرۇۋال. دەپ بەرمىگۈچە قولىنى قويۇپ بەرمە. شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال كۈنچىقىشقا قاراپ ئاتلان! — دەپتۇ موماي.

ئۆمەر مومايغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تۆت دانە ئالتۇن ساقىسىنى مومايغا بېرىۋېتىپتۇ-دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ، ئۇ مومايىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئانىسىغا قوماچ قورۇتۇپ، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ، تۈڭلۈكتىن ماراپ تۇرۇپتۇ. قوماچ قورۇلۇپ بولغاندا:

— مۇشۇ تۈڭلۈكتىن ئۇچۇمۇڭ بىلەن سۇنۇپ بەر، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئانىسى قىزىق قوماچنى ئۇچۇمىدا ئېلىپ بالىسىغا تۈڭلۈكتىن سۇنۇپتۇ. ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

— دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئانىسى:

بولايلى!» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. قىلىچ ئۆمەرمۇ رازى بوپتۇ. ياش سۈرۈشتۈرسە، ئۇ يىگىت قىلىچ ئۆمەردىن خېلىلا چوڭكەن. ئۇلار قەسەم قىلىشىپ، ئاكا-ئۇكا بولۇشۇپ بىرلىكتە كۈن چىقىشقا قاراپ داۋاملىق يۈرۈپتۇ. يول ئۈستىدە، قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قورالۋازلىقنى، يۇلتۇز ساناشنى ئۆگىتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار شۇنداق كېتىشىۋېتىپ يەنە بىر دۆڭنىڭ تۈۋىدە ھوشىدىن كېتىپ ياتقان بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭمۇ تىنىقى توختىمىغانىكەن. ئۇنىڭمۇ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ھال-مۇڭ ئېيتىشىپتۇ. ئۇ يىگىتمۇ «ئاكا-ئۇكا بولايلى!» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېشىنى سۈرۈشتۈرسە، ئۇ ئوتتۇرانچى ئاكا بولۇشقا توغرا كەپتۇ. بۇ ئۈچ يىگىت قەسەم قىلىشىپ ئاكا-ئۇكا بولۇشۇپتۇ. بۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا شەھەر خەلقى ماتەم كىيىمى كىيىشكەن، يىغا-زار قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار شەھەرنىڭ چەتـ رەكىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۆيدە بىر موماي بارىكەن، ئۇلار مومايغا سالام بېرىپتۇ، موماي:

— سىلەر مۇساپىر ئوخشايسىلەر ھە؟ — دەپتۇ ۋە تۆرگە باشلاپ چاي بېرىپتۇ. بۇلار چاي ئىچكەچ شەھەردە كۆرگەن ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. موماي:

— بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى شەھىرىمىزگە بىر ئەجدىھا كېلىپ، خەلقنى دەم تارتىپ يېگىلى تۇردى. پادىشاھىـ مىز ئۇرغۇن ئەسكەر بىلەن چىقىپ ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىپ، تەڭ كېلەلمەي ئەجدىھاغا يالۋۇردى. ئەجدىھا ھەر قىرىق كۈندە بىر قوي بىلەن بويىغا يەتكەن قىزدىن بىرنى تاغقا ئەۋەتىپ بەرسە شەھەرگە كىرمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. پادىشاھمۇ خەلقمۇ بۇنىڭغا نائىلاج كۆندى، شۇندىن بېرى بۇ داۋاملىشىپ كەلدى.

كۆرۈپ ئۆمەر قىن ــ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ ئانىسىغا:

— بۇ قىلىچنى ئاسقىنىم ئاسقان. مېنىڭ ئىسمىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن «قىلىچ ئۆمەر». ئەتە مەن يىراق سەپەرگە ئاتلىنىمەن. مېنىڭ سەپەردىكى يېمەك-ئىچمىكىمنى تەييارلاپ بەرگىن! — دەپتۇ.

ئانا ئوغلىنى رايىدىن ياندۇرالماي نائىلاج ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قىلىچ ئۆمەر ئانىسى تەييارلاپ بەرگەن بىر خۇرجۇن نان بىلەن ئىككى تۇلۇمدىكى سۇنى پادىشاھ بەرگەن ئارغىماقىغا ئارتىپ، پادىشاھ بەرگەن قورال-ياراقلىرىنى ئېسىپ ئاتقا مىنىپتۇ. ئانىسىنىڭ «خوش بالام، سالامەت قايتىپ كەلگەيسەن، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم» دېگەن دۇئالىرىنى ئاڭلاپ، «چۇھ» دەپ ئاتقا قامچا سېلىپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. يۈرۈپ-يۈرۈپ بىر پايانسىز چۆلگە كىرىپ قاپتۇ. چۆل ئىچىدە بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ خۇرجۇن-قاچىلىرىنى يۈدۈپ داۋاملىق يول يۈرۈپتۇ. نانلىرى تۈگەپ، سۇلىرى ئاز قاپتۇ. بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، يىراقتا بىر نېمە ئاپئاق پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. «ئېھتىمال سۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ پارقىرىغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېتىپ بېرىپ قارىسا بىر شورلۇق دۆڭ ئىكەن. ئۇنىڭ تۈۋىدە بىر يىگىت ھوشسىز ياتقانىكەن. قىلىچ ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، يۈرىكىنى سىلاپ باقسا، يۈرىكى بىلىنەر-بىلىنمەس سوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ دەرھال تۇلۇمدىكى سۇدىن ئۇ يىگىتنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. يىگىت ئاستا-ئاستا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال سورىشىپتۇ. ئەھۋاللىشىپ مۇڭدىشىپتۇ. ئۇ يىگىت: «بىر ئاكا-ئۇكا

— مەن يىراقتىن كەلدىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر، — مەن سىزنىڭ تىزىڭىزغا بېشىمنى قويۇپ كىچىككىنە ئۇخلىۋالاي. ئەجدىھا ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپ بولغاندا مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ! — دەپ قىزنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ ئاپتۇ.

بىر ئاش پىشىمغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەجدىھا ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپتۇ، قىز قورقۇنچلۇقتا تىزىدا ئۇخلاۋاتقان يىگىتنى ئۇنتۇپ، ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ ياش ئۆمرىنىڭ غازاڭ بولغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

قىزنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشتىن بىر تامچىسى قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۈزىگە چۈشۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قىز يىغلاۋاتقان. قىز يىگىتنىڭ ئۆز تىزىدىن باش كۆتۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدا يىگىتنى ئۇنتۇپ قېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى، ھازىر ئەجدىھانىڭ ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپ بولغانلىقىنى يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قىزغا:

— سىز قويىنى ئېلىپ دەرھال تاغدىن چۈشۈپ كېتىڭ. مەن بۇ ئىپلاسنىڭ جاجىسىنى بېرەي، — دەپ قىزنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. قىز «نېمە ئىشلار بولاركىن!» دەپ تاغ باغرىدىكى يوغان بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىدا ماراپ تۇرۇپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر خاسىيەتلىك قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ سىلكىپ ئۇزارتىپتۇ ۋە ئۇنى قورساقىغا مەھكەم تېگىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەجدىھا ئۈچىنچى قېتىم سىلكىنىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا ئالدىدا قىز بالىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن بىر يىگىت تۇرغان، ئەجدىھا خۇشاللىقىدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەي يىگىت! قىز بالىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپسەن. مەن بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، سەن بىلەن جەڭ قىلماقنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. بۈگۈن ئۆزۈڭ مېنى ئىزدەپ كەپ-

40 يىلىن بويان تالاي- تالاي قىزلار ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتتى. بۇ يىلمۇ نۆۋەت پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزىغا كەلگەن. مەلىكىمىز ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار. پەرىشتىدەك بىر قىز ئىدى. خەلق ئەنە شۇنىڭغا يىغلايدۇ. — دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— مەن بېرىپ ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرىمەن، — دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. موماي:

— بالام، نادانلىق قىلما، ساڭا ئوخشاش نى-نى پالۋانلار ئەجدىھا بىلەن ئېلىشالماي، ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتكەن. ياش ئۆمرۈڭنى نابۇت قىلما، — دەپ توسۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي تاغقا قاراپ راۋان بوپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر تاغ باغرىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئەجدىھا ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر تاغ بولۇپ ياتقۇدەك. يەنىمۇ يېقىنراق بېرىپ قارىسا، بىر قىز بىر قوينى يېنىدا تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. قىلىچ ئۆمەر قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ سىزنى ۋە شەھىرىڭىزدىكى خەلقنى قۇتۇلدۇرۇشقا كەلدىم، — دەپتۇ.

قىز بۇ يىگىتنىڭ ناھايىتى چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپتۇ ھەم:

— بۇ ئۆلۈم مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. سىز قايتىپ كېتىڭ! — دەپ قىلىچ ئۆمەرنى ياندۇرماقچى بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئۇنىماپتۇ. ئۇ: «كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرايلى» دەپ قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى قىزغا كەيدۈرۈپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. قىز:

— ئەجدىھا ھەر قېتىم بىر قىز بىلەن بىر قوينى يېگەندىن كېيىن 40 كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئويغانغان ۋاقتىدا ئۈچ قېتىم سىلكىنىدۇ. ھازىر بىر قېتىم سىلكىنىپ بولدى. بىر ئاش پىشىمدا بىر قېتىم سىلكىنىدۇ، — دەپتۇ.

قۇپ كېتىپ، دەرھال قىزنى تۇتۇپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاشقا ئەمىر قىپتۇ. جاللاتلار قىزنى تۇتۇپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا سۆرەپ مېڭىپتۇ، قىز:

— دادا، مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلا! بىر مۇسا پىرىگىت ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ مېنى ۋە بۇندىن كېيىن ئەجدىھاغا يەم بولۇشنى كۈتۈپ غەمدە تۇرغان پۈتۈن قىزلارنى ئازاد قىلدى. ئىشەنمىسەڭ راۋاققا چىقىپ قاراپ باق،— دەپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي راۋاققا چىقىپ قارىسا، ئەجدىھا ياتقان تاغ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن، ئەجدىھانىڭ تېنى ئىككى پارچىغا بۆلۈپ تاشلانغان. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن راۋاقتىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ جاكاچىلىرىغا شەھەر دەرۋازىسىدىن تارتىپ تاغقىچە پاياندار سېلىشنى، شەھەر خەلقىنىڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، بۇ باتۇرنى قارشى ئېلىشنى جاكالاشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ھازا كىيىملىرىنى سېلىپ، پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، ۋەزىر - ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ يىگىتنى قارشى ئېلىشقا مېڭىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قايتىپ كېلىپ، سۇت بىلەن يۇيۇنۇپ، ئەجدىھانىڭ زەھىرىنى تازىلاپ، ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشىغا پادىشاھ يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپتۇ. شەھەر خەلقى بۇلارنى تازىم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ باتۇرلارنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ ھەمدە پۈتۈن شەھەر خەلقىغە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى پادىشاھ بۇ باتۇرلار بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچ ئۆمەرگە ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشنى تەكلىپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر پادىشاھتىن:

— سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە كۆڭلەكنى ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئېتىكىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياقىسىدىن كىيىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

سەن. مەن بىلەن مەيدانغا چىقىپ ئېلىشىشقا رازىمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن رازى، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بىلەن جەڭ قىلاي دەپ دەرگاھىڭغا كەلدىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئەجدىھا، — سەن ئۈستىڭدىكى قىزچە كىيىمنى سېلىۋەت. ئۆلسەممۇ ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا ئۆلەي، سەن ئۆلسەڭمۇ ئوغۇل بالىدەك ئۆل! — دەپتۇ.

— ئەگەر سېنىڭ مۇددىئايىڭ شۇ بولىدىغان بولسا، سېلىۋەتسەم سېلىۋەتتىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر ۋە قىزنىڭ كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ جەڭگە تەييار بوپتۇ.

ئەجدىھا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىلىچ ئۆمەرنى دەم تارتىپتۇ، قىلىچ ئۆمەر مىدىراپمۇ قويماپتۇ. ئەجدىھا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، رەقىبى مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغۇدەك. ئىككىنچى قېتىم تۈگۈلۈپ تۇرۇپ كۈچەپ دەم تارتىپتۇ. قارىسا ئۇ يەنە مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغۇدەك. ئەجدىھا دەرغەزەپ بولۇپ ئۈچىنچى قېتىم دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھا كۆزىنى ئېچىپ قارسا، ئالدىدا يىگىت يوق، يۇتىۋېتىپتىمەن دەپ خۇشال بولۇپ تۇرسا، يىگىت ئەجدىھانىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپتۇ. ئەجدىھا:

— ھەي يىگىت، تىرىكمۇ سەن، ئۆلدۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۆلمىدىم، سەن ئۆلدۈڭ. ئىشەنمىسەڭ سىلكىنىپ باق، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

ئەجدىھا بىر سىلكىنگەن ئىكەن، كاسا قىلىنغان قوغۇندەك ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپ جېنى چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز قويىنى تاشلاپ، چۈشۈپ قالغان كەشىگە قارىماي ئوردىغا يۈگۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ئوردىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ «ئەجدىھا تاغدىن چۈشۈپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولدى» دەپ قور-

تىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيگەن بىر بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇ-
لارنىڭ قوللىرىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت-
لەر بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىپ، بوۋايدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ.
— بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزنى بۇنىڭدىن سەكسەن يىل ئىلگىرى
يەتتە قارا دىۋە بېسىۋالغان ئىكەن. ئۇلار پۈتۈن شەھەر خەلقىنى قارا
كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلغانىكەن. بۇلار كۈندۈزى ئۇخلاپ، كې-
چىسى ئوۋغا چىقىدۇ. تالا ـ تۈزدە ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى تۇ-
تۇپ يەيدۇ، پۇقرالار بۇياقتا تۇرسۇن، پادىشاھمۇ قارا كىيىم
كىيىپ ئوردىسىدىن چىقالماي ياتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. بۇنى
ئاڭلىغان قىلىچ ئۆمەرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، دەرھال بېرىپ دىۋىلەر-
نى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئازادلىققا چىقارماقچى بوپتۇ. بوۋاي
يىگىتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:
— سەن راستلا شۇ دىۋىلەرنى ئۆلتۈرەلەمسەن؟ — دەپ
سوراپتۇ.
— چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.
— ئۇنداق بولسا گېپىمنى ئاڭلا، — دەپتۇ بوۋاي، — مۇشۇيول
بىلەن مېڭىۋەرسەڭ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىككى قاناتلىق
چوڭ بىر قارا دەرۋازا بار. دەرۋازىنىڭ ھەربىر قانىتىنى ئۈچتىن
ئالتە دىۋە پۇتلىرى بىلەن تىرەپ تاقاپ ياتىدۇ. بۇلار كىچىكرەك
دىۋىلەر. سەن بارغاندىن كېيىن بىر قاناتنى تاقاپ ياتقان
دىۋىلەرنىڭ پۇتلىرىنى قىچىقلىساڭ، ئۇلار پۇتلىرىنى يىغىۋالىدۇ.
سەن دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ كىرىپلا دەرۋازىنى تاقاپ ياتقان
ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئال. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىككى قە-
ۋەتلىك چوڭ بىر بىنا بار، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقساڭ، چوڭ
سارايدا دىۋىلەرنىڭ باشلىقى چوڭ دىۋە بار. ئۇ ھەددىدىن زىيادە
چوڭ، ئىلاجى بار بىر قىلىچ چېپىپلا ئۇجۇقتۇرۇۋەت. ناۋادا جېنى
چىقماي قالسا، ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرما. ئەگەر ئىككىنچى

— ئۇنداقتا مېنىڭ ئاكىلىرىم تۇرغان يەردە مەن ئۆيلىنىۋالسام بولمايدۇ. بۇ قىز چوڭ ئاكامنىڭ بولسۇن! — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

پادىشاھمۇ رازى بولۇپ، يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى چوڭ ئاكىسى ئىككى ئىنىسىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۈچ ئاكا - ئۇكا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. كەچ بولغاندا قىلىچ ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تۇرۇسقا ئېسىپتۇ ۋە:

— ئەتە ئوتتۇرانچى ئاكام بىلەن يولغا چىقىمىز. سىز ھەركۈنى ئەتىگەندە سۈتكە قاراپ قويۇڭ، ئەگەر سۈتنىڭ رەڭگى بۇزۇلمىسا، مېنى سالامەت ئىكەن دەپ بىلىڭ. سۈت رەڭگى يېرىك رەڭگىگە ئايلانسا ھاياتى خەۋپ ئاستىدىكەن دەپ بىلىڭ. ئەگەر سۈتنىڭ رەڭگى قان رەڭگىگە ئايلانسا، ئۇكامنىڭ جېنى يوقكەن، دەپ بىلىڭ ۋەمېنى ئىزدەپ چىقىڭ! — دەپ تاپىلاپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى بۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا ئىككىدىن ئات يوللۇق تۇتۇپ:

— بىرىگە مىنىڭلار، بىرىگە ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى ئارتىڭلار! — دەپتۇ.

پادىشاھ، چوڭ ئاكا ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ ئاكا - ئۇكىلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا چۆل كېزىپ، تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ يول يۈرۈپتۇ. ئاتلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ، بۇلار يولنى پىيادە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يول يۈرگەچ قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قورالۋازلىقنى، دەريا باغلاشنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلار توپتوغرا قىرىق كۈن بولغاندا، چىڭقى چۈش ۋاقتىدا بىر شەھەرگە كىرىپ بېرىپتۇ. شەھەرگە كىرسە بىرمۇ ئادەم يوق، ھەممە ئىشىكلەر تاقاقلىق. بۇلار ھەيران بولۇپ، ئۇ ئىشىككە، بۇ دەرۋازىغا قارىشىپ كېتىشىپ بارسا، بىر ئۆيدىن باش

— ئۆلتۈر دىگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— ھە ئە، ئۆلتۈر دىدىم. ئەمما چوڭ دىۋە ئىغىر زەخمە يىدى. ئەتىگىچە قانسىراپ ئۆلسە كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوۋاي تاماق پىشۇرۇپ تۇرغان ئىكەن، بوۋاي پىشۇرغان تاماقنى يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— سىلەر تارتىنماي قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇڭلار، مەن بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر قىلاي، — دەپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ يولى دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىكەن. شۇڭا ئۇ دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۆزى ئالدىغا كەتسىمۇ، پۇتى كەينىدە قاپتۇ. شۇنداق يۈگۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەمما دەرۋازىنى مۇشلاپ توۋلاپ زادى ئاچتۇرالماپتۇ، ئوردا ئىشىكىنى ساقلاۋاتقان نامى چىققان پالۋانلارمۇ دەرۋازىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، شۇتا قويۇپ تامدىن مارىسا بىر بوۋاي تۇرغۇدەك.

— نېمە گېپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ پالۋانلار. بوۋاي:

— دەرھال دەرۋازىنى ئېچىڭلار، پادىشاھقا دەيدىغان خۇش خەۋىرىم بار، — دەپتۇ. پالۋانلار دىر-دىر تىترىشىپ، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ، بوۋاينى كىرگۈزۈپلا يەنە ئىتتىك تاقىۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىككى قاتار ئون ئالتىدىن ئوتتۇز ئىككى تۈۋرۈكى بار زور ساراي ئىكەن، بوۋاينىڭ خۇشاللىقتىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي ئۇدۇل بىرىنچى تۈۋرۈككە ئۇسۇپ ساپتۇ. ئۇ نېگىدىن قاڭقىپ چىقىپ ئىككىنچى تۈۋرۈككە ئۇسۇپ ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە ئوتتۇز ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ھەممىسىگە ئۇسۇپ قىپقىزىل قان بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن بىر

قېتىم قىلىچ ئۇرساڭ دىۋىنىڭ بىر تامچە قېنىدىن مىڭ دىۋە پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالىسەن، ـــ دەپ جېكىلەپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بوۋاينىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە بىر دەمدىلا ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، دېمىنى رۇسلىۋېلىپ، قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، چوڭ سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسە، پەرەز قىلغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ، كۆزلىرى جامدەك، بۇرۇن ـ تۆشۈكلىرى مورىدەك، بەكمۇ سەت بىر دىۋە ياتقۇدەك، ئۇ ئۇخلىمىغان بولۇپ، قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىرىق گەزلىك قىلىچىنى دىۋىنىڭ بويىنىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇنچەۋالا زور كۈچ بىلەن چېپىلغان قىلىچ ئۇنىڭ دولىسىدىن كىرىپ، كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەپ تۇرسا دىۋە:

ـــ سەن بىر نامەرت ئىكەنسەن ياكى مېنى چاپماي قويمىدىڭ. چاپقاندىن كېيىن مېنى چالا ئۆلۈك تاشلاپ چىقىپ كەتمەي، ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆلتۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتمەمسەن! جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى، ـــ دەپ يىغلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ قارا دىۋىنىڭ نامەرت دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ بىر سىلكىپ قىرىق گەزگە ئۇزارتىپ، دىۋىنى چېپىش ئۈچۈن شۇنداق كۆتۈرۈشىگە دىۋە خۇشاللىقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ كۈلكىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇدۇل چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋە ئىڭراپ يېتىپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بوۋاي چىقىپ قىلىچ ئۆمەردىن:

بارغۇچە ھېلىقى بوۋايدىنمۇ بەتتەر قان بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ:

— نېمە گەپ؟ نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ ئىككى پالۋان تەڭلا:

— بىزنىڭ نېمە بولغانلىقىمىزنى سورىمىسىلا پادىشاھى ئالەم، بوۋاينىڭ دېگىنى راست ئىكەن. دىۋىلەر راستىن ئۆلۈپتۇ، — دېيىشىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئاخىرىچە بوۋايمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بوۋايدىن بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن بوۋاينى قۇچاقلاپ سۆيۈپتۇ. ئۇ جارچىلىرىغا پۈتۈن شەھەر خەلقىغە بۇ ۋەقەنى ئاڭلىتىشنى، ئوردىدىن تارتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگىچە بولغان كوچىغا پاياندار سېلىشنى، شەھەر خەلقى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بۇ باتۇرلارنى كۈتۈۋېلىشنى ئەمر قىپتۇ. ئۆزىمۇ لەنتى قاراكىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئوت قويۇۋېتىپ، پادىشاھلىق تون ۋە تاجلىرىنى كىيىپتۇ، ۋەزىر-ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ بوۋاينى يول باشلىتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، باتۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇلارنى ئوردىغا باشلاپ مېڭىپتۇ، شەھەر خەلقى بۇ يىگىتلەرنى تازىم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، پادىشاھ يىگىتلەرنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ زىياپەت بېرىپ، بۇ خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىپ شەھەر خەلقىغە 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. توي ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قىلىچ ئۆمەرنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا ھەمدە قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئورنىغا پادىشاھ بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر پادىشاھتىن:

— سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە چاپاننى ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئېتىكىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە ياقىسىدىن كىيىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

مەخلۇق ئالدىدا تۇرغان. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە:

— نېمە... نېمە ئادەمسەن؟ نېمانچە قانغا بويىلىپ كەتتىڭ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئەھۋالنى مالۇم قىلىپتۇ، پادىشاھ داڭدار پالۋانلىرىدىن ئىككىسىنى بوۋايغا قوشۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە يولغا سېپتۇ. بۇ پالۋانلار قورقۇپ بوۋاينىڭ ئالدىدا مېڭىپ دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بوۋاي دەرۋازىدىن كىرگەن بولسىمۇ ئۇلار قورقۇپ كىرىشەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىپ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئالتە دىۋىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپتۇ. پالۋانلار دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەندىن كېيىن بىرئاز يۈرىكىنى توختىتىشىپ، بوۋاينىڭ كەينىدىن بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپتۇ. قارىسا چوڭ دىۋە ئۆلمىگەن، چوڭ دىۋە ئۇلارنى كۆرۈپ، «بىر نامەرت مېنى يېرىم جان قىلىپ تاشلاپ كەتتى. جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى. قايسىڭلار مەرت بولساڭلار يەنە قىلىچ سېلىپ جېنىمنى ئېلىپ، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرساڭلار، كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسە» دەپ يېلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ، پالۋانلارنىڭ ئىچىدىكى يۈرەكلىكرەكى قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ دىۋىنى چاپماقچى بولغانىكەن، بوۋاي ئۇنى غەزەپ بىلەن شۇنداق ئىتتىرىپتۇكى، ئۇ پالۋان كەينىدىكى پالۋانغا سوقۇلۇپ، ئىككىسى بىرلىكتە ئىككىنچى قەۋەتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئورنىدىن قوپۇپلا، ئالدى-كەينىگە قارىماي، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئوردىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ بۇلارمۇ ئوردىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە تەڭلا تۈۋرۈككە ئۇسۇپ سېپتۇ. قاڭقىپ چىقىپ، بىر-بىرىگە ئۇسۇشۇپتۇ. يەنە قاڭقىپ تۈۋرۈككە، يەنە قاڭقىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ

زەشتالىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، «بۇ ئىقلىمدا ئۈچ ئاپەت بار ئىدى-
سەن ئىككىسىنى يوقىتىپسەن. يەنە سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭ
ئۈچىنچى مۇشكۈلگە يولۇقىسەن. بۇ ئۈچىنچى مۇشكۈل سېنىڭ مە-
شۇقىڭ گۈلشەندۇر. ئۇ بۇ ئۆپ- چۆرىگە كېلىپ قالغان پۈتۈن
ئادەمزاتنى قىرىپ يوقىتىپ جەسەتلەرنى ئېتىغا توغراپ بېرىدۇ.
ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى نىيەت قىلغان نۇرغۇنلىغان شاھ، شاھزادىلەر،
باتۇر-پالۋانلار ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ ئېتىغا يەم بولغان.
ئۇ ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ لەكمىڭ-لەكمىڭ لەشكەر
ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن ئەمەس. سەن گەرچە ئەجدىھا
ۋە دىۋىلەرنى يەڭگەن بولساڭمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا
تەڭ كېلەلمەسەنمىكىن» دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر: «ھىجران
ئازابىنى جىق تارتتىم، شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ دوزاقنىڭ
ئازابىنى تارتىپ، مۇشۇ يەرگە كەپتىمەن. ياكى جانانغا يېتەي،
ياكى جاندىن كېچەي، مەشۇقەمنىڭ قولىدا جان بەرسەم بۇ دۇن-
يادىن ئارمانسىز كېتىمەن» دەپتۇ. بوۋاي: «خەير بوپتۇ. ئۇنداق
بولسا، مۇشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتسەڭ بىر
تۈلكە ئۇچرايدۇ. سەن تۈلكىگە مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىلساڭ، دېسەڭ
تۈلكە ماقۇل كۆرۈپ، شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇڭنى بۇيرۇپ،
ئۆزى يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىدۇ، تۈلكە يەرنى كولاپ، سەن
ئۈچۈن يول ئېچىپ، بۇ يولنى مەلىكىنىڭ ئات ئوقۇرىنىڭ
تۈۋىگىچە ئاپىرىپ قويۇپ يېنىپ چىقىدۇ. سەن تۈلكە كولىغان
يەر ئاستى يولىنىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ
بىلەن يەر ئۈستى تەرەپنى ئىتتىرسەڭ بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ.
مەلىكىنىڭ ئېتى ئون كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئادەم ھىدىنى
سېزەلەيدۇ ھەمدە بىر سائەتتە قىرىق كېچە-كۈندۈزلۈك يول
باسالايدۇ. سەن قولۇڭنى شۇنداق چىقارساڭ سېنىڭ ھىدىڭنى
پۇرىغان ئات قاتتىق كىشنەيدۇ. ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى

— ئۇنداق بولسا دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر، نۆۋەت ئوتتۇرانچى
ئاكامنىڭ. ئوتتۇرانچى ئاكام سىلىگە كۈيئوغۇل بولسۇن، — دەپتۇ.
پادىشاھمۇ رازى بولۇپ، يەنە 40 كېچە-كۈندۈز توي بېرىپ، قى-
زىنى قىلىچ ئۆمەرنىڭ ئاكىسىغا نىكاھلاپ بېرىپ-
تۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئاكىسى قىلىچ ئۆمەرنى ئۆيىگە قىچى-
رىپتۇ، ھەممە ئوبدان مېھمان قىپتۇ. شېرىن
سۆھبەت قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. چوڭ ئاكىسىنى ئەس-
لىشىپتۇ.

كەچ بولغاندا قىلىچ ئۆمەر:

— ئاكا، مېنىڭ مەقسىتىم تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى. مەن مەقسىتىم-
گە يېتىش ئۈچۈن سەپىرىمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك. شۇڭلاشقا
مەن سىز بىلەن خوشلىشىپ ئەتە يولغا چىقماقچى، — دەپ مۇد-
دىئاسىنى بايان قىلىپتۇ. ئاكىسىمۇ ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرماپتۇ،
رازى بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تۇرۇس-
قا ئېسىپتۇ ۋە چوڭ ئاكىسىغا تاپىلىغاندەك تاپىلاپ، خوشلىشىپ قاي-
تىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى ئۆزى يالغۇز خۇرجۇن-قاچىلىرىنى ئاتقا ئارتىپ،
ئۇزىتىپ قويغىلى چىققان پادىشاھ، ئاكىسى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى بى-
لەن خوشلىشىپ كۈنچىقىشقا قاراپ راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول
مېڭىپلا، بۇرۇن بېسىپ ئۆتكەن چۆللىرىدىنمۇ بىرنەچچە ھەسسە چوڭ
چۆللۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېتى
ئۆلۈپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەيدىغىنىمۇ، ئىچىدىغىنىمۇ
تۈگەپتۇ. ھالسىزلىنىپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ يول يۈرۈپتۇ.
بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپ يېتىپ،
كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاپ-
ئاق ساقال بوۋاي پەيدا بولۇپ: «ھەي بالام نەدىن كەلدىڭ؟
نەگە ماڭدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بېشىدىن ئۆتكەن-
لەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي قىلىچ ئۆمەرنىڭ سەرگۈ-

بوپتۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن تۇلكە كاماردىن ھاسىراپ-ھۆمىدەپ چىقىپ كامارنى كۆرسىتىپ تويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر كامارغا كىرىپ ئۆمىلەپتۇ، ئۆمىلەپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆمىلىگەنلىكىنى پەملىيەلمەپتۇ. ئاخىرى كامارنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى بىر-بىرلەپ قىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم مەلىكە ئايلىنىپ كېلىپ ئىتنى تىللاپ قاغاپ يېنىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ دېگىنىدەك، كاماردىن ئۇسسۇپ چىقىپ، ئات كىشنەپ بولغىچە قولاقلارنى ئاتقا تاشلاپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. تارىسا مەلىكە ياتقۇدەك. قىلىچ ئۆمەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، مەلىكە ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ، قولىنى كېرىپ بېسىپ تۇرۇۋاپتۇ، مەلىكىمۇ بوش كەلمەپتۇ. قولىنى يىغىشقا بەكمۇ كۈچەپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ بىلەكلىرى سىقىراپ كېتىپتۇ. مەلىكىمۇ بەك كۈچەنگەنلىكتىن چىرايلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، تەرلەپ كېتىپتۇ. ھەر ئىككىسى بوش كەلمەپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز ئېلىشقاندىن كېيىن مەلىكە:

— مەن بولالمىدىم، مەن ساڭا ئەل بولدۇم،— دەپ قىلىچ ئۆمەرنى مەيدىسىگە تېگەپتۇ،— سەن مېنىڭ ئاشىقىم، مەن سېنىڭ مەشۇقىڭمەن. سېنى سېغىنىپ ھىجران ئازابىنى تارتىپ كۈنلىرىم تۈنگە، تۈنلىرىم كۈنگە تەستە ئۇلىشىپ، يولۇڭغا بەكمۇ ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەنىدىم. خويمۇ ئۇبدان يېتىپ كەلدىڭ، سەن ئىشىكتىن كىرگەن چاغدىلا تونۇغانىدىم. مەن ئۆزۈمنى سېنىڭ باغرىڭغا ئاتاي دەپ تۇرسام، سەن مەن بىلەن كۈچ سىنىشىپ قالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ نامىم ساڭا ئۈن- تىنسىز ئەل بولۇشقا يول قويماي سەن بىلەن ئېلىشىپ قالدىم. ئەمدى مەن مەڭگۈ سېنىڭكى، كۈچ سىناشقانلىقىمنى ئەپۇ قىلغىن. بىز ئاينى گۇۋاھ قىلىپ نىكاھلىشايلى. مەن ئەرگە

ئالغان مەلىكە ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىلىچ نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئاتنى ئېگەرلەپ، پۈتۈن چۆل-جەزىرىلەرنى ئايلىنىپ كېلىپ ھېچنېمىنى تاپالمىغاچقا ئاچچىقى كېلىپ ئاتنى تىللاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قولۇقنى ئازراقلا چىقارساق ئات يەنە كىشنەيدۇ. مەلىكە يەنە ئالدىنقى قېتىمقىدەك قۇرۇق ئايلىنىپ كېلىپ قاتتىق خاپا بولۇپ، ئاتنى «ئالجىغان قىرچاڭغۇ، بۇدا يەنە كىشنەيدىغان بولساڭ ھەرگىز چىقمايمەن» دەپ تىللاپ - قاغاپ كىرىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، سەن ئۇ يەردىن ئۇسسۇپ چىقىپ مانا بۇ ئادەمنىڭ قۇلاقلىرىنى ئاتقا تاشلاپ بېرىسەن. ئات بۇ قۇلاقلارنى يەپ جىم تۇرىدۇ، سەن يۈگۈرۈپ مەلىكە ياتقان ئۆيگە بېسىپ كىرىسەن، ئۇ چاغدا مەلىكە ئاچچىقىدا قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ياتقان بولىدۇ. سەن كىرگەن پېتىڭ ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىپ ئالىسەن-دە، ئىككى قولىنى ئىككى قولۇڭ بىلەن ئىككى يانغا بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كېرىپ تۇرۇۋالىسەن. ئۇ قولىنى يىغىشقا جىق كۈچەپ باقىدۇ. ئەگەر ئۇ قولىنى يىغىۋالسا، تۈگەشكىنىڭ شۇ. ئۇ قولىنى يىغالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە ساڭا تەسلىم بولىدۇ. مۇرادىڭغا يېتىسەن. خەير، سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاي، ئامىن ئاللاھۇ-ئەكبەر!» دەپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغانسا، ئىنسى-جىن يوق. بېقىنىدا بىر دۆۋە ئادەم قۇلىقى تۇرغۇدەك. ئۇ قۇلاقلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ كۆرۈنگەن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ. راست دېگەندەك، بىر تۈلكە ئۇنىڭغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، «مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلساڭ!» دەپ تۈلكىگە مۇراجىئەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بوۋاي دېگەندەك

— ئۇ تەرەپلەرنى سورىما، سەن ئالدى بىلەن ئادەملىرىڭگە ئېيت، ئۇلار مېنىڭ پۇت-قوللىرىمنى باغلاپ، ئۇرۇپ بەدەنلىرىمنى كۆكەرتىۋەتسۇن. ئاندىن كېيىن ناھايىتىمۇ يۈگۈرۈك ئاتلىرىڭنىڭ بىرىگە بىر نۆۋكىرىڭنى مىندۈر. ئۇ مېنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەلىكىنىڭ يولىغا تاشلاپ قايتىپ كەلسۇن، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر ئىش قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇكۈنىلا مومايىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، مومايىنى مەلىكىنىڭ يولىغا تاشلىتىپ كەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە ئىككىسى شېرىن پاراڭ بىلەن ئولتۇرسا، ئات قاتتىق كىشنەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتقا مىنىپ چىقىپ يول ئۈستىدە قول-ئاياغلىرى باغلانغان، يۈزى يارىلانغان مومايىنى كۆرۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتتىن چۈشۈپ مومايىنىڭ قول-ئاياغلىرىنى يېشىپ، ھال-ئەھۋال سوراپتۇ.

موماي بىر ھازاغىچە يىغلاپ، قىلىچ ئۆمەرگە:

— مېنىڭ ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر قىزىم بار ئىدى. قىزىمنى سىزغا چىقارسام پادىشاھنىڭ شىكاردىن يېنىشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، پادىشاھ بىلەن يۈزلىشىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى قىزىمغا چۈشكەندىن كېيىن قىزىمنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزىمنىڭ ئۇنۇشۇپ قويغان يىگىتى بار ئىدى. كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ بولغانىدى. قىزىممۇ ئۇنىمىدى، مەنمۇ ئويلاپ قارىسام قىزىم ئوردىغا كەتسە مەڭگۈ كۆرەلمەيدىكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدىن باشقا قارايدىغان ئادىمىم يوق. ماڭا كىم قارايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ رازى بولماي، ئەلچىلەرگە بىر مۇنچە يالۋۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىلىپ يولغا سالدىم. ئەلچىلەر بۇ گەپنى پادىشاھقا دەپ بارغانىكەن، پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، «قىزنى ياخشىلىقچە بەرسە بەرسۇن، بەرمىسە ئۇ قېرىنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ مەلىكە گۈلشەننىڭ يولىغا تاشلاپ كېلىڭلار. مەلىكە ئۇ قېرىنىڭ جەسىدىنى ئىتىغا تاشلاپ بەرسۇن،

تەگكەندىن كېيىن ئادەتتىكى ئايالغا ئايلىنىمەن، كۈچۈممۇ تۈگەيدۇ.
مەن ئەنە شۇنداق سېھىرلەنگەن ، سەن مېنىڭ ئېرىم، مەن سېنىڭ ۋا-
پادار خوتۇنۇڭمەن.

ئۇلارنىڭ شېرىن، لەززەتلىك كۈنلىرى باشلىنىپتۇ. بىر - بىرىگە
بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ. بىر - بىرىگە
قاراپ تويۇشماپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكە تۇرۇغان قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى
بىرشەھەردىن ئاڭلايلى. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىمۇ مەلىكە گۈلشەنگە
ئاشىق ئىكەن. بىر قانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلچىلىرىدىن ئاي-
رىلىپ، لەشكەر تارتىپ بېرىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ئاران
قېچىپ قۇتۇلۇپ مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ياكى ئۇنىڭدىن ئۈمى-
دىنى ئۈزەلمەي يۈرەكلىرى زەرداپ بولۇپ، كۆك يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ
ياتقانىكەن. كۈنپېتىش تەرەپتىن كەلگەن بىر يىگىتنىڭ مەلىكىنى
نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ پادىشاھ ئوردىدىن چاچراپ
قوپۇپ، «كىمدە كىم ماڭا مەلىكە گۈلشەننى ئەكېلىپ بەرسە، بې-
شىدىن ئايىغىچە ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن قاپلايمەن» دەپ جارچى-
سىنى شەھەرگە چىقىرىپتۇ. جارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شۇ شەھەر-
دىكى بېلى مۈكچەيگەن، ئاغزى ئۆمچەيگەن، ئوغرى مۈشۈكنىڭ
كۆزىدەك كۆزى بار، تەلەتىدىن قۇۋلۇق شۇملۇق چىقىپ تۇرىدى-
غان ئىلمەك بۇرۇن بىر موماي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ
كەپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— ۋەدە قىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭىزنىڭ يېرىمىنى ھازىر بەر-
قالغان يېرىمىنى مەلىكىنى قولۇڭغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئال-
مەن دەپتۇ. خۇشال بولۇپ كەتكەن پادىشاھ بىر تاغار ئالتۇن - كۈ-
مۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، قىممەت باھالىق جاۋاھىر تاشلارنى مومايىنىڭ
ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئەمر قىپتۇ. ئۇ مومايدىن مەلىكىنى قانداق
ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. موماي:

كۆتۈرۈپ، ھويلىنى تازىلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. موماي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە قىلىچ ئۆمەرگە:

— بۇ مومايىنى بىكار ئېلىپ كەپسىز. چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ. تايىنلىق مېنى ئالىمەن دەپ يۈرگەن پادىشاھ ئەۋەتكەن غالچىمىكىن دەيمەن، — دەپ ئۆز گۇمانىنى سۆزلەپتۇ.

— بۇ مومايىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى. ياخشى بولسا ئىشىنى يەيدۇ، يامان بولسا بېشىنى! — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

موماي كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئۆي ئىچى، ھويلا - ئاراملارنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ، ئۆينى ئالاھىدە ياسىداق، ھويلىنى پاكىز قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، بېشىنى بېقىپ، ئىشىنى ئېتىپ، شېرىن سۆزلەپ يۈرۈپ، مەلىكىنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇرۇن ئۇۋغا چىقاي دېسە مەلىكە ئۇنىمايدىكەن. موماي كەلگەندىن كېيىن، «بارسىڭىز بېرىڭ» دەيدىغان بوپتۇ. موماي بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا تۈرلۈك چۆچەكلەرنى سۆزلەپ، مەلىكىنى كۈلدۈرۈپ كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزدۈرمەپتۇ. موماي كۈندۈزى ئىشلىسە، كېچىسى قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە ياتىدىغان ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىگىچە لەخمە كولاپتۇ. لەخمە پۈتۈپ تام تۈۋىدىكى بۇلۇڭدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ بولغاندا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە قىلىچ ئۆمەر ئۇۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. موماي ئۆي ئىچى ۋە ھويلا - ئاراملارنى تازىلاپ بولۇپ:

— قىزىم ماۋۇ ئاپتاپقا كەل، بېشىڭنى بېقىپ قوياي، — دەپتۇ.

مەلىكىمۇ ئۆز ئانىسىدەك ئۆگىنىپ قالغان بۇ مومايىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ يېتىپتۇ. موماي مەلىكىنىڭ بېشىنى باققاچ ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ قىلغاچ:

— قىزىم ئېرىڭ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ:

قىزىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئۆكتۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى بۇ ئىشنى بىردەمدىلا ئەمەلگە ئاشۇردى. مېنىڭ بۇ يەردە تويغا ئېلىنىپ يېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ. بىر يىگىت مەلىكە گۈلشەنگە ئۆيلىنىپتىمىش دېيىشىۋاتاتتى، سەن شۇ يىگىتمۇ ئەمەسمۇ؟— دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

—ھە ئە، شۇ يىگىت مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. موماي:

—نى —نى يىگىت، پالۋانلار، پادىشاھ - شاھزادىلەر ئالالمىغان مەلىكىنى سەن ئاپسەن. تەلەيلىك يىگىت ئىكەنسەن. مۇبارەك بولسۇن، ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟ ئۇلار نەدە؟— دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئال ۋە ئالدىدا تۇرغان بۇ موماي قىلىچ ئۆمەرنىڭ يىراقتا قالغان ئانىسىنى ئەسلىتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ. موماي:

— ئۆيلىنىپ قالدىڭمۇ بالام؟ مېنىڭ قىزىمنى بۇلاپ كەتكەن پادىشاھمۇ مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان. ئەمدى تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپتۇ. مەلىكە ساڭا ئوخشاش باتۇر يىگىتلەرگە مەنسۇپ، بالام، مېنىڭ بارىدىغان يېرىم يوق، سىلەر ياش، ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلالمايسىلەر. سەن ئەر كىشى، باتۇر يىگىتسەن. سەن ھەمىشە ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسەڭ زېرىكىسەن. مەلىكىنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەڭ بۇ يەردە ئۇنىڭ سەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئۇ زېرىكىدۇ. مېنى ئالغاچ كەتسەڭ، قىزىمنى كۆرگەن كۆزۈمدە مەلىكىنى كۆرسەم. سەن سىرتقا چىقساڭ، مەن خوتۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسام،— دەپ يېلىنىپتۇ ۋە زار - زار يىغلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئېتىغا مىنىگەشتۇرۇپ قەلئەگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرماپتۇ. موماي سالاملىشىپ بولۇپلا چېلەك، سۈپۈرگىنى

تۇن بولۇشقاندىن كېيىن، سېنى ئۆزى چوڭ بولغان يەردىن ئاي-رىلىپ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ كەتمەي مۇشۇنداق ئادەمسىز چۆل - باياۋاندا يۈرەرمىدىم؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

— مېنى ياخشى كۆرسىڭىز نېمىشقا جېنىڭىزنىڭ نېمىدە ئى-كەنلىكىنى هازىرغىچە دەپ بەرمەي مەندىن يوشۇرىسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە، قىلىچ ئۆمەر:

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي. پايدىسىز، — دېگەن ئى-كەن، مەلىكە مىشىلداپ يىغلاپ، دومسىيىپ يېتىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆ-مەر تەڭلىكتە قېلىپ، خوتۇنىنى ئۆزىگە قارىتىپ قۇچاقلاپ يېتىپ:

— ئىنىسى - جىنغا تىنما. مېنىڭ جېنىم مۇشۇ يېنىمدىكى قىلىچىمدا، — دەپتۇ. بۇ گەپنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى لەخمە-دە ياتقان هىيلىگەر شۇم موماي ئاڭلىۋاپتۇ. بۇلار قاتتىق ئۇي-قۇغا كەتكەندە موماي ئاستا ئۆيگە كىرىپ قىلىچ ئۆمەرنىڭ قى-لىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، مەلىكىنىڭ ئېتىنى مىنىپ قېچىپ قىلىچنى يىراقتىكى بىر دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىگىنى مەلىكە ئويغانسا، قىلىچ ئۆمەر شۇك ياتقۇدەك. «تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن!» دەپ تۇرتۇپ بېقىپتۇ، «هىيلىگەرلىك قىلماڭ!» دەپ قىچىقلاپ بېقىپتۇ. شۇ چاغدا كۆزى قىلىچى يوق قۇرۇق غىلاپقا چۈشۈپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ - دە، يىغلاپ كېتىپتۇ.

ياۋۇز موماي قولىغا بىر ئاغامچىنى ئېلىپ «ھى ... ھى...» دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ، «ئەمدى قولغا چۈشتۈڭمۇ مەلىكەم» دەپ كېلىپ، مەلىكىنى باغلىماقچى بوپتۇ. مەلىكە قارشىلىق كۆرسىتىپ-تۇ. موماي چاقچاقلىق قىلىپ مەلىكىنىڭ بوينىغا ئارغامچا بىلەن سىرتماق سېلىۋېلىپ، مەلىكىنى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆكتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ ۋە مەلىكىنى قولىغا چۈشۈ-

— ياخشى كۆردۇ، مېنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆردۇ. ياخشى كۆرمىسە يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ، شۇنچە جاپالىق يولنى بېسىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئادەتتە بۇنداق باتۇرلارنىڭ جېنى ئۆزىنىڭ تېنىدە بولمايدۇ. ئېرىڭىزنىڭ جېنى نەدىكەن؟ بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئەگەر ئۇ ھازىرغىچە جېنىنىڭ نەدىلىكىنى ساڭا دەپ بەرمىگەن بولسا، دەپتۇ موماي، — ئۇ چوقۇم سېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ساڭا ئىشەنمەيدىكەن. ئەگەر سېنى ياخشى كۆرگەن بولسا، ساڭا ئىشەنگەن بولسا، جېنىنىڭ نېمىدىلىكىنى دەپ بەرگەن بولاتتى.

مەلىكە بۇ كۈننى چۈشىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈپتۇ. كەچقۇرۇن قىلىچ ئۆمەر ئوۋدىن يېنىپ كېلىپ، ئوۋلاپ كەلگەن كىيىكنى سويۇپ، گۆش قىلىپ مومايغا تاشلاپ بېرىپتۇ ھەمدە ئەتىگەنلىككىچە ئوبدان پىشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيگە كىرسە مەلىكە خامۇش ئولتۇرغۇدەك، ھاردۇقىمۇ سورىماپتۇ. قىلىچ ئۆمەر «مەن يوق زېرىكىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ چاقچاق قىپتۇ، قىچىقلاپ بېقىپتۇ، ئەركىلىتىپتۇ، مەلىكە سۆز قىلماپتۇ. ئاخىرى گەپ - سۆز قىلىشماي ئورۇنغا كىرىپ يېتىپتۇ. بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ:

— سىز زادى مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆمەر خوتۇنىنىڭ بۇ سوئالىدىن ھەيران قېلىپ:

— سەن ھازىرغىچە مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەمسەن؟ مەن سېنى ياخشى كۆرمىسەم، يۇرتۇمنى، مېھرىبان ئانامنى تاشلاپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، مۇشۇ يەرگە كېلەرمىدىم؟ سېنى ياخشى كۆرمىسەم سەن بىلەن ئەر - خو-

مەپتۇ. «نەگە ئېقىپ چۈشكەندۇ؟» دەپ تاغ - داۋان، دەريا - كۆللەرگە
قارىسا، بىر دەريانىڭ تېگىدە تۇرغۇدەك. يۇلتۇزنىڭ يېنىدا ئۇكى-
سىنىڭ قىلىچىمۇ تۇرغۇدەك. بۇلار دەرھال ئاتلىرىغا مىنمەكچى
بولغانىكەن. مەلىكىنىڭ ئېتى بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىنى ئۆزلىرىنىڭ
ئاتلىرىغا مىنگىلى قويماي، چاپانلىرىنىڭ پېشىدىن، يەڭلىرىنىڭ
ئۇچىدىن چىشلەپ، ئۆزىگە مىندۈرۈپ، ھېلىقى دەريانىڭ تۈۋىگە
بىردەمدىلا ئېلىپ كەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكا دەرھال دەريانى باغ-
لاپ، قىلىچنى ئېلىپ چىقىپ قەلئەگە قايتىپ كېلىپ، قىلىچنى غىلاپقا
سالىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قاتتىق بىر چۈشكۈرۈپ: «ئەجەب قاتتىق دەم
تاتلىق ئۇخلاپتىمەن. ھەي، مەلىكە! قېنى سەن؟» دەپ تۈۋلاپ
كۆزىنى ئاچسا، ئىككى ئاكىسى بېشىدا قاراپ تۇرغۇدەك. ئۇ
ئاكىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بولۇپ ئۆتكەن
ئىشلارنى چۈشىنىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىغا «دەرھال ئاتلىناي-
لى» دەپ سىرتقا چىقىشىغا ئېتىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ.
قىلىچ ئۆمەر ئېتىغا مىنىپ ئوقتەك ئۇچۇپتۇ. ئىككى ئاكىسىمۇ
سەكسەن پالۋاننى ئەگەشتۈرۈپ ئۇكىسىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى
قويۇۋېتىپتۇ. بۇلار تويىنىڭ قىرىقىنچى كۈنى چۈش بىلەن پادى-
شاھنىڭ قەلئەسىگە بوراندەك بۆسۈپ كىرىپتۇ. پادىشاھ لەشكەر-
لىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى چېپىپ تاشلاپ، پادىشاھنى
تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ئوردا سارىيىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپ-
تۇ. ئۇلار پادىشاھ ھەرىمىدىن مەلىكىنى تېپىپتۇ. ئەگەر بۇلار
يېتىپ كەلمىگەن بولسا ۋەدە بويىچە مەلىكە پادىشاھنىڭ خوتۇ-
نى بولۇشقا توغرا كېلىدىكەن. مەلىكە «بۈگۈن ئۆلمىدىغان بول-
دۇم» دەپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بىر بولاق زەھەرنى تەييار قى-
لىپ قويغانىكەن، مەلىكە قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا
ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سورىمايدىغان سىرنى سوراپ ئۆزىنىڭ جۇدالىققا
ئۇچرىغانلىقىنى ئەسلەپ ئېرىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلى

روشتىكى جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ، پادىشاھتىن ۋەدە قىلىنغان ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ مەلىكىگە ئۆزىگە خوتۇن بولۇش تەلىپىنى قويۇپتۇ. مەلىكە:

— ماقۇل، ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار. بىرىنچى شەرتىم، مېنىڭ ئېتىمنى قويۇپ بېرىڭ، مەن تۇرغان قەلئەنى ساقلىسۇن. ئىككىنچى شەرتىم، ئېرىم ئۆلدى، قىرىق كۈن ماتەم تۇتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىسىز. ئاندىن كېيىن نىكاھىڭىزغا ئۆتىمەن. بۇ شەرتلىرىمگە كۆنمەي بىر كۈن بۇرۇن يېقىنلىشىمەن دەيدىكەنسىز، مېنىڭ ئۆلۈكۈمگە ئېرىشىسىز، — دەپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بۇ شەرتلەرگە كۆنۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىلىچ ئۆمەرنىڭ ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى: بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا ۋەدە بويىچە ھەر كۈنى سەھەردە سۈتكە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. دەل ياۋۇز جادىگەر موماي قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن كۈنى ئەتىگەندە سۈتكە قاراشسا، سۈت قىپقىزىل قان رەڭگىگە ئۆزگەرگەن. چوڭ ئاكا دەرھال 40 پالۋاننى، 80 ئاتنى تاللاپتۇ. 40 ئاتقا 40 پالۋاننى بىردىن مىندۈرۈپتۇ. يەنە قىرىق ئاتقا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە سۇ قاچىلانغان تۇلۇملارنى ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، ئوتتۇرانچى ئۇكىسى تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ، ئۇكىسىمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش تەييارلىق قىلىپ، ئاكىسىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بۇلار سەكسەن نەپەر پالۋاننى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ، سەپەرنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە مەلىكە گۈلشەننىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە قەلئەگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۇكىسى ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقۇدەك. چوڭ ئاكىسى يۇلتۇزلارغا قاراپ، قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدىسە، يۇلتۇزى ئاسماندا كۆرۈن-

## شىرزات

بۇرۇنقى زاماندا نەزەر باي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. نەزەر باي سان - ساناقسىز مال - چارۋىغا ئىگە بولۇپ، يىراق ئەل - يۇرتلار بىلەن سودا - سېتىق ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇنىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىكەن. بىر يىلى قىش ئىنتايىن قاتتىق كېلىپ، مال ئىگىلىرى چارۋا پادىلىرىنى يىراق بولسىمۇ ئوت - چۆپى مول، ئىسسىق يەرلەرگە ھەيدەپ كېتىپتۇ. نەزەر باينىڭ سەككىز ئوغلىمۇ مۇشۇلار قاتارىدا ئاتىسىنىڭ مال چارۋىسىغا ئىگدارچىلىق قىلىپ كېتىپتۇ. نەزەر باي بىلەن خوتۇنى ئۆيدە قاپتۇ. مانا شۇ كەتكەنچە باشقىلار يېنىپ كەپتۇ، ئەمما نەزەر باينىڭ ئوغۇللىرىدىن ھېچبىر خەۋەر بولماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى نەزەر باينىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ۋاقتى - سائىتى تولغاندا شىردەك قاۋۇل، سۇمباتلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالا ئەنە شۇنداق تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شىرزات دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

شىرزات ئۆزگىچە بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ، بىر ئايدا بىر ياشتىكى بالىدەك، ئىككى ئايدا ئىككى ياشتىكى بالىدەك، بىر يىلدا ئون بەش ياشتىكى ئۆسمۈردەك چوڭ بوپتۇ. ئىككى يېشىدا مەن - مەن دېگەن كىشىلەرنىمۇ ئۇرغۇدەك پالۋان يىگىت بولۇپتۇ. ئۇ ئاتقان ئوقياسىنى توققۇز قەۋەت كەتمەندىنمۇ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدىكەن.

ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن جادىگەر مومايىنى تېپىپ كەپتۇ. پادىشاھنى دارغا ئېسىپتۇ. جادىگەر مومايىنى يامان ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئاتنى چۆل-باياۋانغا قويۇۋېتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقىمۇ بۇ زالىم پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدىن ئاران تۇرغانىكەن. ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، بۇلارنى «پادىشاھ بولۇڭلار» دەپ تەلەپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا:

— سىز پادىشاھ بولۇڭ، — دەپ تەكلىپ قىلىپتۇ، چوڭ ئاكىسى:

— مەن ھازىر قېيىن ئاتام ئۆلۈپ كېتىپ، ھېلىقى شەھەرگە پادىشاھ بولدۇم. بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولالمايمەن، — دەپ ئۇنىماپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكىسىمۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىدىن ۋاز كېچىپ چوڭ ئاكىسىغا ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقى قىلىچ ئۆمەرگە قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىنىڭ شەرىپى، خەلقىنىڭ زالىم پادىشاھتىن قۇتۇلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تويى ئۈچۈن 40 كېچە-كۈندۈز بەزمە-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى قىلىچ ئۆمەر ئىككى ئاكىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بۇ شەھەردە پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ. ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل پاراۋان، مەملىكەت قۇدرەتلىك بولۇپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەلىكە بىلەن خۇشال-خۇرام كۈن كەچۈرۈپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شىرزات ئاكىلىرى بارلىقىغا راستىنلا ئىشىنىپ، ئانىسىدىن سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانىسى راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ:

— سەككىز ئاكاڭ بار ئىدى، قاتتىق جۇت بولغان يىلى مال ھەيدەپ كەتكەن پېتى ھازىرغىچە ھېچ خەۋىرى يوق، نەدىلىكىنى بىلمەيمىز.

شىرزات ئاتا — ئانىسىغا يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بېرىپ، بېلىگە سادىقلىرىنى باغلاپ، قولىغا تۆمۈر ھاسا ئېلىپ، چۈيۈن كەش كىيىپ، ئاكىلىرىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ئاي يۈرۈپتۇ، يىل يۈرۈپتۇ، تالاي ئەللەرنى، تالاي يەرلەرنى ئارىلاپتۇ. تۆمۈر ھاسىسى يېڭىنىدەك، چۈيۈن كەشى تەڭگىدەك قالغاندا، يىراق بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ھېرىپ - ئېچىپ دۆڭگە چىقىپ قارىسا، كەڭ يايلاقتا سانسىز قوي، كالا، يىلقا ۋە تۆگىلەر كۆرۈنۈپتۇ. بۇ يەردە، كاتتا توي بولۇۋاتقان ئىكەن. شىرزات «ئاكىلىرىمنى مۇشۇ يەردىن سوراشتۇرۇپ كۆرەي» دەپ شۇ يەرگە بېرىپتۇ. كۈتكۈچىلەر ئۇنى دىۋانە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ تويغۇدەك ئاش ۋە گۆش بېرىپتۇ. لېكىن شىرزات يېمەپتۇ. بىر چاغدا بىر خىزمەتچى كېلىپ:

— ھەي قەلەندەر، تېخىچە تويمىدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. شىرزات بۇ ئاھانەتكە چىدىماي، ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرلا ئۇرۇپ، تىنىق مۇللاق چۈشۈرۈپتۇ. كۆپچىلىك:

— ساڭا نېمە كېرەك؟ نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قورقۇشۇپ.

— ماڭا نەزەر باينىڭ سەككىز ئوغلى كېرەك. سەككىز ئاكامنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دەپتۇ شىرزات.

شۇ ئارىدا سەككىز يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ، شىرزات بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

شىرزات دائىم ئۇۋغا چىقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ، ئاتا ـ ئانىسىغا غەمخور-
لۇق قىلىپ كەپتۇ.

شىرزات بىر كۈنى تېرەك ئۇچىدا ئولتۇرغان بىر سېغىزخانغا
ئوقىيا ئېتىپتىكەن، ئوق سېغىزخاننىڭ قانىتىنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.
سېغىزخان ئۆلمەي بىر قانىتىنى كېرىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. سەكرەپ
قېچىپ كېتىۋېتىپ، سالقىندا چاق ئېگىرىپ ئولتۇرغان بىر موماينىڭ
چاقى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتكەندە، بىر قانىتى يىپقا ئىلىنىپ قېلىپ،
بىر مۇنچە يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان مو-
ماي شىرزاتقا:

— ھەي بىكار تەلەت! يىپىمنى ئۈزۈۋەتتىڭغۇ! ئەتىدىن -
كەچكىچە شۇنداق لاغايلاپ يۈرگىچە، يوقاپ كەتكەن سەككىز ئا-
كاڭنى ئىزدەپ تاپساڭ بولماسمىدى ؟! — دەپ كايىپتۇ.

موماينىڭ « سەككىز ئاكاڭ » دېگەن سۆزىدىن ھەيران بول-
غان شىرزات تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ ئىلگىرى ئاكىلىرى
بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەن. ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىگە-
نىكەن. شىرزات بىر ھازادىن كېيىن يۈگۈرۈگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ
ئانىسىغا:

— ئاكىلىرىم نەدە؟ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ مەن تېپىپ
كېلىمەن! — دەپتۇ.

— ئۇ قېرى جادىگەر يالغان سۆزلەيدۇ. سېنىڭ ئاكىلىرىڭ
يوق، — دەپتۇ ئانىسى ئىشەندۈرۈپ.

يەنە بىر كۈنى شىرزات ئوشۇق ئويناپ يۈرۈپ، ھېلىقى مو-
ماينىڭ يالغۇز ئوغلى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ بىر مۇش ئۇر-
غانىكەن، بالا ئۆلۈپ قاپتۇ. موماي شىرزاتنى تىللاپ ـ قاغاپ،
يامانلاپتۇ:

— ھوي، ھارامزادە، ئۆلگۈر! يالغۇز بالامغا زورلۇق ئىشلەت-
كىچە، ئەمتىرەپ ئۆلگەن سەككىز ئاكاڭنىڭ قورىغان سۆڭىكىنى
بولسىمۇ تېپىۋالساڭچۇ!

ئۆي ئىگىسى باشقا ئىلغىدىن يەنە بىر ھالقىنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ، — بۇ كەنجى قىزىمنىڭ ھالقىسى. بۇلار سەككىز قىزىمنىڭ ھالقىسىغا قوشمايەن. ئاۋۇ سەككىز قىزىم بىر بولسا، كەنجى قىزىم ئۆزى بىر، — دەپ ھالقىنى يەنە ئۆز جايىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. نەزەر باي ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ سەككىز قىزىڭىز بىر، كەنجى قىزىڭىز بىر بولسا، مېنىڭمۇ سەككىز ئوغلۇم بىر، كەنجى ئوغلۇم ئۆزى بىر، كەنجى قىزىڭىز شىرزاتقا بولسۇن! — دەپتۇ.

نەزەرباي مەسلىھەتنى پۈتكۈزۈپ توي كۈنىنى بەلگىلەپ قايتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نەزەرباي ئوغۇللىرىنى باشلاپ ھېلىقى توققۇز قىزى بار ئادەمنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، ئوتتۇز كۈن ئويۇننى، قىرىق كۈن تويىنى ئۆتكۈزۈپ كېلىنلىرىنى ئېلىپ قايتماقچى بولۇپتۇ.

كەنجى پەرىزاتنىڭ ئاتىسى قىزلىرىغا ھەرخىل لازىمەتلىكلەرنى بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزات ئاتىسىنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىگە رازى بولماي:

— ئاتام ماڭا قاراگىر ئېتىنى، ئاق باش تۆگىسىنى ۋە دۇبۇلغا، ساۋۇتىنى بەرسۇن، — دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پەرىزاتنىڭ ئاتىسى ئاچچىقلىنىپ، كەلگەن كىشىگە:

— قىزىمغا ئېيتقىن، نەزەربايىنىڭ بايلىقى ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ. قورۇق تاما قىلمىسۇن! — دەپتۇ.

پەرىزات ئاتىسىغا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ:

— قارا گىر ئاتنى سورىغىنىم، پالۋانلارغا لايىق ئات ئىدى. شىرزاتنى مىنسۇن دېگەنىدىم؛ ئاق باش تۆگىنى سورىغىنىم، شىرزات تۆگىلىرىگە باش قىلسۇن دېگەنىدىم؛ ئاتا — بوۋىمىزدىن مىراس قالغان دۇبۇلغا، ساۋۇت شىرزاتقا لايىق ئىدى. شۇ پالۋان كىيسۇن دېگەنىدىم، — دەپتۇ.

بۇ مال - چارۋىلارنىڭ ھەممىسى سەككىز ئوغۇلنىڭ ئىكەن. شىرزاتتىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ يۇرتىغا يانماق بولۇپتۇ.

سانسىز يىلقىلار بىرلا كۆرەڭ بايتالنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. شىرزات ئەنە شۇ كۆرەڭ بايتالنى تۇتۇپ، يېتەكلەپ ئالدىدا مېڭىپتۇ. يىلقىلار كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ھېچكىم «يىلقا ھەيدەيمەن» دەپ ئاۋارە بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ تالاي تاغدىن ئېشىپ، چۆللەرنى بېسىپ، توققۇز ئوغۇل ساق - سالامەت ئۆز ئېلىگە كەپتۇ.

بالىلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەزەر باي يۇرت - جامائەتكە چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، تۆگىدىن بوغرا، يىلقىدىن ئايغىر، قويدىن قوشقار سويۇپ، ياش - قېرىلارنى مېھمان قىپتۇ.

توي تۈگىگەندىن كېيىن، نەزەر باي ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ - دە، توققۇز قىزنى بىرلا ئۆيدىن تاپماقچى بولۇپ يۇرت ئارىلاپتۇ. بىر كۈنى چەت بىر يېزىدىكى كونا بىر ئۆيدە قونۇپ كەتمەكچى بولۇپ كىرسە، ئىلغىدا سەككىز ھالقا ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن نەزەر باي خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. بۇنى سەزگەن ئۆي ئېگىسى:

— نېمىنى خىيال قىلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خىيال سۈرگىنىمنىڭ سەۋەبى: توققۇز ئوغلۇم بار، شۇلارغا توققۇز قىز ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن. خۇددى ئۆز بالىلىرىمدەك، ئۇلارمۇ بىر ئاتا - ئانىدىن بولۇشى لازىم. ئىلغىدىكى ھالقىلارنى كۆرۈپ، مەقسىتىمگە يەتتىم دەپ خۇشال بولغان ئىدىم. سانىسام بىرسى كەم ئىكەن. شۇنى خىيال قىلىپ قالدىم، — دەپتۇ باي.

— ئۇنداق بولسا، ئۆيلانماڭ! يەنە بىرسى ئەنە، ــا دەپ

جادۇگەر قىزنىڭ زاڭلىق قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلگەن پەرىزات مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئەي ناتونۇش بىگانە،
ئۆي تۇتۇپسەن يېگانە.
يامان نىيەت بولمىسا،
يۈرەتتىڭمۇ پىنھانە.
سۆيگەن يارىم شىرزات،
ئۆز يارىمنى سۆيىمەن.
مېنىڭ ئېتىم قارا گىر،
ئۆز ئېتىمنى مىنىمەن.
يوك-تاقامنى پەقەتلا،
ئاق تۆگەمگە ئارتىمەن.
كىيگەن ساۋۇت، دۇبۇلغا،
ئۆز كىيىمىم، كىيىمەن!
يار بويىدا دېمەيمەن،
قومۇش كەپە دېمەيمەن.
زورلىساڭمۇ بىلىپ قوي،
بۇ ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن.
بىر سائەتمۇ تۇرمايمەن،
سۆھبەت تۈزۈپ يۈرمەيمەن.
سىنچىپىڭنى ئىچمەيمەن.

جادۇگەر قىز ئېغىز ئاچالماي «خەپ، ساڭا بىر كۆرسەتمىسەم!» دەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىشىنى بىلەپ قاپتۇ. يولۇچىلار كېتىۋېرىپتۇ.
بىر كۈنى ئۇلار شور قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەپتۇ. پەرىزات

پەرىزاتنىڭ ئاتىسى ئاخىرى قىزىنىڭ سورىغانلىرىنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ ۋە:

— قىزىمغا ئېيت، شور قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا قونمىسۇن، خەتەرلىك! — دەپتۇ.

نەزەرباي كېلىنلىرىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلارغا يول ئۈستىدىكى تېرەك تۈۋىگە جايلاشقان كونا بىر قومۇش كەپە ئۇچراپتۇ. بۇ ئەسلى جادۇگەرنىڭ قىزىنىڭ كەپىسى ئىكەن. جادۇگەر قىز شىرزاتقا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ئۇنى قەستلەپ يۈرگەنىكەن. يولۇچىلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، جادۇگەر قىز كەپىسىدىن چىقىپ غىلجىڭلاپ سەت ھىجىيىپ مۇنداق دەپتۇ:

سۆيگەن يارىڭ شىرزات،
قۇتلۇق بولسۇن پەرىزات.
مېنىڭ ئېتىڭ قارا كىر،
قۇتلۇق بولسۇن پەرىزات.
ئاق باش تۆگەڭ يارامىلىق،
قۇتلۇق بولسۇن پەرىزات.
دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتۇڭ،
قۇتلۇق بولسۇن پەرىزات.
يار بويىدا دېمىسەڭ،
قومۇش كەپە دېمىسەڭ،
بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈپ كەت،
ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەت.
شېرىن سۆھبەت قۇرۇپ كەت،
ئىچ سىرىمنى بىلىپ كەت.
ھېچ بولمىسا دەم ئېلىپ،
تۇز - تەممىنى تېتىپ كەت،
سىنچىيىمنى ئېچىپ كەت.

توقۇز كىلىن كۆچۈرۈپ،
بۈگۈن كەلدىم بۇ يەرگە.
بايلىقىمدىن قانچىلىك،
ئالساڭ، ئالغىن ئۆزۈڭگە.

دىگەن قوشاقنى ئوقۇپ. «قويۇۋەت مىنى جان موما!» دەپتۇ.
موماي « ياق» دەپ يەنە بىر سىققان ئىكەن، نەزەر باي تەرنەش-
كە باشلاپتۇ ۋە:

يەنە رازى بولمىساڭ،
سان - ساناقسىز قويۇم بار.
قانچە ئالساڭ ئال ئانا!
يەنە نىمە ئويۇڭ بار؟

دىگەن قوشاقنى ئوقۇپ، «بوشات مىنى، جان ئانا!» دەپتۇ.
موماي « ياق » دەپ چىڭراق قىسقان ئىكەن، باينىڭ كۆزى
ئالىيىپ قاپتۇ. نەزەر باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ.
قورا - قورا تۆگەم بار،
ئال، جىنىمنى قىلما خار.

دىگەن قوشاقنى ئوقۇپ، « قويۇۋەت مىنى ئانىجان ! » دەپ-
تۇ يەنە. موماي « ياق » دەپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپتۇ،
نەزەر باينىڭ جىنى چىقىشقا ئازلا قىلىپ ئۆلۈشكە كۆزى يىتىپ:

يەنە رازى بولمىساڭ،
ساي - سايلاردا يىلقام بار.

قېيىن ئاتىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «بۇ يەردە قونمايلى، خەۋپلىك يەر» دەپتۇ. نەزەرباي «كېلىنىم ئۆيگە بارماي تۇرۇپلا مېنى باشقۇرماقچى بوپتىمۇ؟» دەپ ئاچچىقلاپ شۇيەردە قونۇشقا بۇيرۇپتۇ.

شۇكېچىسى پۈتۈن ئەتراپنى قاراتۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. نەزەرباي شۇ چاغدا كېلىننى پەرىزاتنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىدىن پۇشايمان يەپتۇ ـ دە، ئۇخلىماپتۇ. پەرىزاتمۇ تاڭغىچە كىرپىك قاقماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاقباش تۆگىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بوپتۇ، بۇ خەۋەر نەزەر بايغا يەتكۈزۈلۈپتۇ، نەزەر باي دەرھال ئىزدەپ مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارسا، يىراقتا تۆگە كۆرۈنۈپتۇ. يېقىن بېرىپ ئاق باش تۆگىنىڭ نوقتىسىنىڭ بىر قوڭغۇراق تىكەنگە ئىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. يانتاق يېنىدا بىر تېرى دۈمچەك موماي ئولتۇرغۇدەك. نەزەر باي:

— موما، ھەي ... موما! ئاۋۇ چۆلۈۋۈرنى ماڭا ئېلىۋېتىڭا! — دەپتۇ.

— قوپسام ئولتۇرالمايمەن، ئولتۇرسام قوپالمايمەن. بالام! ئۇنىڭغا ھالىم يەتمەيدۇ، — دەپتۇ موماي مۆلايىملىق بىلەن.

مومايىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن نەزەر باي چۆلۈۋۈرنى ئالاي دەپ ئاتتىن ئىڭىشكەندە، مومايىنىڭ قولى خۇددى ئامبۇردەك كېلىپ نەزەر بايىنىڭ كېكىرتىكىنى قىسىۋاپتۇ، نەزەر باي مومايىنىڭ جادىگەرلىكىنى ئەنە شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ، ئۇ ئۇياق ـ بۇ ياققا يۇلقۇنۇپ كۆرۈپتۇ، بىراق موماي تېخىمۇ قاتتىقراق قىسىپتۇ. نەزەر باي «قويۇۋەت!» دېگەنسېرى موماي شۇنچە قاتتىق سىقىپتۇ. نەزەر بايىنىڭ جېنى قىينىلىپتۇ، ئىلاجسىز قالغان نەزەر باي ئاخىرى يېلىنىپ، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— قاردەك ئاقارغان ساقال، چېچىم بار! قېرىپ قالغان يېشىم بار! مېنى قويۇۋەت، جان موما! — دەپتۇ. موماي «ياق!» دەپ تېخىمۇ قاتتىق سىقىپتۇ. نەزەر باي:

سەكسەن ئەرنەڭ كۆچى بار،
پاراسەتلىك ئەقلى بار.
شۇلار بولسۇن سىنىڭكى.
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى.
قويۇۋەت مېنى جان موما!
كۆچكە تولغان خان موما! — دەپتۇ.

موماي «ياق-ياق!» دەپ نەزەر باينىڭ گېلىنى بىر سىققانىكەن، نەزەربايىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ-دە، خىرقىراپ تۇرۇپ:

يەنە رازى بولمىساڭ،
خۇي-پەيلىڭدىن يانمىساڭ.
ساڭا قوياي بىر تىلەك،
سەككىزىدىن بىر بۆلەك.
كەنجى ئوغلۇم شىرزات،
پالۋانىم ئەزىمەت.
ئۇ ھەم بولسۇن سىنىڭكى،
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى.
قويۇۋەت مېنى جان موما.
بارلىقىمنى ئال موما! — دەپتۇ.

جادۇگەر موماي شۇندىلا قولىنى بوشىتىپتۇ ۋە:
— شىرزاتنى ماڭا قانداق كەلتۈرۈپ بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يانچۇقۇمدا شىرزاتنىڭ ئوق ئۇچلايدىغان بىلىيى بار. شىرزات ئۇنىڭسىز يۈرەلمەيدۇ، مەن ئۇنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كېتەي، شىرزات ئىزدەپ كېلىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنى تۇتۇۋال، — دەپتۇ نەزەرباي.

رەھمى قىلغىن ئانىجان،
( سەندە بولسۇن ئىختىيار)
ئۇ ھەم بولسۇن سىڭنىگكى.
جىنىم قالسۇن مىڭنىگكى! — دەپتۇ يىغلاپ.

موماي «ياق - ياق» دەپ تېخىمۇ قاتتىق سىقىلغان ئىكەن، نەزەر باينىڭ جىنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قاپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ.
جان كېلىنىم پەرىزات،
ساڭا بولسۇن قول - قانات.
سىغىرخانىدەك ساقلىقى.
قوي سۈتىدەك ئاقلىقى.
كۆچكە تولغان بىلىكى،
بولۇپ قالار كېرىكى.
مەرۋايىتتەك بالا ئۇ،
ئەقلى تولغان دانا ئۇ.
ئۇ ھەم بولسۇن سىڭنىگكى،
جىنىم قالسۇن مىڭنىگكى.
ئەمدى قويىۋەت جان موما! — دەپتۇ.

«ياق - ياق!» دەپتۇ موماي نەزەر باينىڭ گېلىنى تېخىمۇ بەكرەك سىقىپ، نەزەر باينىڭ جېنى چىقىشقا ئازلا قاپتۇ، قورقۇپ كەتكەن باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
سەككىز قىران ئوغلۇم بار،

قولان ئۆتمەس چۆللەردىن،
بۈركۈت بولۇپ ئۆتەرسەن.
قىران ئۆتمەس قىيادىن،
شۇڭقار سۈپەت ئۆتەرسەن.
ئالتە ئاياغلىق ئالا ئات،
ئورۇق بايتال قۇلۇنى.
قىيىنچىلىق بوپ قالسا
تاپالمايدۇ يولىنى.
تاپىنىغا تاش پاتسا
ئاقساقلاپ ھېچ ماڭالماس.
ماڭلىيىدىن كۈن ئۆتسە
ئالتە كۈنگە يارىماس.
يەتتە ئاياغلىق جەرەن ئات
قېرى بايتال قۇلۇنى.
ئېغىر كۈنگە يولۇقساڭ
تاپالماس ئوڭ - سولىنى.
تاپىنىغا تاش پاتسا
تۇلپار بولۇپ چاپالماس.
ماڭلىيىدىن كۈن ئۆتسە.
يەتتە كۈنگە يارىماس.
يورغا ئاتنى ئالمىدىم،
ئەر ئىتى دەپ تاللىدىم.
ئىگەر، توقۇم، يۈگەننى
ئاللىبۇرۇن راسلىدىم.
فاشاڭ ئەمەس چىۋەر ئات،
ماڭا ھەمدەم قول - قانات.
توقۇزىڭنى تەل قىلار،

پەرىزات بۇلارنى پىنھان جايدا كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ.

نەزەرباي تۆگىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ ـ دە، يۈكلەرنى ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ ۋە بىر قونالغۇغا چۈشۈپتۇ. بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پەرىزات خىيال سۈرۈپ خاپا بولۇپلا يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن شىرزات پەرىزاتتىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئاتاڭ سېنى جادۇگەر مومايغا بېرىۋەتتى. سەن ئەمدى مېنىڭ ئەمەس، ئاشۇ مومايدىن بىريولى قۇتۇلۇپ كەل! — دەپتۇ.

— ئاتام مېنى جادۇگەرگە نېمىشقا بېرىدۇ؟ — دەپتۇ شىرزات.

— ئىشەنمىسەڭ بىلەي تېشىنى سوراپ كۆرگىنە؟ — دەپتۇ پەرىزات.

ئەتىسى ئەتىگەندە شىرزات ئاتىسىدىن بىلەي تېشىنى سوراپتۇ. نەزەر باي گاڭگىراپ، يالغاندىن يانچۇقىنى ئىزدىگەن بولۇپ:

— ھەتتىگىنەي! شور قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگە ئىزدەپ چىققاندا بىر تىكەنلىكتە ئات باققانىدىم شۇيەردە چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

شىرزات بىلەي تېشىنى ئىزدىمەكچى بوپتۇ. شور قۇدۇق بىرنەچچە كۈنلۈك يىراق بولغاچقا ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالتە ئايلىق ئالا ئاتنى، يەتتە ئايلىق جەرەن ئاتنى مىنمەك بوپتۇ. شىرزات ئالا ئاتنى مىنىپ، جەرەن ئاتنى يېتەكلەپ كېلىۋاتقاندا، پەرىزات چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

شور قۇدۇقنىڭ يېنىدا،
ئەخمەق بولۇپ قوندى ئاتام.
يانماۋۇزغا يالغۇزىنى،
جانىدىن قورقۇپ بەردى ئاتام.

ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى جاقىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپتۇ. ئۇچىچىنى يېيىپ شىرزاتنى قوغلاپتۇ.

شىرزات كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. موماي توختىماي قوغلاپتۇ. قارا كىرنىڭ تۇياقلىرىدا ئېزىلگەن تاغلار قامغاقتەك ئۇچۇپ، تاشلار خۇددى مۆلدۈردەك يېغىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى قاراگىرنىڭ چېپىشىدىكى سالمىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قارا يەر قاق يېرىلىپ كېتىپ، شىرزات بىلەن قارا گىر يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

يەر ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن قاراگىر يەنە زۇۋانغا كېلىپ:

— بىز ئەمدى يەر ئاستىغا چۈشتۇق، ئازراق يۈرسەك، يىلان پادىشاھى باتۇرخاننىڭ ئوردىسىغا بارىمىز. ئوردىغا بارغىنىمىزدا مېنى يىراقتا قالدۇرۇپ، ئۆزۈڭ ئوردىغا كىرگىن، ئېسىڭدە بولسۇنكى: ئوردا بوسۇغىسىدىن ئىككى قارا يىلان ۋىشىلداپ ساڭا خىرىس قىلىپ چىقىدۇ. ھەرگىز قورقۇپ سەسكەنمە. ئۇلار باتۇرخاننىڭ ئىشىك باقارلىرى. تەخت يېنىغا بارغاندا، ئىككى ئاق يىلان ۋىشىلداپ كېلىپ ئىككى يېڭىڭدىن كىرىپ ياقاڭدىن، قوينۇڭدىن كىرىپ، قونچۇڭدىن چىقىدۇ. بۇلار باتۇرخاننىڭ ئوغلى بىلەن قىزى بولىدۇ. ئۇلاردىنمۇ سەسكەنمە. تەخت يېنىغا بېرىپ ئولتۇر. شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك چوڭ ئىككى سېرىق يىلان كۆشۈلداپ بېشلىرىنى كۆتىرىدۇ. ئۇلاردىنمۇ قورقما، بۇلار باتۇرخاننىڭ ئۆزى بىلەن ئايالى. ئەگەر قورقۇپ، سەسكەنسەڭ سېنى پالۋان دېمەيدۇ. يەر ئاستى ئېلىدە قەدرىمىز بولمايدۇ. يەر ئۈستىگە يول تېپىپ چىقالمايمىز. — دەپتۇ.

خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن قاراگىر ئېيتقاندەك، باتۇرخاننىڭ ئوردىسى كۆرۈنۈپتۇ. شىرزات ئېتىنى قويۇپ سالام بېرىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. شىرزات بوسۇغىدىكى ئىككى قارا يىلاندىنمۇ، ئىككى ئاق يىلاندىنمۇ ۋە ھەتتا ئىككى چوڭ سېرىق يىلاندىنمۇ قىلچە سەسكەنمەي، تەخت يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا سېرىق

قاراگىرنى مېن شىرزات.
باشقا بايلىق ئالمىدىم.
سەن ئۇچۇنلا تاللىدىم.
دۇبىلغا ۋە ساۋۇتنى،
بۇ سەپەردە كەي شىرزات.

شىرزات پەرىزاتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قاراگىرنى مىنىپتۇ. شىرزات ماڭىدىغان ۋاقىتتا پەرىزات ئاق باش تۆگىنى تۇتۇپ: «سەن شىرزات كەلگەن كۈنى ياكى شىرزات ۋاپات بولغان كۈنى بوتىلا» دەپتۇ. بېلىنى شايى رومال بىلەن چىڭ باغلاپ: «سەن شىرزات كەلگەن ياكى ئۆلگەن كۈنى يېشىل!» دەپتۇ. شىرزات يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يۇرتىدىن خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن قاراگىر زۇۋانغا كېلىپ:

— شىرزات، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ھا ياتى بىر. بېشىمىزغا كەلگەننى تەڭ كۆرىمىز. مۇنۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا: بىلەي تاش يېنىدا ھېلىقى يالماۋۇز جادۇگەر سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەن بىلەينى ئالماقچى بولغاندا ئۇ تۇتۇۋالماقچى. يېقىن بارغاندا ئۇنى ئالدايدىغان بىر ئامال تاپ، موماي ئالدىنىپ قالغاندا، مەن قورايدىن پاكار، كۈدىدىن ئېگىزرەك بولىمەن. شۇ چاغدا سەن بىلىيمگەنى ئېلىپ قاچ. ئارقاڭغا قارىغۇچى بولما!

شىرزات يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، جادۇگەر مومايىنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، يېقىن بېرىپ:

— موما، موما، كەينىڭىزدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قىزلىرىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ، موماي دەرھال كەينىگە قاراپتۇ. دەل شۇ چاغدا قارا گىر قورايدىن پاكار، كۈدىدىن ئېگىزرەك ھالەتكە كەپتۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن شىرزات بىلەينى ئاپتۇ-دە، قېچىپتۇ. شۇ چاغدا موماي:

— ھە، شىرزات سەنمىدىڭ مېنى ئالدىغان؟ خەپ سېنى! — دەپتۇ.

— شىرزاتقا ھەمراھ بولغۇدەك نېمە ھۈنىرىڭ بار؟— دەپ سوراپتۇ شىرزات يەنە.

— ئالغىنىمنى سەزدۇرمەيمەن، كۆرگەنسەن، ھەتتا سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقىنىمۇ سەزدۇرمەي يۇلۇۋېلىپ بىرىنىڭكىنى بىرىگە قاداپ قويدۇم، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ياخشى، شىرزات دېگەن مەن بولىمەن، — دەپتۇ شىرزات. ئىككىسى يولغا راۋان بوپتۇ. كېلىۋاتسا، ئىككى پۇتىغا قازاندەك ئىككى قارا تاشنى باغلىۋېلىپ كىيىكلەرنى قوغلاپ يۈرگەن يەنە بىر كىشى يولۇقۇپتۇ.

— ھە، نېمە قىلىۋاتقان ئادەم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىرزات.

— يەر ئۈستىنىڭ كۆچتۈگگۈرى شىرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى، دەپ ئاڭلىۋىدىم. شۇنىڭغا ھەمراھ بولاي دەپ يولغا قاراپ تۇرۇۋاتقان ئادەم مەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. شىرزات:

— ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇدەك نېمە ھۈنىرىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئايىغىمغا چاك قونماس يۈگۈرۈكمەن. ئۇچار قۇشمۇ مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شامال ئاياغ - يەل تاپان دېگەن يۈگۈرۈك مەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى. شىرزات:

— ئۇنداق بولسا، ياخشى. يۈر، بىز بىلەن. شىرزات دېگەن مەن بولىمەن! — دەپتۇ.

ئۇلار بىللە مېڭىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر كىشىنى يولۇقتۇرۇپتۇ. قارىسا، بۇ ئادەم يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ يەر ئاستىدىن بىر نەرسە تىڭشاۋاتقاندەك ياتقۇدەك.

— ھە، نېمە قىلىۋاتقان ئادەم سەن؟— دەپ ئۇچەيلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— يەر ئۈستىدىكى شىرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى دەپ ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماقچىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

يىلانلارنىڭ بىرى باتۇرخانغا، بىرى خانىشقا ئايلىنىپ:

— مەرھەمەت، شىرزات! يەر ئالىمىنىڭ ئەھلى سېنى رەنجىتمەيدۇ. بەلكى خىزمىتىڭدە بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئىككى ئاق يىلاننىڭ بىرى قىران يىگىت، بىرى چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلارمۇ تەبەسسۇم بىلەن:

—سالام، يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى. يەر ئاستىغا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز. يەر ئاستى پالۋانلىرى، ئىلمىي-ھېكمەت ئەھلى سىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، — دەپتۇ.

بوسۇغىدىكى ئىككى قارا يىلان ئىككى خىزمەتچىگە ئايلىنىپ شىرزاتنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

شىرزات بۇ يەردە خېلى ۋاقىت تۇرۇپتۇ. باتۇرخاننىڭ تۆمۈرخان دېگەن خاننىڭ قىزىغا كۆڭلى بار ئىكەن. ئۇ قىزنى سوراپ، ئەلچى ئەۋەتسە تۆمۈرخان بېرىشكە رازى بولمىغانىكەن. باتۇرخان شىرزاتنىڭ ئەنە شۇ قىزنى ئېلىپ كېلىشىنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر ئېلىپ كېلەلىسە ئۆزىنىڭ قىزىنى شىرزاتقا بەرمەكچى بوپتۇ.

تومۇرخاننىڭ يۇرتى يەتتە ئايلىق يول ئىكەن. شىرزات يولغا چىقىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يىراقتا بىر ئادەم كۆرۈنۈپتۇ. «بۇ نېمە ئادەمكىنە» دەپ قارسا ھېلىقى ئادەم تېرەك ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىككى سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقىنى سەزدۈرمەي يۇلۇۋېلىپ بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى يەنە بىرىگە بېكىتىپ قويۇۋاتقۇدەك، شىرزات ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

—ھەي نېمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى شىرزات يەر ئاستىغا چۈشتى دېگەننى ئاڭلاپ شۇنىڭغا ھەمراھ بولاي، دەپ كۈتۈپ تۇرغان كىشى مەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئۇلار بىرىنچى ئەھۋال سوراپتۇ:

— ھە، نېمە قىلىپ ئولتۇرغان ئادەمسەن؟

— شىرزاتنى كۈتۈپ ئولتۇرۇمەن، شۇنىڭغا ھەمراھ بولاي دېۋىدىم.

— شىرزاتقا ھەمراھ بولغۇدەك نېمە ھۈنىرىڭ بار؟

— ئالەمدە بار نەرسىنى يالمايمەن، تويغىنىمنى بىلمەيمەن، قانچىكى چوڭ دەريا، كۆل بولسىمۇ، سۈيىنى بىرلا سۈمۈرۈپ تۈگىتىمەن، كۆل باتۇر دېگەن ئادەم مەن، — دەپتۇ، — ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداق بولسا، يۈر، شىرزات دېگەن مانا مەن، — دەپتۇ شىرزات.

ئۇلار ئالتەيلەن بولۇپ مېڭىپتۇ، خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئېگىز بىر موما ياغاچ كۆرۈنۈپتۇ، يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم ئەتىراپقا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغۇدەك.

— ھەي، ئۇيەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟

— مەن سېنىڭ يەر ئۈستىدىن چۈشۈپ باتۇرخاننىڭ ئوردىسىغا كىرگەنلىكىڭنى، ئۇيەردىن تۆمۈرخاننىڭ يۇرتىغا ماڭغانلىقىڭنى، يولدا يەر ئاستى پالۋانلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ ساڭا ھەمراھ بولاي دەپ كۈتۈپ تۇرغانىدىم. مەن ھەرقانداق نەرسىنى بولجىتماي ئېنىق كۆرەلەيمەن.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا، ماڭا ھەمراھ بول!

يەتتە باتۇر يولغا چۈشۈپ، يەتتە ئاي، يەتتە كۈن دېگەندە تۆمۈر خاننىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار كەلگەندە تۆمۈر خاننىڭ قىزىغا كاھىشخانىمۇ ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن. شىرزات كەلگەندىن كېيىن تۆمۈرخان ھەر ئىككى تەرەپكە، «ھۈنەر كۆرسىتىڭلار، قايسىڭلار غالىب كەلسەڭلار قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپتۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈشكە بۇ يۇرتتىكى 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپتۇ. ساناقسىز قوي، كالا، تۆگە، ئاتلار سويۇلۇپ زىياپەت بېرىلىپتۇ. شىرزاتنىڭ پالۋان-

— شىرزاتقا ھەمراھ بولغۇدەك نېمە خىسلىتىڭ بار؟ — دەپتۇ شىرزات.

— يەر ئاستىنىڭ مەشھۇر تىڭ - تىڭچىسىمەن، ھەرقانداق يوشۇرۇن گەپ بولسىمۇ يىراق - يېقىندىن تولۇق ئاڭلىۋالىدىغان ساق قۇلاق باتۇر مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى. شىرزات:

— شىرزات دېگەن مانا مەن، يۈر بىز بىلەن! — دەپتۇ.

ئەمدى ئۇلار تۆت كىشى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر تۈزلەڭدە كېلىۋاتسا، بىر ئادەم تاغلارنى ئۇياق - بۇياققا يۆتكەپ يۈرگۈدەك.

— ھەي، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ شىرزات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى شىرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭغا ھەمراھ بولاي دەپ كۈتۈۋاتقان ئادەم مەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— شىرزاتقا ھەمرا بولغۇدەك نېمە پەزىلىتىڭ بار ؟ — دەپتۇ شىرزات.

— مەن ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈر مەن. يەر ئۈستىدىمۇ، يەر ئاستىدىمۇ ماڭا تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوق، قۇدرىتىم تېنىمگە سىغمىغاچقا تاغ يۆتكەپ يۈرىمەن، تاغ باتۇرى دېگەن كىشىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

— سەن ئىزدىگەن شىرزات مەن بولىمەن. بىز بىلەن يۈر، — دەپتۇ شىرزات.

بەش پالۋان كېتىۋاتسا ئالدىدا بىر كۆل كۆرۈنۈپتۇ. كۆلنىڭ سۈيى بىردىنلا يوقىلىپ، بىردىنلا پەيدا بولۇپ تۇرغۇدەك. يېقىن كېلىپ قارىسا كۆل ياقىسىدا بىر ئادەم ئولتۇرۇۋېلىپ كۆلنىڭ سۈيىنى گاھ سۈمۈرۈپ، گاھ چىقىرىپ ئولتۇرغۇدەك.

بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. بىز قاراگىر ئىكەن. شىرزات دەرھال ئۈچ قەۋەت ئارقانىنى تارتىپتۇ. قارا گىر ئۈچقاندەك كېلىپ، ئارقانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىقىلىپتۇ. ئارقانىنىڭ ئىككى قەۋىتى ئۈزۈلۈپ، بىر قەۋىتى قالغانىكەن، قاراگىر ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات ئىتىنىڭ بېشىغا كېلىپ:

— ئۈچ جېنىڭ بار ئىدى. ئىككىسى چىقسىمۇ بىرى قالغاندۇر، تۇر، قارا گىرىم. تىرىل قارا گىرىم! — دەپتۇ.

شۇ ھامان قاراگىرگە جان كىرىپ كىشنەپ، پۇشقۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. باشقا ئاتلار بىر-قانچە كۈندىن كېيىن كېلىشىپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان تۆمۈرخان بىلەن كاھىنخان «ئەمدى يۈگۈ-رۈش ئۈتكۈزەيلى» دەپتۇ.

يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى بىر كۈنلۈك يەردىن باشلىماقچى بولۇپتۇ. شىرزات يەل تاپاننى چىقىرىپتۇ. تۆمۈرخان بىرجادىگەر مومايىنى چىقارغانىكەن. ئۇ:

— بۇ يەرگە كەلگۈچە ھېرىپ قالدىڭ، ئوخلا! يۈگۈرىدىغان چاغدا ئۆزۈم سېنى ئويغىتىمەن، — دەپتۇ يەل تاپانغا. يەل تاپان مومايىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇ ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە ئويغىنىپتۇ. قارىسا موماي ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىكەن. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن يەل تاپان بىر چاڭگال قۇمنى ئېلىپ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ قوشتەك ئۇچۇپ، قويۇندەك پىرقىراپ ھېلىقى مومايغا يېتىشىۋېلىپ، قولىدىكى قۇمنى جادىگەر نىڭ كۆزىگە چېچىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جادىگەر موماي كۆزىنى ئوۋۇلاپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈگۈرۈشتىمۇ شىر-زات تەرەپ يېڭىپ چىقىپتۇ.

تۆمۈرخانىنىڭ 40 غۇلاچ كەڭلىكتىكى بىر قازىنى كۆل-گە چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئىلاجىسىز قالغان خان ئەنە شۇ قازان-

لىرى ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرۇشقانىكەن. تۆمۈرخان ئۇلارنى تويغۇزىمەن دەپ ھەرقانچە ئاش ۋە گۆش ئېلىپ كەلسىمۇ، ئۆلگۈرمەپتۇ. زىياپەتكە تەييارلانغان ھەممە نەرسىنى بىرلا كۆل باتۇر يەپ تۈگىتىپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان تۆمۈرخان بىلەن كاھىشخان مەسلىھەتلىشىپ، پالۋانلارغا زەھەر بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساق قۇلاق باتۇر چېۋەر پالۋانغا خەۋەر قىلغانىكەن. ئۇ ئۇغا سېلىنغان ئاشنى كاھىشخاننىڭ ئېشى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. كاھىشخاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن ئۈچ كىشى ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنىڭدا مەغلۇپ بولغان تۆمۈرخان ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممە يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى بەيگىگە ساپتۇ. شىرزات قاراگىرنى تەييارلاپتۇ. شۇ چاغدا قاراگىرغا زۇۋان كىرىپ:

— ئەگەر بەيگىنى يىراقتىن باشلىسا، مېنىڭ يۈگۈرۈشۈممۇ تېز بولىدۇ. ئۈچ كۈن چاپسام تۇياقلىرىم قىزىپ، ئۆزۈمنى توختىتىشقا قۇدرىتىم يەتمەي قالىدۇ. مەن كېلىۋاتقاندا، ئالدىمدىن ئارقان تارتىپ قوي، ئارقاننىڭ بىر قەۋىتى كەندىردىن بولسۇن، ئارقان بىراقلا ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۆلگىنىم شۇ، ئەگەر ئارقاننىڭ بىرەر قەۋىتى ئۈزۈلمەي قالسا، مەن توختايمەن. يىقىلىپ جان ئۈزسەممۇ، يەنە جان كىرىدۇ. ئۈمىد ئۈزمە! — دەپتۇ.

بەيگە بىر ھەپتىلىك جايدىن باشلىنىپتۇ. ئۇنىڭغىچە چېلىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ. تاغ باتۇرغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەپتۇ، تاغ باتۇرغا كىشى چىقمىغاندىن كېيىن، باتۇر ئىككى تاغنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ، يۇرتقا كۈچىنى نامايان قىلىپتۇ. تۆمۈرخان بىلەن كاھىشخان ھودۇقۇپ قاپتۇ - دە، شىرزاتقا: «تاغنى بىز تەرەپكە قويمىسۇن!» دەپ يېلىنىپتۇ. شىرزات تاغنى ئۆز ئورنىغا قويغۇزۇپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن بەيگە ئاتلىرى يېنىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاتلىرىنى كۈتۈپتۇ. بىرچاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. كېيىن

بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، دەم ئېلىشقا توختاپتۇ. بۇلاق تۈۋىدە چوڭ بىر تۈپ چىنار دەرىخى بار ئىكەن. بىر چاغدا چىنار ئۈستىدىن ھەسرەتلىك چۇۋۇلدىغان ئاۋۇش ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا سۇمرۇغ قۇشنىڭ باللىرى ئىكەن. بۇلارنى يېيىشكە بىر ئەجدىھا يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ئىكەن. شىرزات سادىقىنى ئېلىپ، ئەجدىھارنى ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ. سۇمرۇغ باللىرى چۇۋۇلداشتىن توختاپتۇ. سۇمۇرغ شۇ ئارىدا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئانا سۇمرۇغ ئۇچۇپ كەپتۇ-دە، شىرزاتقا ئېتىلماقچى بولۇپتۇ. بىراق، باللىرى چۇۋۇلدىشىپ ئۇنى توختىتىپتۇ.

سۇمرۇغنىڭ ئىككى بېشى بار ئىكەن: بىر بېشى ئادەمنىڭكىدەك، بىر بېشى قۇشنىڭكىدەك ئىكەن، ئانا سۇمرۇغنىڭ ئادەم بېشى شىرزاتقا:

— ھەي، ئادەمزات، بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن يەر ئۈستىنىڭ ئادىمى. باللىرىڭنى ئەنە ئاۋۇ ئەجدىھادىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، — دەپتۇ شىرزات.

سۇمرۇغ ھەر يىلى بىر قېتىم بالا چىقىرىدىكەن. بىراق، ئەجدىھا ھەر يىلى يەپ كېتىدىكەن. سۇمرۇغنىڭ باللىرىنى سالامەت كۆرۈشى پەقەت مۇشۇ قېتىملا ئىكەن. سۇمرۇغ باللىرى شىرزاتنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، سۇمرۇغ شىرزاتنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلماس دوست بولۇپتۇ-دە:

— نېمە خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شىرزات كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ يەر ئۈستىگە چىقىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. سۇمرۇغ شىرزات، قاراگىر ۋە قەمەرگۈلنى ئۈستىگە مىنگۈزۈپ يەر ئۈستىگە چىقىرىپتۇ، خوشلاشقان چېغىدا بىر تال قانىتىنى ئۈزۈپ بېرىپ:

— بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مۇشۇنى كۆيدۈرسەڭ مەن ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ.

نى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، «كۆل سۈيىنى قۇرۇتۇۋەت!» دەپ شىرزات كۆل باتۇرغا بۇيرۇپتۇ. كۆل باتۇر ئىككىلا سۈمۈرۈپ كۆل سۈيىنى تۈگىتىپتۇ. تاغ باتۇرى كۆلگە چۈشۈپ قازاننى تارتىپ چىقىپتۇ. تۆمۈر خاننىڭ ھېچ ئىلاجى قالماپتۇ. ئاخىر پالۋانلارغا ئاتاپ ئالاھىدە تۆمۈر ساراي سالدۇرۇپ، ئۇلارنى شۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ساراي ئالاھىدە، ھېكمەت بىلەن سېلىنغانىكەن. پالۋانلار كىرىشى بىلەنلا ئىشىك يېپىلىپ قاپتۇ. تۆمۈر خان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئالدىن تەييارلانغان ئوتۇننى تۆمۈر سارايىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلىتىپ ئوت ياقتۇرۇپتۇ. ساراي قىزىشقا باشلاپتۇ، دەل شۇچاغدا تاغ باتۇر ئىشىكنى بىر تەپكەنىكەن. ئەبجىقى چىقىپ كېتىپتۇ. كۆل باتۇر قورسىقىدىكى سۇنى پۈركۈپ ئوتنى بىردەمدىلا ئۆچۈرۈپتۇ. تۆمۈر خاننىڭ ھەممە ھىيلىسى بەربات بولۇپتۇ-دە، شىرزاتقا قىزىنى قوشۇپ بېرىپ يولغا ساپتۇ. شىرزات باتۇرخاننىڭ يۇرتىغا قايتىپتۇ. يولدا ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى شىرزات بىلەن خوشلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يېرىدە قاپتۇ.

شىرزات يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، باتۇرخاننىڭ ئېلىگە كەپتۇ. باتۇرخان شىرزاتتىن بەكمۇ رازى بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىزىنى بېرىپ:

— يەنە نېمە خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شىرزات:

— يەر ئۈستىگە چىقىپ كېتەي، ئەل-يۇرتۇمنى سېغىندىم، — دەپتۇ. باتۇرخان شىرزاتنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ، بىرقانچە ھەمراھلارنى قوشۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىدىغان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىپ، خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگۈچە ئالتە ئايلىق يول ئىكەن. يول ئازابىغا چىدىماي، باتۇرخاننىڭ قىزى ۋە بىرقانچە ھەمراھلىرى قازاغا ئۇچراپتۇ. قىزنىڭ باش كېنىزىكى قەمەرگۈل، شىرزات ۋە قاراگىر يەر ئۈستىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن يول مېڭىپ،

قۇلاقنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ جىننى سوراشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنى ئۆگىنىپ قويۇپتۇ-دە، ئۆزى بۆشۈكنىڭ نەق ئاستىنى قېزىپ، يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. كەچتە چويۇنقۇلاق كەپتۇ، شىرزات دېگەندەك، قەمەرگۈل ئېرىنى تاماقتا راسا تويغۇزۇپ ياتقۇزۇپتۇ. ياتقاندىن كېيىن بالىسىنى چىمداپ يىغلىتىپتۇ. بالا يىغلاۋەرگەچكە، چويۇنقۇلاق:

— قەمەر، بالىنى پەس قىل! — دەپ ۋارقىراپتۇ. قەمەر بالىنى ئەللەي ئەتكەن بولۇپ، تېخىمۇ قاتتىقراق چىمداپ يەنە يىغلىتىپتۇ. بالا يىغلاۋەرگەندىن كېيىن چويۇنقۇلاق:

— بالا نېمىشقا يىغلايدۇ؟ — دەپتۇ. قەمەر بالىنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى سورىغان بولۇپ چويۇنقۇلاققا:

— بالاڭ «مەن چويۇنقۇلاقنىڭ بالىسى ئەمەس، شىرزاتنىڭ بالىسى بولسام كېرەك، ئەگەر چويۇنقۇلاق ئاتام بولسا، جىنىمنى ئۆز جىنىغا قوشۇپ قويار ئىدى. ئۇ ھەتتا جىنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتمىدى. شىرزات بولسا، جىنىنىڭ نەدىلىكىنى ئاللىقاچان ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى. شۇڭغا يىغلايمەن» دەيدۇ، دەپ چويۇنقۇلاقنى ئىشەندۈرۈپتۇ، چويۇنقۇلاق:

— بالام جۆيلىمىسۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى شىرزات ئەمەس، ئۇنىڭغا مېنىڭ جىنىم كېرەك بولسا، ئۆزىگىلا ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ قەمەرگۈلنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ، — جىنىم يىراقتا. ئۇنى ئۆزۈمدە ساقلىيالمايمەن. «تامچى بۇلاق» نىڭ ئەتراپىدا 40 ئېرىك بار. شۇنىڭ ئىچىدىكى قارا ئېرىكنىڭ قارنىدا توققۇز قارا ساندۇق بار. شۇ ساندۇقنىڭ ئەڭ كىچىكىدە، توققۇز چۆجە بار. شۇ توققۇز چۆجە مېنىڭ جىنىم. جىنىمنىڭ گەۋدەمگە سىغمايۋاتقان بولسا، شۇنىڭغا قوشۇپ قوياي. بىراق، ھېچكىم بىلمىسۇن. سېزىپ قالسا، تىرىك قالمايمىز، — دەپتۇ-دە، ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

يەر ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلار دەم ئېلىپ، كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

شىرزاتنى تۇتالمىغاندىن كېيىن، جادىگەر قىز ئاچچىقلىنىپ، موماينى بوغۇپ ئۆلتۈرگەنىكەن. مومايدىن چويۇنقولاق دېگەن بىر ئوغۇل قالغان بولۇپ، جادىگەر قىز ئۇنىڭغا شىرزات چىقىدىغان ئورۇننى كۆزەت قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىغانىكەن. چويۇنقولاق شۇنىڭدىن بۇيان شىرزاتنى كۈزىتىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ يەر ئۈستىگە چىققان شىرزاتنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇتۇپ، پۇت - قولىنى باغلاپ جادىگەر قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ شىرزاتنى زىندانغا تاشلاپ، قەمەرگۈلنى چويۇنقولاققا بېرىپتۇ. قاراگىر ئاتقا تۆمۈر كىشەن سېلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرزات ئۇزۇن ۋاقىت زىنداندا تۇرۇپ قاپتۇ. قەمەرگۈل چويۇنقولاقتىن بىر بالا تېپىپتۇ. چويۇنقولاق قاراگىرنى مىنىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چويۇنقولاق قاراگىرنى ئۆزىنىڭ قىرىق غۇلاچ تاسما بەلبېغى بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن تاسما يېشىلىپ كېتىپتۇ. ئات دەرھال زىندان بېشىغا كېلىپ، يەرنى چاپچىپ تاسما ئارقانىنى زىندانغا چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. شىرزات تاسمىغا يامىشىپ زىنداندىن چىقىپ، سۇمرۇغنىڭ قانىتىنى كۆيدۈرۈپتۇ. سۇمرۇغ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شىرزات بېشىغا كەلگەن كۈننى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۇمرۇغ:

— چويۇنقولاقنىڭ جېنى ئۆزىدە ئەمەس، ئۇ جېنىنى باشقا يەردە ھېچكىمگە سەزدۈرمەي ساقلايدۇ، ھەرنېمە قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى تېپىۋال. بولمىسا ئۇنىڭدىن زادىلا قۇتۇلالمايسەن، — دەپتۇ.

شىرزات ئېتىغا مىنىپ چويۇنقولاقنىڭ ئۆيىگە كەلسە، چويۇنقولاق ئاتنى ئىزدەپ كەتكەنىكەن. قەمەرگۈل شىرزات بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈپ، كۆرگەن خورلۇقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ: «چويۇنقولاقتىن مېنى قۇتۇلدۇر!» دەپ يېلىنىپتۇ. شىرزات قەمەرگۈلدىن چويۇن-

ئىرىكلەر يەنىلا ئىشەنمەي، ھۈركۈپ، چەكچىيىپ تۇرۇپتۇ.
شۇ چاغدا شىرزات يەنە مۇنداق دەپتۇ:

سۆزلىرىمگە ئىشەنمەي،
بەرمەي قاچساڭ جىنىمنى.
چويۇن ئىتىم قورۇسۇن،
ئالمسام مەن جىنىڭنى.
ھەمراھلىقتىن قول يۇيۇپ،
سۇدەك چاچاي قىنىڭنى!

پەقەت شۇ چاغدىلا ئىرىكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى
كىلىپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئەڭ كەينىدە ئىرىكمۇ سۇ ئىچىپ
تۇ. دەل شۇ چاغدا شىرزات ئۇنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوقيا ئاتقان
ئىكەن. ئىرىكنىڭ قارنى چۇۋۇلۇپ توققۇز قارا ساندۇق يەرگە
چىچىلىپ چۈشۈپتۇ. شىرزات ئۇلاردىن ئەڭ كىچىكىنى ئىلىپ
ئىچىپ، سەككىز چوجىنىڭ بويىنىنى يۇلۇپ تاشلاپ، «چويۇنقۇلاق-
نى جان تالىشىۋاتقاندا بىر كۆرەي» دەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپ-
تۇ ۋە قەمەرگۈلدىن:
— چويۇنقۇلاق قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۇ ھالسىراپ قالدى، — دەپتۇ قەمەرگۈل. شىرزات
ئۆيگە كىرىپقارىسا، چويۇنقۇلاقنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ ئاران-
ئاران نەپەس ئىلىۋاتقانىكەن. شىرزات ئۇنى «ھە، باتۇر قانداق؟»
دەپ مەسخىرە قىلىپ يىقىن كەلگەنىكەن، چويۇنقۇلاق ئۇنىڭ يا-
قىسىدىن ئاپتۇ-دە، شىرزات بىلەن ئىلىشىپتۇ. چويۇنقۇلاق ئىلىش-
قانىدىرى كۈچىيىپ كىتىپتۇ. شىرزات كۈچەپ، قارا تەرگە چۆ-
مۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ يىقىلىۋاتقاندەك، گەۋدىسىنى تۆمۈر
ئىسكەنجە بوغۇۋاتقاندەك بولۇپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات قەمەر-
گۈلگە مۇنداق يىلىنىپتۇ:

شىرزات چويۇنقۇلاقنىڭ جېنىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ ھامان «تامچى بۇلاق» نىڭ بېشىغا بېرىپ، ئېرىكلەر سۇ ئىچىدىغان يەردە يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئېرىكلەر سۇ ئىچكىلى كېلىپ، بىردىنلا توختاپ قاپتۇ ۋە ئۆزئارا سۆزلىشىپ «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، بەلكىم چويۇنقۇلاققا قەست قىلغۇچىدۇر!» دېيىشىپتۇ. بولۇپمۇ قارا ئېرىك ھەممىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات ئېرىكلەرگە مۇنداق دەپتۇ:

جان ھەمرىيىم قارا ئېرىك،
جېنىم سەندە بىلگىن ئېرىك.
جان ساقلىغىن قارا ئېرىك،
چۆچۈتكەن كىم سېنى كېلىپ.

سۆيۈك تىنىق بولغانىمىغان،
قاچىسىلەر نېمە سېزىپ؟
شىرزاتنى مەن ئولجا ئالدىم،
قەمەرگۈل ۋە ئاتنى ئېلىپ.

چۆچۈتكەنمەن ھەممىڭىزنى،
ئادەم ھىدى شۇندىن سىڭىپ.
ۋاقتىم بولماي كېلەلمىگەن،
ھازىر كەلدىم قولۇم تېگىپ.
يالغۇز ئوغلۇم جېنىنىمۇ،
ئۆزۈم بىلەن كەلدىم ئېلىپ.

جان ساقلىغان قارا ئېرىك،
ئالاي بولدۇڭ ماڭا شېرىك.
ئادەم ھىدى كەلدى دېمە،
مەندىن قېچىپ يىراق يۈرمە.

قەمەرگۈل دەرھال شىرزاتنىڭ قوينىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنىڭدىكى چۈجىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. چۈجە ئۆلگەندىن كېيىن، چويۇنقولاقمۇ ئۆلۈپتۇ. دادىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن بالا بۆشۈكتە تۇرۇپ:

— خەپ ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىسام! — دەپ يىغلاپتۇ.

شىرزات بۇنى ئاڭلاپ بالىنى بۆشۈك - مۈشۈكى بىلەن قوشۇپ سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ.

شىرزاتنىڭ يەر ئاستىغا چۈشۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەچكە پەرىزاتتىن باشقىلىرى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىكەن.

بىر كۈنى پەرىزات سەھەر تۇرۇپ قارىسا، ئاقباش تۆگە يوق ئىمىش، ئۇنى ئىزدەپ ماڭغاندا، بېلىگە ئورالغان بەلبېغى يېشىلىپ يوتىغا يۆگىلىۋاپتۇ. ئۇ رومىلىنى ئېلىپ ئاقباش تۆگىسىنى ئىزدەپ بارسا بىر سايدا بوتىلىغان ئىكەن. سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاقساق قاراگىرغا مىنگەن بىر ئاقساقال كۆرۈنۈپتۇ.

پەرىزات تۆگىنىڭ تۇغقانلىقىنى، بەلبېغىنىڭ يېشىلگەنلىكىنى كۆرۈپ «شىرزات ۋاپات بوپتۇ، ھايات بولسا ئاللىقاچان بىر خەۋىرى كېلەر ئىدى» دەپ ھەسرەت بىلەن مۇنداق كۈيلەپتۇ:

جان تۆگەم ئاقباش تۆگەم،
شەرتلەشكەنىڭ مەن بىلەن.
شىرزاتتىن خەۋەر كەلسە،
سۆزلەشەتتىڭ مەن بىلەن.
ھاياتلىقتىن ۋە ماماتلىقتىن،
بەلگە بېرەي دېگەنسەن.
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم،
قانچە يىللار ئۆتسىمۇ.

قارا يەرنىڭ قەرىدىن،
باتۇر خاننىڭ ئېلىدىن.
شىرزاتقا ئەگىشىپ،
بىللە كەلگەن قەمەرگۈل.
شىرزاتتىن ئايرىلىپ،
قاناتلىرى قايرىلىپ.
چويۈنقۇلاق قولىدا،
تۇتقۇن بولغان قەمەرگۈل.
كىيىمىڭ يوق كىيگۈدەك،
چۈشلۈكۈڭ يوق يېگۈدەك.
خورلۇق بىلەن كۈن كۆرۈپ،
ۋەيران بولغان قەمەرگۈل.
قېتىپ ئاجىز باشلىرىڭ،
تۆكۈلدى كۆز ياشلىرىڭ.
زۇلۇم بىلەن خار بولۇپ،
ئازاب چەككەن قەمەرگۈل.
جان چىقىشقا ئاز قالدى،
ھالىمغا بىر يەتسەڭچۇ.
سەندە قالدى ئۈمىدىم،
ياردىمىڭنى بەرسەڭچۇ.
قويىنۇمدا بىر قۇتا بار،
ئېلدام كېلىپ ئالساڭچۇ.
ئۈنىمگە نىكى چۈجىنىڭ،
بويىنىنى تېز يۇلساڭچۇ.
ئىلتىماسىم قوتىنىڭ،
تېز ئاغزىنى ئاچساڭچۇ.
رەھىم قىلىپ ھالىمغا،
بىرەر تۆھپە قاتساڭچۇ!

## ئادىل پادىشاھ

بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىدا، ئېشەككە قولاق، قوشقارغا مۈڭگۈز چىقمىغان ئاتام زاماندا، دەقيانۇس شەھىرىدىن يىراق بىر سەھرايى قىيامەتتە شاكىر ئىسىملىك بىر بالا يالغۇز ئانىسى بىلەن كۈندىلىك يېمىكىنى كۈندە تېپىپ يەپ، سىرىقتال كۈن كەچۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى قاتتىق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا قارا خورىزى بار ئىكەن. شاكىر شۇ خورازنى سېتىپ پۇلىغا ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دەقيانۇس شەھىرىگە قاراپ تاڭ قاراڭغۇسىدا يولغا چىقىپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز توختىماي يول مېڭىپ، ئەتىسى چاي ۋاقتىدا دەقيانۇس شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ-دە، ھېرىپ-ئېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىردوقمۇشتا خورازنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. خوراز ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ كېتىپ، شۇكوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر باينىڭ قورۇسىدىكى توخۇلارغا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. بۇباينىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوش يەرنى بىر سودىگەر ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باينىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قېلىپ، بۇيەردىن قوغلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ پەيتىنى تاپسىلا بايغا خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇشۇكۈنى شاكىرنىڭ خورىزىنىڭ باينىڭ توخۇلىرىغا قېتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باينىڭ «ياخشىلىقى»غا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى بوپتۇ.

بىر كېلەردەپ كۈتكەنتىم،
ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتسىمۇ.
ئۆزى ساغۇش بوتىلاق،
بوتىلايسەن ئىسلەپ.
تولدۇڭمۇ سەن شادلىققا،
بوتىلاققا ئېتىلىپ،
كېلىشىدىن خەۋەر يوق،
بەلكىم شىرزات ئۆلدىمۇ؟
رومىلىم ھەم يېشىلدى.
تۇرمىدى ھېچ بەلدىمۇ.
شىرزاتتىن خەۋەر بەر،
بۇزمىغىن سەن شەرتىڭنى.
بەلدىن رومال يېشىلدى،
بۇ شىرزاتنىڭ ئۆلگىنى!

پەرىزات ئەنەشۇنداق زار- زارىيىغلاپ تۇرغاندا، ئاق ساقال بوۋاي مىنگەن قاراگىر قاتتىق كىشنەۋېتىپتۇ. پەرىزات ئاتنىڭ ئاۋۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. شىرزاتمۇ پەرىزات بىلەن ئاقباش تۆگىنى تونۇپتۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھوشلىرىدىن كېتىپتۇ. ئۇلار ھوشىغا كەلگەندە دەسلەپ ئايرىلغان كۈنلىرىدىكىدەك ياش ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ- رۈپ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

يۇقىرقى ئىككى چۆچەكنى قەشقەر يېڭىشەھەر يايلاق يېزىسىدىكى تۇردى ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن.

رەتلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام

ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى پەملەپتۇ-دە، شاكىردىن:

— ئوغلۇم، سەن خورىزىڭغا بۈگۈن ئەتىگەن قانداق دان بەرگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاق قوناق، — دەپتۇ شاكىر. ئاندىن پادىشاھ بايدىن سوراپتۇ.

— مېنىڭ توخۇلىرىم ھەرقاچان چاربۇغداي بىلەن بېقىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي كۆرەڭلەپ. شۇنىڭ بىلەن ئادىل پادىشاھ شۇمەيداندىلا باينىڭ توخۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، شاكىرنىڭ خورىزى بىلەن بىللە بوغۇزلىتىپتۇ ۋە ھەممىسىنىڭ پوكىنىنى يارغۇزۇپتۇ. دېگەندەك، شاكىرنىڭ خورىزىنىڭ پوكىنىدىن ئاق قوناق، باينىڭ توخۇلىرىنىڭكىدىن چار بۇغداي چىقىپ، ئىش ھەممىگە ئايان بوپتۇ. ئادىل پادىشاھ دەرھال باينىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ يوتا-كاسىسىغا ھەسەل سۈرتۈشنى، ھېلىقى سودىگەرگە ھەسەلنى پاك-پاكىز يالاپ تۈگىتىشنى بۇيرۇپتۇ.

باي خالايىق ئالدىدا ئىززەت-ئابرويىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ۋايىم يەپ، پادىشاھتىن گۇناھىنى تىلەپتۇ، ھەتتا نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ۋەدە قىپتۇ. ھېلىقى سودىگەر ئاسمان، يەر-زېمىنى گۇۋاھ قىلىپ مۇنداق ئىشنى قايتا قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇ. پادىشاھ ھۆكۈمدىن يانماپتۇ. چاپارمەنلەر دەرھال باينى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭ يوتا، كاسىسىغا ھەسەلنى تازا سۈرتۈپتۇ. خۇشامەتچى سودىگەر ھەسەلنى پاك-پاكىز يالاشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئارىلىقتا توختاپ قالسا دەررە يەپ، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ پاكىز يالاپتۇ، خالايىق ئادىل ھۆكۈمگە تەنتەنە قىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ، پادىشاھ شاكىرغا يېتەرلىك پۇل بېرىپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. «يالاقچى» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە توساللا يېزىسىدىن مەتىمىن ئەبەيدۇللا

شاكىر بىر ھازادىن كېيىن چۆچۈپ ئويغانسا، خورىزى يوق. ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئاخىرى ھېلىقى باينىڭ قورۇسىغا كىرىپتۇ ـ دە، خورىزنى تونۇپ تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ. سودىگەر يۈگۈرۈپ كىرىپ شاكىرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە:

— ۋاي تەقسىر... توخۇغا بۇلاڭچى كەلدى! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ، بايمۇ بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ. سودىگەر باينى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەدەپ:

— قارىسىلا تەقسىر، بۇ قارا خوراز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەسمۇ؟ ئاتامەي، تونىمىغاندەكلا قارايلىغۇ؟ سىلىنىڭ قارىنلىرى توق بولغاچقا توخۇلىرىنىڭ رەڭگى روھىھەم سانىغا دېگەندەك سەپسېلىپ كەتمىدىلە، پېقىر سىلىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدا دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى. خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، مەن بۇ قارا خورازنى بەكمۇ ئوبدان تونۇيمەن، — دەپتۇ ۋە شاكىرغا قاراپ ۋارقىراپتۇ، — ھەي يالاڭتۆش گاداي، تەقسىرىمنىڭ شۇنچىۋالا مال ـ دۇنياسى تۇرۇقلۇق سېنىڭ بۇ ئورۇق خورىزىڭنى ئېلىۋالامتى؟!

باينىڭ چاكار ـ دېدەكلىرىنىڭ ناھەقچىلىقنى، ھەقنى سۆزلەشكە قۇربى يەتمەپتۇ.

بايمۇ بۇ كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ئۇ خۇشامەتچىنىڭ تەرىپىنى ئاپتۇ. شاكىر ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇ خۇشامەتچىنىڭ ئىپلاس ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جېدەل يوغىناپ ئىش پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ.

شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىللىقتا داڭ چىقارغان بولۇپ، خەلق ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. پادىشاھ ئۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ ئەھۋالنى سوراپتۇ. نۆۋەت بايغا كەلگەندە، ھېلىقى سودىگەر پادىشاھقا يەتتە پۈكلىنىپ تازىم قىلىپ، شاكىرنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ يوغان توقۇناق بالالارنى توقۇپ چىقىپتۇ. ئادىل پادىشاھ

قىزلار كىلىپ ناز بىلەن ئولتۇرۇشۇپتۇ. قىزنىڭ يىرى شوكى، قىزلار ياقىسىدىن بىردىن يىڭنە چىقىرىپ، بۇغداي قومىچىنى يىڭنە بىلەن سىپايىلارچە سانجىپ ئىلىپ يىيىشكە باشلاپتۇ. يىگىتلەر دەسلەپتە بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. كىيىن قىزلارنىڭ چىرايلىق تەكلىپلىرى بىلەن قوماچنى تۇتامالاپ - تۇتامالاپ ئىلىپ يەپ، ھايت - ھۇيت دىگۇچە پەتنۇسنى بىكارلاپ قويۇپتۇ. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كىيىن، مۇرادىل ئورنىدىن قول باغلاپ تۇرغىنىچە ئۆزلىرىنىڭ كىلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ.

قىزلارنىڭ چوڭى ئەدەب بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا «ئوبدان - ئوبدان» دەپ گەپ باشلاپ بولغۇچە ھىلىقى مازاقخور كەنجى قىز مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ۋاي بولدىيەي، «ھەپتىكى - شەپتى، مەرەزدانىغا توڭرۇلۇق» دىگەن گەپ بار، سىلەر بەكمۇ ئاچكۆز، تويىمىغۇر ئىكەنسىلەر، بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلاردىن ئەمەس، ئۆز خىلىڭلارنى تىپىۋىلىڭلار، — دەپ گەپنى ئۇ-سەھرادىكى دوتەينىڭ پوتىيىدىن قارىشىپ لىۋىنى چىشلەپ زۇپتۇ. ئاچىلىرى بولسا بىر - بىرىگە قارىشىپ لىۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراشقا مەجبۇر بوپتۇ. چوڭ ئۈمىدتە كەلگەن يىگىتلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كەلگىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. بولۇپمۇ مۇرادىل ئىنىلىرىنىڭ ئالدىدا بەك خىجىل بوپتۇ. ئۇ، ئۇن - تىنسىز چىقىپ كىتىۋىتىپ ئاشخانا ئۆيدە قازاندا بىر توپاقنىڭ چوققا - پاقالچىكى پورۇقلاپ قايناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دەرھال كالىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇ ئىنىلىرىنى ئۆينىڭ ئارقىسىغا باشلاپ كىلىپ:

— ئىنىلىرىم، بىزنى مازاق قىلغان شۇ مازاقخور قىزنى بىزمۇ راسا كىلىشتۈرۈپ بىر مازاق قىلىپ قويايلى، — دەپتۇ ۋە. مۇرادىل ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. ئىنىلىرىنى ئاستاغىنە ئاشخانا ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە كىرىپ...

## «مازاقخور مازاقتا ئۆلەر»

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنى زىبالىقتا بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان تۆت قىزى بار ئىكەن. قىزلار بويىغا يېتىپ رىسىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن سودىگەر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياتلىق قىلماپتۇ. «قىزامىق ئۆي خان كۆۋرۈكى» دىگەندەك، يېقىن-يىراقلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ، لېكىن ئۇلار ھەسرەت بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. چۈنكى قىزلارنىڭ كەنجىسى تولىمۇ مازاقخور بولۇپ، كەلگەن يىگىتلەرنى ياراتمايدىكەن.

قىزلارنىڭ يۇرتىغا يىراق بولغان يايلاقتا بىر چارۋىچى بولۇپ، ئۇنىڭ راسا قۇرامىغا يەتكەن ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئوغۇللارنىڭ چوڭى پەم-پاراسەتلىك يىگىت بولۇپ، ئىسمى مۇرادىل ئىكەن. ئۇ مال بېقىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، ئىككى ئىنىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك يولنى تۇپتوغرا بىر يېرىم كۈندە بېسىپ چۈش بولاي دىگەندە مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ سودىگەرنىڭ قورۇسىغا قەدەم بېسىپتۇ.

ئۆيدە سودىگەر يوق ئىكەن. قىزلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېپتۇ، داستىخانغا بىر پەتنۇس بۇغداي قومىچى قويۇپ، يىگىتلەرنى قوماچ يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزلىرىمۇ داستىخانغا

## تەدبىرلىك ئوغلان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، زاماننىڭ زامانىسىدا ئوغلاق، قوزىچاق، بۇقىچاقلار ئىناق دوست بولۇپ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئۈچ دوست مەسلىھەتلىشىپ ساياھەتكە چىقماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۆز ئىچىدىن بىرىنى باشلىق سايلىماقچى بوپتۇ. بىرەۋ: «ئالدىمىزدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ بۇ قېشىدىن ئۇ قېشىغا بىرلەپ سەكرەيلى، قايسىمىز يىراققا سەكرىسەك، شۇ باشلىق بولسۇن» دەپ توختام تۈزۈشۈپتۇ. ئالدى بىلەن قوزىچاق سەكرەپتۇ، ئۇ ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. ئىككىنچى بولۇپ بۇقىچاق سەكرىگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئارقا ئىككى پۇتى سۇغا چىلىشىپ قاپتۇ. نۆۋەت ئوغلاققا كەپتۇ، ئۇ چاققانلىق بىلەن بىر سەكرەپتىكەن، ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېشىدىن خېلى يىراققا چۈشۈپتۇ. شەرت بويىچە ئوغلاق باشلىق بوپتۇ.

ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ھەر خىل گىياھلارنىڭ ئۇچىنى، رەڭمۇرەڭ گۈل-چېچەكلەرنىڭ غۇنچە - پورەكلىرىنى يەپ، سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىدىن ئىچىپ، سەپىرىنى كۆڭۈللۈك داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق مېڭىپ جاڭگالمۇ جاڭگال ئارىلاپ كېتىۋاتسا بىر توپ كونا چاتقالنىڭ قېشىدا بىردانە بۆرە تېرىسى ئۇچراپتۇ، ئوغلاق قوزىچاققا:

— قوزىچاق ئاداش، بۇ بۆرە تېرىسىنى ئېلىۋال، ئۇ بىزگە

سىگە باشلاپ چىقىپتۇ، ئۇلار تۈڭلۈكتىن ئۆيگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن، قىزلار ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىشىپ تولىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن قازاندىن گۆشلەرنى ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قىزلارنىڭ كەنجىسى توپاقنىڭ بىر قولىقىنى يۇلۇپلا ئاپتۇ ــ دە، پۇۋلەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي قىزىق پېتى ئاغزىغا ساپتۇ. دەل شۇ پەيتتە تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ تۇرغان مۇرادىل:

ــ بەللى، ئاش - تاماققا كۆز - قارنى توق پاشا قىز، قوماچ پاتمىغان ئېغىزلىرىغا توپاق قولىقى بوش كەلدىغۇ دەيمەن، ــ دېگىنىچە ئىنىلىرى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇ تاسادىپىي مەسخىرىدىن بەك ئوسال بولغان مازاقخور قىز ئاغزىدىكى قىزىق توپاق قولىقىنى يا چىقىرىۋېتەلمەي، يا يۇتۇۋېتەلمەي نەپەسسىز قاپتۇ - دە، شۇ يەردە يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە مۇرادىل ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى سودىگەرنىڭ قالغان ئۈچ قىزىغا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بوپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

«مازاقخور مازاقتا ئۆلەر» دېگەن ماقال مۇشۇ چۆچەكتىن قالغانىكەن.

... ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە سەيشەنبە بازاردىن سالاخەت

غېرىچ ساڭگىلاپ. ئۇن جېنىمدىن بىرى قالمىغاندا ئۇنىڭغا بىر تۈلكە ئۇچراپتۇ. تۈلكە:

— ھەي بۆرە چوك، ئۆزۈڭگە ھېچنەرسىنى تەڭ قىلمايتتىڭ، بۈگۈن نېمە بولدى. تىلىڭ ئۈزىراپ ساڭگىلاپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. بۆرە:

— جاڭگال ئىچىدىكى بىر كونا تامدا قورسىقىم ئاچ ياتسام قوزىچاق، ئوغلاق، بۇقچاق كىرىپ كەلدى. كۆڭلۈم خۇش بولۇپ، قوزىنى ناشتىلىق، ئوغلاقنى چۈشلۈك، موزاينى كەچلىك تاماق قىلاي دېسەم، ئوغلاق دېگەن نەرسە تام ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ: «يولۋاس تېرىسى بوي، بۆرە تېرىسى پەش بولسىدۇ...» دەيدۇ. قارىسام، ئۇلار ھەقىقەتەن يولۋاس، بۆرە تېرىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كەلگەنىكەن. مېنىمۇ سويۇپ جۇۋىغا پەش قىلىۋەتمىسۇن دەپ قېچىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

تۈلكە ھېجىيىپ مەسخىرە قىلىپ:

— ئېسىت، بۆرە چوك. شۇنداق نېمىلەردىن قورقىنىڭ نېمىسى. ھاسىراپ - ھۆمدەپ جان - پېنىڭ چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. بىز بىرلىككە كېلىۋېلىپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى، — دەپتۇ. بۆرە ئارىسالدا بولۇپ:

— ھەي تۈلكە، سەن ئاتا - بوۋاڭدىن تارتىپ ھەييار، مېنى ئالداپ تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ — دەپتۇ. تۈلكە:

— بۆرە چوك، سەن ماڭا ئىشەن. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ بىز ئىككىمىز قۇيرۇقىمىزنى بىر - بىرىگە چاتايلى، ھەر ئىش بولسا تەڭ كۆرەيلى، — دەپتۇ، بۆرە ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ئىككىسى قۇيرۇقىنى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ، ئارقىسىغا يېنىپ، ھېلىقى كونا تاملىققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

تامدا كۈزەت قىلىۋاتقان قوزىچاق يىراقتىن كېلىۋاتقان بۆرە بىلەن تۈلكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئوغلاقنى ئويغىتىپتۇ.

کېرەك بولىدۇ، — دەپتۇ. ئۇلار سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يەنە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارغا يولۋاس تېرىسى ئۇچراپتۇ. ئوغلاق بۇقىچاققا:

— بۇقىچاق ئاداش، بۇ يولۋاس تېرىسىنى ئېلىۋال، ئۇ بىزگە كېرەك بولىدۇ. — دەپتۇ. ئۇلار سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر قويۇق جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئەسكى تاملىق ئۇچراپتۇ. ئۇلار شۇ تامنىڭ تۈۋىدە ئارام ئالماقچى بولۇشۇپ تامنىڭ ئىچىگە كىرسە، بىر ئاچ بۆرە ياتقۇدەك، بۆرىنى كۆرگەن قوزىچاق بىلەن بۇقىچاق قورقۇپ ئارقىسىغا داجىپتۇ. ئاچ بۆرە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىر ئەسنەپ كېرىلگەندىن كېيىن:

— سەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشكەننىڭ بەك ياخشى بولدى. قوزا ئەتىگەنلىك ناشتامغا بولىدۇ، ئوغلاق چۈشلۈكۈم. موزاي كەچلىكىم بولىدۇ، — دەپ ھىجىيىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قوزىچاق بىلەن بۇقىچاقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. ئوغلاق شۇ ئان تام ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ:

— دوستلار، تەييارلىنىڭلار، يولۋاس تېرىسى بوي بولىدۇ، بۆرە تېرىسى پەش بولىدۇ، بۇ قېرى بۆرىنىڭ تېرىسىنى تەتۈرسىگە سويۇپ، ياخشى بىر جۇۋا قىلايلى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بۆرە ئالاقزادە بولۇپ، ئۇلار كۆتۈرۈپ كىرگەن بۆرە تېرىسى، يولۋاس تېرىسىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال قۇيرۇقىنى چاتىرىقىغا قىسىپ جاڭگالغا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۈچ دوست قېچىپ كېتىۋاتقان بۆرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار تىنچلىنىپ، ئارامخۇدا دەم ئالماقچى بولۇپتۇ. قوزىچاقنى تام ئۈستىدە كۆزەت قىلىشقا قويۇپ، ئوغلاق بىلەن بۇقىچاق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— بۆرە شۇ قاچقان پېتى يۈگۈرە - يۈگۈرە، تىلى بىر يېرىم

## راستچىل يىگىت

بۇرۇنقى زاماندا زادىلا يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا قارا ئىشلارنى قىلىدىكەن. نېمە ئىشنى تاپشۇرسا بىجانىدىل، كۆيۈنۈپ ھالال ئىشلەيدىكەن. ناۋادا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ پەقەت يوشۇرماي راست گەپنى قىلىدىكەن. يىگىتنىڭ بۇ ئىسىل پەزىلىتى پادىشاھقا ياراپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى باشقا ئىشلارغا سالماي، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جەڭگە ۋە ئوۋغا چىققاندىلا مىنىدىغان داڭلىق بىر جۈپ ئېتىنى تاپشۇرۇپتۇ ـ دە:

— يىگىت، مەن ئىشىنىپ، بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا مۇشۇ بىر جۈپ ئاتنى تاپشۇردۇم. مەن بۇ ئاتلارنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن. ئوبدان بېقىپ، مېنى رازى قىلغىن، — دەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ يىگىت ۋە شۇكۈندىن باشلاپ كېچە-كۈندۈز ئاتنىڭ ئايىغىدا يۈرۈپ، ئۆز ئىشىنى پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئوبدان ئىشلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇلماقتەك سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراق، ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

يىگىتنىڭ راستچىل، سەمىمىي، ھالال ئىش قىلىدىغانلىقىدىن بەك رازى بولۇپ كەتكەن پادىشاھ ئۇنى ئوردىدىكى توي - تۆكۈن سورۇنلارغا ئۇنتۇپ قالماي تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىغان

ئوغلاق تام ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، بۆرە بىلەن تۈلكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقۇدەك. ئوغلاق:

— ئىي - ئىي - ئىي... ھەييار تۈلكە. سەن ھەر كۈنى بىر بۆرە ئېلىپ كەلمەكچى ئەمەسمىدىڭ. نېمىشقا ئۈچ كۈندىن بېرى ئاران بىر بۆرە ئېلىپ كەلدىڭ؟ تېزرەك بولمامسەن؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۆرە: «تۈلكە مېنى راستىنلا ئالداپتۇ» دەپ ئويلاپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە شۇ ھامان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، تۈلكىنى سۆرەپ قېچىپتۇ. ئوغلاق تام ئۈستىدە يەنىلا چۇقان - سۈرەن سېلىپ:

— نەگە قاچماقچىسەن؟ توختاپ تۇر! — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بۆرە تېخىمۇ قورقۇپ جېدەللىشىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ تەرلەپ - پىشىپ، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ بىر يەرگە بېرىپ قارىسا، تۈلكە ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، ھىجىيىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن بۆرە تۈلكىنىڭ ئالىقاچان تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن خەۋىرى يوق. «مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ دەرغەزەپكە كەپتۇ - دە، ئۆلۈك تۈلكىنى يېرىپ پارە - پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ تەدبىرلىك ئوغلاق قالغان ئىككى دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ پەم - پاراسەت بىلەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ساياھىتىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1974 - يىللىق 9 - سانىدىن ئېلىندى)

— مېنىڭچە بۇ يالاڭتۆشنىڭ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كەنجى قىزىمنى توي قىلىپ بېرەي، باشقا تويلۇق سالماي، «پادىشاھنىڭ سەن بېقىۋاتقان ئاتلىرىڭدىن بىرىنى سويغىن، ناۋادا پادىشاھ سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، بىر ئاتنى ئوغرى ئالدى دېگىن. بۇنىڭغا مەنمۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمەن» دەي. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ. شۇ مەيداندىلا بىز ئەينى ئەھۋالنى پاش قىلىپ، ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتەيلى، مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. مەن مۇشۇ قارارغا كەلدىم.

— بەللى، بەللى. ئەقىل دېگەنمۇ بار يەردە بار - دە! بۇ ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ قەلەندەر بىر گۈزەل قىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم دەپ چوقۇم ئاتتىن بىرنى سويىدۇ - دە، پادىشاھ ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ!

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ۋەزىر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، مۇشۇ پىلان بويىچە ئىشقا كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى ھېيلىگەر ئوڭ قول ۋەزىر يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئامراقلىقىنى، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، توينى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قىلىشنى ئېيتىپتۇ ۋە يىگىتتىن قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— جانابىي ۋەزىر ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىدىن تۇرسىلا، مەن بىر ئات باقار تۇرسام، بۇ ئىش قانداقمۇ مۇمكىن بولار؟ — دەپتۇ.

— ئۇ تەرىپىگە بېشىڭنى قاتۇرما ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — بۇ ئىشنى مەن نەچچە قېتىم ئويلانغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىۋاتىمەن. سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈل،

بوپتۇ. بۇنى ئاز دەپ مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئۇنى ئاغزىدىن
چۈشۈرمەي ماختايدىغان، ھەتتا ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمەلدارلىرىنى
بۇ يىگىتتىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قى-
لىپ ئوردا ئىچىدە بۇ يىگىتنىڭ ئابرويى كۈندىن - كۈنگە
ئېشىشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادىتىدىكى بىر كەمبەغەل ئات باقارنى مۇنچى-
ۋالا ئىززەتلەپ، ماختاپ كېتىشلىرى قىتىغۇر ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭ-
لىگە زادىلا ياقماپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوڭ
قول ۋەزىرى سول قول ۋەزىرىگە مۇنداق دەپتۇ:

— تەقسىر، ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇنلار
دەپسەندە قىلىنىپ، ئوردىدا زادىلا ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە
ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. پادىشاھىمىز ئەقلىدىن ئېزىپ، نەدىكى
بىر يالاڭتۆش ئات باقارنى يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگە ماختاپ
كۆككە كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ناۋادا ئىش بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇ
تەرىقىدە داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇزۇنغا بارماي بۇ ئەبگاھ يالاڭ-
تۆش سىلى - بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىۋېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا
ئۆز ۋاقتىدا چەك قويماي بولمايدۇ، قانداق دەيلا؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپتۇ سول قول ۋەزىرمۇ بېشىنى
لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — مەن ئويلايمەن،
بۇ يالاڭتۆشنىڭ ئوردىمىزدا مۇنچىۋالا يۈز - ئابروي تېپىپ
كېتىشىگە ئۇنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.
بىز ئۇنى بىر ئامال قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا يالغان سۆز-
لىتىپ رەسۋا قىلىۋەتكەن بولساق ناھايىتى بەلەن ئىش بولاتتى.
سىلىنىڭچە نېمە ئامال قىلساق بولار؟

ئىككى ۋەزىر شۇ تەرىقىدە ئۇزاق مۇلاھىزە قىلىشىپتۇ. لېكىن
ھېچبىر ئەپلىك چارە تېپىشالماپتۇ. ئاخىرى ھىيلىگەر ئوڭ قول
ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ:

ۋەزىرنىڭ پەرى قىزى پەقىر قولىدا يايرىدى.

ۋەزىرلەرنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ جاۋابتىن ۋەزىرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ـ دە:

— راست گەپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن گۇناھىڭدىن كەچتىم. ھەممە گۇناھ مېنىڭ ۋەزىرلىرىمدە ئىكەن! — دەپتۇ ۋە ئىككى ۋەزىرنى شۇ ھامان زىندانغا تاشلاپ راستچىل يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچار خانىقتاملىق بىلال.
رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم

پەزىلەتلىك يىگىت ئېسىلزادىلەر ئىچىدىمۇ يوق، مەن سېنى يار-
تىپ قالدىم. باشقا خىياللارنى قويۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرگىن.
— ئۇنداق بولسا، ئۆزلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت
ئېيتىمەن، لېكىن قىزلىرىنىڭ لايىقىدا تويلۇق ئالالمايمەن.
بۇنىڭغا قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.
— خاتىرجەم بول، — دەپتۇ ۋەزىر، — ماڭا باشقا
تويلۇقنىڭ كېرىكى يوق. ھەممە نەرسە ئېشىپ - تېشىپ
تۇرۇپتۇ. پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈن ئاش سۈيىگە بىرلا ئات تاپ-
ساڭ، شۇنى سوياقلا بولىدۇ.
— مەندە ئاتمۇ يوق، — دەپتۇ يىگىت. شۇنىڭدىن كېيىن
ۋەزىر ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلان بويىچە ئۇنىڭغا
چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:
— بۇ ئوغاي، ئۆزۈڭ بېقىۋاتقان ئاتتىن بىرنى سويسەن،
پادىشاھ سۈرۈشتۈرسە «ئوغرى ئالدى» دېسەن، قالغان گەپنى
ئۆزۈم توغرىلايمەن.
يىگىت بۇ يەردە ھىيلە - مىكىرنىڭ بارلىقىنى سېزىپتۇ - يۇ،
لېكىن «ئاۋۋال تويىنى قىلىۋالاي، كېيىن بىر گەپ بولار»
دەپ ئويلاپتۇ - دە، ماقۇل بوپتۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىت توي قىلىپ قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ.
كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى پادىشاھ ئوردىدىكى بىر
سورۇندا يىگىتتىن ئۇشتۇمتۇت:
— ئوغلۇم، بۈگۈن ئېغىلغا كىرسەم ئاتتىن بىرى يوق تۇرىدىغۇ،
نەدە بېقىۋاتقانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
يىگىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قوشاق توقۇپ مۇنداق
جاۋاب بېرىپتۇ:

راست گەپنى بايان ئەيلەي، ئەل - جامائەت ئالدىدا،
باش كەتسىمۇ ئالمايمەن، مەن ئۆزۈمنى دالدىغا.
پادىشاھنىڭ شۇ ئېتى، ۋەزىر داشىدا قاينىدى،

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ چوڭ ئوغرى، — ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ تولىسى ساختا بولىدۇ. بىرنىنى بىرى ئالدىمىسا جان باقىلى بولمايدۇ، ئاداش. ياقا يۇرتقا بارغاندىن كېيىن «موللا» دېگەن سالاپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىمىز، ھەر كۈنى بەشۋاخ نامازدىن قالماي، مەسچىتكە بېرىپ ئولتۇرۇۋالىمىز. قولىمىزدىن تەسۋىي چۈشمەيدۇ، بىرنەچچە سۈرە يادلىۋالساقلا بولىدۇ. ئارىلاپ خەتمە قۇرئان قىلىپ بېرىمىز. جامائەت يىغىلغان سورۇنلاردا بىر - بىرىمىزنى «قالتىس كامالەتكە يەتكەن ئۆلىما ئادەم» دەپ ماختاپ تۇرىمىز. چەت يېزىنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى گول بولىدۇ، ئۇزۇنغا بارمايلا «موللا» دېگەن نام - ئاتىقىمىز چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىقلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى قىلساقمۇ چانمايدۇ.

— بەللى — بەللى، ئەقلىڭلارغا بارىكاللا، ئاداش! — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ كىچىك ئوغرى، — ئۇنداق بولسا، دەرھال بىرنەچچە سۈرە يادلاشقا كىرىشەيلى - دە، تېزرەك يولنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى.

شۇنداق قىلىپ بۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى چەت بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە جايلىشىپتۇ. دېگەندەك بۇلارنىڭ قولىدىن تەسۋىي چۈشمەيدىكەن. مەسچىتكە ھەممە ئادەمدىن بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدىكەن. بىتارەت يەر دەسسىمەيدىكەن. يول ماڭسىمۇ بىر مۈرىسىنى قىسايتىۋېلىپ، نېمىلەرنىدۇ ئوقۇپ ماڭىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئىككى ئوغرى پۈتۈن يېزىغا «موللا» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپتۇ. كىشىلەر توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلاردا بۇ ئىككىيلەننى ھۆرمەتلەپ، تۆردىن ئورۇن بېرىدىغان بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇلار؛

## ئىككى «موللا»

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا. يىراق ـ خىلۋەت بىر يېزىدا يامانلىقىدىن هاۋادا ئۇچىدىغان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئىككى ئوغرى بار ئىكەن. ئۇلار تولا ئوغرىلىق قىلىپ. تولا تۇتۇلۇپ، يۇرت ئىچىدە بەكمۇ سېسىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر نېمىسى يوقالسا، ئۇدۇل كېلىپ شۇ ئىككى ئوغرىنى تۇتىدىغان بوپتۇ. ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى پەملىگەن چوڭ ئوغرى بىر كۈنى كىچىكىگە:

— بۇرادەر، بۇ يۇرتتا تۇرغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ئەمدى ئورۇن يەڭگۈشلىمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ياقا يۇرتلارغا كەتسەك قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم. — دەپتۇ كىچىك ئوغرى خۇشال بولۇپ، — زادى كەتمەي بولمايدۇ، لېكىن ياقا يۇرتلاردا تېنەپ ـ تەمتىرەپ قالماي جان باقالارمىزمۇ؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار بورادەر، ئامال قىلغىلى بولىدۇ. ياقا يۇرتتىكىلەر بىزنى تونىمايدۇ، ھەدېگەندىلا ئۇيەردىكىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالساقلا ئىشىمىز يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ دەڭلا!

— ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچىسىگە قانداق قىلىپ ئىگە بولالايمىز، ئاداش؟ قېنى، ئويلىغىنىڭلارنى دەپ بېقىڭلار، مەسلىھەتلىشەيلى! — دەپتۇ كىچىك ئوغرى.

— تەقسىر، جىندەك توختىسىلا! بىر ئىغىز لوقما سالاي، سىلى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ بىر كەلىمە سۆزە، مەن كۆرگەن يەنە بىر كىتابتا مۇنداق يېزىلغاندەك قىلىۋىدى، ئوقۇپ باقاي ئاڭ لاپ باقسىلا! — دەپتۇ.

— خوش، ئوقۇپ باقسىلا، — دەپتۇ چوك ئوغرى بىر نەرسىنى پەملەپ. كىچىك ئوغرى تىللىرىنى قارىشتۇرۇپ ھەجىلەپ مۇنداق قىرائەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

مۇللامىئى - مۇللامىزى،
شۇتاپتىزى - كۆلدە ئىزى،
ئۆپكىشكام لەيلە ئىزى،
نەچارىزى قىلساقىزى بولاھا...

چوك ئوغرى بۇ گەپتىن «مۇللام، كۆلدە ئۆپكە لەيلەپ قاپتۇ، قانداق قىلساق بولار؟» دېگەن مەنانى چۈشىنىپتۇ ۋە چاندۇرماي:

— تەقسىر، بۇ سۆزە سىلى دېگەندەكمۇ ئوقۇلىدۇ، لېكىن توغرىسى مۇنداق، — دەپ قىرائەت قىلىپ مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

مۇللامىئى - مۇللامىزى،
ئۆپكىشكام لەيلە ئىزى،
دەرھاللەزى چىقەللەزى،
زىغەللەزى، تىقەللەزى، پاتۇرىزى تۇراھا...

كىچىك ئوغرى بۇ گەپتىن «مۇللام، ئۆپكە لەيلەپ قالغان بولسا، دەرھال چىقىپ زىخ بىلەن تىقىپ لايغا پاتۇرۇۋەتسىلە

«ئەمدى ئەسلى كەسپىمىزنى قىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى» دېيىشىپتۇ-دە، كونا كېسەلى قوزغىلىپ، يەنە ئوغرىلىققا كىرىشىپتۇ. يېزىدا ئۇنىڭ-بۇنىڭ بىر نەرسىلىرى يوقىلىشقا باشلاپتۇ. بىراق كىشىلەر بۇ ئىككى «موللا» دىن ھەرگىز گۇمان قىلمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار قوشنىسىنىڭ بورداۋاتقان بىر قويىنى ئوغرىلاپتۇ-دە، كېچىلەپ يېگىنىنى يەپتۇ، يەپ بولالمىغىنىنى جىمىقتۇرۇپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا ئۆپكە ۋە ئۈچەيباغرىنى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. ئازغىنا ئۇخلىۋېلىپ، قاراڭغۇدا مەسچىتكە كىرىپ ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۈگۈن ئۇلار جامائەتكە بىرنەچچە سۈرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ، تەپسىر قىلىپ بەرمەكچى بولغانىكەن، شۇڭا جامائەتمۇ تاڭ سۈزۈلە-سۈزۈلمەيلا مەسچىتكە كېلىشكە باشلاپتۇ.

بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن چوڭ ئوغرى قىرائەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ، بۇ چاغدا رەسمىي تاڭ ئېتىپ يورۇق چۈشۈپ قالغانىكەن، كۆلگە تاشلىۋەتكەن ھېلىقى ئۆپكە-ئۈچەيلەر كىچىك ئوغرىنىڭ ئېسىگە چۈشۈپتۇ-دە، «بىر قاراپ كىرەيچۇ، ئالمادىس لەيلەپ قالغان بولسا، ھېلى جامائەت مەسچىتتىن يانغاندا كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىپتۇ. كۆلگە قارىسا، دېگەندەك ئۆپكە-ئۈچەيلەر سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئوغرى نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قاپتۇ. ئاندىن قانداق قىلىشى توغرۇلۇق چوڭ ئوغرىدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولۇپ، ئالدىراپ مەسچىتكە قايتىپ كىرىپتۇ. گەپ قىلاي دېسە چوڭ ئوغرى قىرائەتتىن زادىلا توختىماپتۇ. ئاخىرى بولالماي، چوڭ ئوغرىغا لوقما سالغان بولۇپ ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرماقچى بوپتۇ-دە:

## تۇران باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر سودىگەرنىڭ قۇتلۇق دېگەن يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. سودىگەر قۇتلۇقنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپتۇ. داڭلىق مەكتەپلەردە، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئوقۇتۇپتۇ. قۇتلۇق 18 ياشقا كىرگىچە نۇرغۇنلىغان بىلىملەرنى ئىگىلەپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر قۇتلۇقنى ئالدىغا چاقىرىپ، كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىپتۇ، ئوغلىنىڭ ئىلىم-ئەخلاق دەققىدىكى قاراشلىرى ۋە خۇلقى-مىجەزىدىكى پەزىلەتلىرىدىن رازى بولغان سودىگەر مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، ئالەمدىكى مۆجىزىلەرنىڭ بارىنى كىتاب ئارقىلىق چۈشەنگەن بولساڭمۇ، لېكىن سەن ئۇلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىدىڭ، ئىتىزدىكى كۆكلەپ تۇرغان زىرائەتنى تەييار ئاش دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا سەن بىلىمىڭنى تولۇقلىشىڭ كېرەك. مەن سېنى قىرىق بىر خېچىر مال بىلەن سودىگەرلەرگە قوشۇپ قوياي، سەن ھەم تىجارەت ھەم زىيارەت قىلىپ ئالەمنىڭ سىرلىرى بىلەن كۆپرەك تونۇشقىن، — سودىگەر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئوغلىغا يەنە مۇنداق ئۈچ ئىشنى جېكىلەپتۇ، — مەن قېرىپ قالغىنىم ئۈچۈن ساڭا ھەمراھ بولالمايمەن. بىرىنچى، سەپەرگە چىققان كۈنى قاتتىق يول يۈرۈپ، ئات ئۇلاقلار چارچى-

نولندۇ، دېگەن مەننى چۈشىنىپتۇ. لېكىن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن جامائەتكە قاراپ:

— ۋاھ، موللا ئاكامنىڭ ئوقۇمىغان كىتابى يوق، نەدىن سۆز ئېچىلسا دەل شۇ يەردىن جاۋاب بېرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئىلىملىك كىشى جۇمۇ! — دەپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق ، ھەر ئىككىلىرى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، سىلەرنى بىزگە خۇدا يەتكۈزگەن! — دېيىشىپتۇ ساددا جامائەت ئۇلارنى ماختىشىپ.

چوڭ ئوغرى يەنە قىرائەتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، كىچىك ئوغرى ئاستا سىرتقا چىقىپ، بىر تال يۇلغۇن ياغىچىدا زىخ ياساپتۇ - دە، ئۆپكە - ئۆچەيلەرنى سۇنىڭ تېگىگە پاتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشمۇ چانماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئاخىرى چاندۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا جامائەت تۇتۇۋاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىككى ھېيلىگەر ئوغرىنى «موللا» دەپ ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشىپتۇ. ئىككى ئوغرى ئاخىرى بۇ يەردىنمۇ قوغلىنىپتۇ. بىر رىۋايەتتە «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن ماقال مۇشۇ يۇرتتىن تارالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كوچار خانىقىتاملىق بىلال.

رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم

چىققانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ گەپ قىلماپتۇ. سودىگەرلەر ناماز-
لىردىنى ئوقۇشۇپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇشۇپ يولغا چىقىپتۇ. ھېلىقى
ناتونۇش يىگىت قۇتلۇقتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي مۇگدىشىپ
مېڭىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمى تۇران باتۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.
ئۇلار خېلى يول مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىرتوپ قارا ياغاچ-
-نىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. قۇتلۇق دادىسىنىڭ گېپىنى تۇرانغا
ئېيتىپ، ئۇنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە:

— ئىككىمىز باشقا يەردە قونايلى،— دەپتۇ.

— بۇ يەرگۇ خەتەرلىك، بىراق قورقمىغىن،— دەپتۇتۇران.
سودىگەرلەر ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۇران بىلەن قۇتلۇق ئۆتكەن -
كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئۇخلىماپتۇ. تۈن يېرىمىدىن
ئۆتكەندە يىراقتىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. ئىككىيلەن مەسلى-
ھەتلىشىپ، ئاتقا مىنىپ بىر ھازادىن كېيىن چىراغ يېنىپ
تۇرغان يەرگە بېرىپتۇ. قارىسا چىراغ بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئىكەن.
ئۇلار پەنجىرىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىسا 41 قاراقچى
تاماق يەپ ئولتۇرۇپ «قارىياغاچ تۈۋىدە قونغان سودىگەرلەرنى
بۇلايمىز» دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن.

تۇران قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ قۇتلۇققا شەرەت قىلىپ،
ئىشىك تۈۋىگە بېرىپتۇ. قۇتلۇق قەستەن يۆتىلىپتۇ. قاراقچى
باشلىقى:

— تالادا بىرى يۆتىلىۋاتىدىغۇ، قاراپ باققىن،— دەپ
بىر قاراقچىنى بۇيرۇپتۇ. تۇران ئۇنى چىقىشىغىلا ئۇ دۇنياغا يول
لاپتۇ. قۇتلۇق يەنە يۆتىلىپتۇ، قاراقچى باشلىقى يەنە بىر قا
راقچىنى بۇيرۇپتۇ. ئۇمۇ ئوجۇقتۇرۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ قاراقچىلار
نىڭ كاللىسى ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈلۈۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا تۇرا
باتۇر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، قاراقچىنىڭ باشلىقىنى جەھەننەمگە

غاندا بىر ئاچالغا بارسىلەر، باشقىلار ئۇ يەردە قونسىمۇ سەن
قونما؛ ئىككىنچى، ئەتىسى يالغۇز بىر تۇپ دەرەخ تۇۋىگە يېتىپ
بارسىلەر، سەن ئۇيەردىمۇ قونما؛ ئۈچىنچى، شەھەرگە يېقىن قال-
غاندا، بىر سېپىل تۇۋىگە بارسىلەر، ئۇ يەردىمۇ قونمىغىن.
— ئەي ئاتا ھەمراھلاردىن ئايرىلىپ، ئۇ يەردە ياتماسلىقىمنىڭ
سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ قۇتلۇق. سودىگەر:
— بۇ ئۈچ جاي خەتەرلىك، ئۇنىڭ سىرى تېخى نامەلۇم.
سەن ئۆزۈڭگە پەخەس بولغىن، — دەپتۇ.
قۇتلۇق سودىگەرلەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ھېرىپ چار-
چاپ ئاران دېگەندە ھېلىقى ئاچالغا يېتىپ كەپتۇ-دە، شۇ يەردە
قونماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغان ئىكەن. قۇتلۇق:
«بۇ يەردىكى خەتەرنىڭ سىرىنى بىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، باش-
قىلار ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، چەترەك بىر
يەرگە بېرىپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. ھارغان يولۇچىلار
ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا، قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا يەر تېگىدىن كېلى-
ۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قۇتلۇق بۇ تاۋۇشنىڭ
سودىگەرلەر ئۇخلاۋاتقان يەرگە يېقىنلاپ كېلىپ توختىغانلىقىنى
بايقاپتۇ ۋە بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئۇخ-
لاۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ-دە، يالغاندىن ئۇخلىغان
بولۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا قولىغا قىلىچ تۇتقان بىر ئادەم پەيدا بو-
لۇپ، ئۇخلاۋاتقانلارغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، قۇتلۇقنىڭ
يېنىدا يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قۇتلۇق بۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز تاڭغا
ئۇلاپتۇ. ئەتىگەنلىكى ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ ناتونۇش
يىگىتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۇ سودىگەرلەرگە سالام بې-
رىپ، ئۆزىنىڭ كېچىدە يالغۇز قالغانلىقىنى، بۇ يەردە ئۇلارنى
ئۇچراتقاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ياتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قۇت-
لۇق ئۇنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ، سودىگەرلەرگە بىرمۇ-بىر سەپسېلىپ

— سەن مەن بىلەن قالغىن،— دەپتۇ. قۇتلۇق ئۇنىڭ گېپىنى يىرالماي ماقۇل بوپتۇ. بىراق تۇتلۇق بىلەن كەلگەن سودىگەرلەر:

— داداڭ سېنى بىزگە تاپشۇرغان، سەن قايتمىساڭ ئەنسىرەيدۇ،— دېيىشىپ ئۇنىماپتۇ. تۇران بىلەن قۇتلۇق مەسلىھەتلىشىپ، دادىسىغا پات ئارىدا قايتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يېزىپ، سودىگەرلەرنى يولغا ساپتۇ.

تۇران بىلەن قۇتلۇق شەھەردىكى مەنزىرىلەرنى، مەشھۇر جايلارنى كۆرۈپ، كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ خىراجەت پۇلى تۈگەپ، ھېلىقى جۇۋىنىڭ بىرىنى ساتماقچى بوپتۇ. تۇران باتۇر قۇتلۇققا:

— سەن جۇۋىنى بازارغا ئېلىپ چىق، باھاسى 1000 تىللا، بىر تىللا كەم بولسا ساتمىغىن، مەقسەت ئالتۇندا ئەمەس، جۇۋىنىڭ سىرىنى بىلىشتە،— دەپ تاپىلاپتۇ.

قۇتلۇق قاما جۇۋىنى قايناق بازارغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. باھاسىنى ئاڭلاپ خېرىدارلارنىڭ كۆڭلى سوۋۇپتۇ. نائۈمىدلىك بولغاندا قۇتلۇقنىڭ ئالدىدا پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى پەيدا بوپتۇ. ۋەزىر جۇۋىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ قۇتلۇققا:

— جۇۋىنى نەدىن ئالدىڭ؟— دەپ ئاپتۇ. قۇتلۇق:

— ئۆزۈمنىڭ، تەقسىر،— دېگەن ئىكەن، ۋەزىر ئاچچىقلاپ:

— بۇ جۇۋا مېنىڭ، ئەگەر راستىنى دېمىسەڭ سەن ئوغرى،— دەپتۇ.

— ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟— دەپتۇ قۇتلۇق. ۋەزىر:

— بۇ جۇۋا ئىقلىم بويىچە پەقەت بىرلا، ئەگەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جۇۋىدىن يەنە بىرى تېپىلسا مەن يالغانچى بولاي، جۇۋا سېنىڭ بولىسۇن،— دەپتۇ.

ئۆزىتىپ، 41 قاراقچىنىڭ قولىنى كېسىپ يانچۇقىغا سالىپتۇ. تۇران بىلەن قۇتلۇقنىڭ كۆزىگە بىر قاپقاق كۆرۈنۈپتۇ. ئاچسا، يەر ئاستى ئۆيى ئىكەن. ئۇلار قاراقچى باشلىقىنىڭ يانچۇقىدىكى ئاچقۇچلارنى ئېلىپ يەر ئاستىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا، ئالتۇن-كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇت، ئېپەك-دۇردۇنلار بىلەن تولغان ئىكەن. بىر ئۆيدە ئاجايىپ ئېسىل بىر جۈپ قاما جۇۋا تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ نىشانى ئۈچۈن جۇۋىنى بىردىن ئېلىپ، قاپقاقنى بېكىتىپ قونغان يېرىگە قايتىشىپتۇ.

سودىگەرلەر ئۈچىنچى كۈنى بىر سېپىل تۈۋىگە كېلىپ، كەچ كىرگەندە قونماقچى بولۇشۇپتۇ. قۇتلۇق دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى تۇران باتۇرغا ئېيتىپتۇ، تۇران:

— دادىڭىزنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. بۇ يەرگە كېلىپ قونغان يولۇچىلارنى يۇتىدىغان ئەجدىھا بار. ئەگەر ئۇ بۈگۈن كەلسە يوقاتمىساق بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ھېرىپ - چارچىغان سودىگەرلەر شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۈن يېرىمىدىن ھالقىغاندا يوغان بىر ئەجدىھا ئاغزىنى كالچايتىپ، كۇشۇلدىغان ھالدا سودىگەرلەرگە يېقىنلىشىپتۇ. تۇران باتۇر قولغا قىلىچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، ئەجدىھا ئۇنى كۆرۈپ دەم تارتقان ئىكەن، تۇران ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ سۇرۇلۇپتۇ. ئۇ قىلىچىنى كۆكسىدە توغرىسىغا تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ، جېنى چىقىپ كېتىپتۇ. تۇران نىشانە بولسۇن ئۈچۈن، ئەجدىھانىڭ قاپ بېلىدىن بىر تاسمىلىق ئېلىۋاپتۇ. ئۇلار شۇ كېچىسى بولغان ۋەقەنى سودىگەرلەرگە سەزدۇرمەي، تاڭ ئاتقاندا شەھەرگە كىرىپ سارايغا چۈشۈپتۇ. سودىگەرلەر بىر قانچە كۈن تىجارەت قىلىشىپ مال ئالماشتۇرۇپتۇ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆز شەھىرىگە قايتماقچى بولۇشۇپتۇ. تۇران باتۇر قۇتلۇققا:

رىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ نام - ئەمەللىرىنى سوراپتۇ. ئۇلار پادىشاھقا بولغان
ۋەقەلەرنى چالا قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاراقچىلار تۇپ-
لىغان ئالتۇن - گۆھەرلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى، قال-
غانلىرىنى تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىر، ئاغرىق - سىلاق ئادەملەرگە تار-
قىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپتۇ.

پادىشاھ تۇران باتۇر بىلەن قۇتلۇقنى ئوردا مەسلىھەتچى-
سى قىلىپ تەيىنلەپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈپتۇ. دەل شۇ
كۈنلەردە پادىشاھقا باشقا بىر دۆلەت پادىشاھىدىن خەت كەپتۇ:

«مەنكى خانلارنىڭ خاقانى، يەر - جاھاننىڭ سۇلتانى سا-
ڭا شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئۆز
قىزىڭنى ۋە تاجۇ - دۆلىتىڭنى مېنىڭ ئىختىيارىمغا ئۆتكۈزىسەن،
شۇنداق قىلساڭلا جېنىڭنى قۇتقۇزالايسەن، ئەگەر بۇ شەرتىمنى
قوبۇل قىلمىساڭ، جاھاندا تەڭدىشى يوق زور قوشۇنىمنى
ئىشقا سېلىپ، دۆلىتىڭنى خانىۋەيران، ئۆزۈڭنى ۋە ئەۋلادىڭنى
سەرسان قىلىمەن. خەلقىڭنى قىرىپ تۈگىتىمەن.»

پادىشاھ بۇ خەتنى كۆرۈپ غەم - ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. بۇ-
نى سەزگەن تۇران باتۇر بىلەن قۇتلۇق پادىشاھتىن ئەھۋال سو-
راپ، كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى بايان قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادى-
شاھ ئامالسىز ھېلىقى خەتنى كۆرسىتىپتۇ. تۇران باتۇر پادىشاھقا:

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، سىز «ئۇرۇشايلى» دەپ جاۋاب
خەت يېزىڭ، — دەپتۇ.

— بۇ خاقاننىڭ كۈچىگە تەڭلەشكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ پا-
دىشاھ، — ئۇنىڭ لەشكىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ كۆپ، «ئۇرۇش
قىلايلى» دېگىنىمىز ئەخمەقلىق.

قۇتلۇق ۋەزىرنى ئەگەشتۈرۈپ، تۇران باتۇر تۇرغان يەرگە كېلىپ يەنە بىر جۇۋىنى كۆرسىتىپتۇ. ۋەزىر ئىمىك-پىنىك قىلالماي ئوردىغا قايتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئەرزىم بار ئىدى.

— ئېيت! — دەپتۇ پادىشاھ.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتاي.

— كەچتىم، ئېيتقىن.

— ئەي شەپقەتلىك شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — مەن سىزگە ئۇقتۇرمايلا ئوردا خەزىنىسىدىكى ئېسىل قاملاردىن بىر جۇۋا تىككۈزگەن ۋە ئۇنى ئوغرىلىتىپ قويۇپ تاپالمىغان ئىدىم. بۈگۈن بازاردا جۇۋىنىڭ دېرىكى چىقىپ قالدى. بېرىپ قارىسام دەل شۇ، بىراق بۇ جۇۋا بىر ئەمەس، ئىككى بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ تەكتىگە زادىلا يېتەلمىدىم.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىگە كۈلۈپ كېتىپ:

— مەنمۇ ساڭا ئۇقتۇرماي بىر دانە جۇۋا تىككۈزۈپ يوقاتقان ئىدىم، مانا بۈگۈن ئىككىلىسى تېپىلىپتۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىر دەرھال بىر توپ لەشكەرنى تۇران بىلەن قۇتلۇقنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لېكىن تۇران بىلەن قۇتلۇق:

— پادىشاھنىڭ ئىشى بولسا ئۆزى كەلسۇن، — دەپ ئوردىغا بېرىشقا ئۇنىماپتۇ. لەشكەرلەر ئۇلارنى باغلاپ ئېلىپ ماڭماقچى بولغان ئىكەن، چامى يەتمەي قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھيانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قائىدە-يوسۇن بويىچە كۆرۈشۈپتۇ ۋە:

— سىلەر شەھىرىمىزگە كەلگەن مېھمان ئىكەنسىلەر، شۇڭا سىلەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ تۇران باتۇر بىلەن قۇتلۇققا ئوردىدا كاتتا زىياپەت بې-

ئۇلار كۆپ تالاش-تارتىش قىلغان بولسىمۇ، تۇران باتۇر ئۆز پىكرىدىن زادىلا يانماي تۇرىۋاپتۇ. قۇتلۇق:

— مېنىڭ ئاتا-ئانام بار، مەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز بۇ ئىشنى قىلالمايمەن، مەن قايتىپ بېرىپ، ئاتا-ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشەي، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ پىكىرنى توغرا كۆرۈپتۇ. بىراق تۇران باتۇرمۇ پادىشاھنىڭ تەلىپىگە قارىماي، قۇتلۇق بىلەن بىرگە قايتماقچى بوپتو.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى يىگىت بۇ شەھەردىن ئايرىلىپتۇ. ئۇلار دەل ھېلىقى ئاچا يولغا كەلگەندە، تۇران باتۇر قۇتلۇققا قاراپ:

— ئىككىمىز مۇشۇ يەردە ئۇچراشقان، ئەمدى مۇشۇ يەردە ئايرىلىمىز، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز. مۇبادا مېنى ئىزدىمەكچى بولساڭ، بەش سېمىز ئاتقا بەش تاغار زىغىرنى ئارتىپ مۇشۇ يالغۇز ئاياغ يولغا چۈشۈپ مېڭىۋەرسەڭ مەن تۇرغان شەھەرگە بارىسەن، — دەپتۇ. قۇتلۇق ئۇنى قانچە تەكلىپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭ شەھىرىگە بارمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىپتۇ.

قۇتلۇق ئۆز شەھىرىگە كېلىپ، ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشلىرى بىلەن خۇشال كۆرۈشۈپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇتلۇق تۇران باتۇرنى ئىزدىمەكچى بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، بەش ئاتقا بەش تاغار زىغىر ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ، ئاچا يولغا كەلگەندە، تۇران باتۇر كۆرسەتكەن ھېلىقى يالغۇز ئاياغ يولغا چۈشۈپتۇ. بىر چاغدا قارىسا يولنى قاپقارا چۈمۈلىلەردىن ھاسىل بولغان بىر دۆڭ توسۇپ تۇرۇپتۇ. چۈمۈلىلەر بولسا بىر-بىرىنى يەۋاتقىدەك. بۇ ئالامەتكە ھەيران بولغان قۇتلۇق ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا بەش تاغار زىغىرنى چۈمۈلىلەر ئارىسىغا چېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلىلەر پادىشاھى قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئادەمزات، سەن بىزنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇردۇڭ. بىزمۇ خىزمىتىڭدە بولۇشنى خالايمىز، مەن ساڭا بېشىمدىكى شاھلىق

— غەم ئۆمۈرنى يەيدۇ، — دەپتۇ قۇتلۇق، — غەيرەت ئاپەتنى يېڭىدۇ.

— سىز قورقماڭ، — دەپتۇ تۇران، — خەلقنىمۇ ئەنسىرەتمەڭ، دۈشمەن كەلگەن كۈنى شەھەر سېپىلىگە چىقىپ، بولۇۋاتقان جەڭنى تاماشا قىلىڭ، بىز ئىككىمىزلا دۈشمەنگە تەڭ كېلەلەيمىز.

پادىشاھ بۇ گەپكە تازا ئىشەنمەپتۇ. لېكىن تۇران بىلەن قۇتلۇق كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئاخىرى پادىشاھنى قايىل قىپتۇ.

جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان خاقان قەھرى-غەزەپ بىلەن ھۇجۇم باشلاپتۇ. تۇران بىلەن قۇتلۇق ئوق ئۆتمەيدىغان، قىلىچ كەسمەيدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، جەڭگە كىرىپتۇ. شۇنداق كەسكىن جەڭ بولۇپتۇكى، ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ بىسىدىن چىققان ئوت دەھشەتلىك چاقماق كەبى ئاسمان قەھرىنى يېرىپتۇ. تاغلار لەرزىگە كېلىپ، يەر-جاھاننى قارا بوران قاپلاپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئاسمان سۈزۈلگەندەك بوپتۇ. تۇران بىلەن قۇتلۇقنىڭ قىلىچى كەسكەن باش ۋە سۇنغان قىلىچلار پارچىسىدىن يەر يۈزى كۆرۈنمەي قاپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا تۇران شۇنداق جەڭ قىلىپتۇكى، ئۇنىڭدىن يەر يۈزىدىكى بارچە مەخلۇقاتلار سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئاخىرى خاقان تەسلىم بولۇپ، بارچە زىياننى تۆلەش، ئەبەدى ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچىپتۇ. ئەل-يۇرت تىنجىپ، مەمۇرچىلىق باشلىنىپتۇ.

بۇ ئىشتىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن پادىشاھ ئۆز پادىشاھلىقىنى تۇران باتۇرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، قۇتلۇق ۋەزىر بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ.

— پادىشاھلىقنى قۇتلۇق قىلسۇن، — دەپتۇ تۇران، — چۈنكى ئۇ مېنى دەپ بۇ يەردە قالدى، مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن ئۈستۈن كۆرىمەن، — دەپتۇ.

— غەلىبە تۇرانغا مەنسۇپ، — دەپتۇ قۇتلۇق، — مۇكاپاتمۇ شۇنىڭ بولسۇن.

— بۇنى بىر سائەت ئىچىدە ئايرىپ چىقساڭ، بىرىنچى شەرت ئورۇندىلىدۇ، — دەپتۇ.

قۇتلۇق چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ مۆڭگۈزىنى كۆيدۈرگەن ھامان، ھېلىقى قاپقارا چۈمۈلىلەر پەيدا بوپتۇ. ئۇلار قۇتلۇقنىڭ تەلىپى بويىچە زىغىرنى بىر تاغارغا، قومنى بىر تاغارغا ئايرىپ چىقىپتۇ. قۇتلۇق پەقەت تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. تەكشۈرگۈچىلەر بۇ شەرتنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە قۇتلۇقنى ئىككىنچى ئۆيگە سولاپتۇ. بۇ ئۆيدە بىر يوغان داشقازاندا بىر قانچە كالىنىڭ گۆشى قايناپ تۇرغانىكەن، تەكشۈرگۈچىلەر قۇتلۇققا:

— بۇ گۆشلەرنى پاكىز يەپ بولۇپ، سۆڭەكنى ئايرىپ چىقىش لازىم. ئەگەر سۆڭەكتە گۆش قالسا شەرت ئورۇندالمايدۇ، — دەپتۇ.

قۇتلۇق قۇشلار پادىشاھىنىڭ پېيىنى كۆيدۈرگەنىكەن، تۈڭلۈكتىن بىر توپ قۇش ئۇچۇپ كىرىپ، بىر دەمدىلا گۆشنى قۇرۇقداپ، سۆڭەكلىرىنى دۆۋىلەپ قويۇپتۇ.

تەكشۈرگۈچىلەر ئىككىنچى شەرت ئورۇندالغانلىقىنى ئوردىغا مەلۇم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇتلۇق چوڭ بىر سارايغا باشلىنىپتۇ. ساراي ئىچىدە ئوخشاش ياسانغان 41 كېنىزەك ئۇسۇل ئويناۋاتقانىكەن. ئوردا ئەھيانلىرى قۇتلۇققا:

— بۇ 41 قىزدىن قايسىسىنى تاللىساڭ شۇ سېنىڭ ئەمرىڭگە ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پادىشاھ قىزىمۇ بار. ئەگەر بەختىلىك بولساڭ تاپالايسەن، — دەپتۇ. سارايدىكى مەرىكە تازا قىزىغاندا قۇتلۇق بىر پەس مۈگدەپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئۇنىڭغا: «چىۋىن ئۇچۇپ بېرىپ قونغان قىزنى تاللىغىن» دەپتۇ. ئويۇن — مەرىكە تۈگەپ قىز تاللاش ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ. قۇتلۇق قارىسا بىر چىۋىن ئۇچۇپ بېرىپ ئىشىك تۈۋىدىكى قىزغا قونۇپتۇ، قىز قولىنى شىلتىپ، چىۋىننى قاچۇرۇپتۇ. چىۋىن ئۈچ قېتىم

مۈڭگۈزۈمنى بېرەمەن، بېشىڭغا مۈشكۈللۈك يەتسە، مۈڭگۈزنى كۆيدۈرگىن، بىز دەرھال تەييار بولۇپ، ساڭا يار-يۆلەك بولىمىز، — دەپتۇ.

قۇتلۇق چۈمۈلە پادىشاھىغا رەھمەت ئېيتىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر قېلىن ئورمانلىققا كەلگەندە، ئالدىغا قارىسا خىلمۇخىل قۇشلار بىر-بىرىگە ئېتىلىپ كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى يەۋاتقىدەك. بۇنى كۆرگەن قۇتلۇق بەش ئاتنى سويۇپ، پارچىلاپ جاڭگالغا تاشلايتۇ. قۇشلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ گۆشكە يېپىشىپتۇ. قۇشلارنىڭ پادىشاھى قۇتلۇققا تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

— سەن بىزگە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇردۇڭ. مەن ساڭا شاھلىق تاجىم بولغان پەيىنى ئاداققىچە تەقدىم قىلىمەن، مۈشكۈللۈككە ئۇچرىغاندا ئۇنى كۆيدۈرسەڭ، بىز دەرھال تەييار بولۇپ ساڭا ياردەم بېرىمىز، — دەپتۇ.

قۇتلۇق ئۇنىڭغىمۇ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بىر شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. قۇتلۇق ھەيۋەتلىك بىر بىنا ئالدىغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىر ئېلاننى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئېلانغا: «كىمكى ئۈچ شەرتنى ئورۇندىسا پادىشاھلىقنى ۋە پادىشاھ قىزىنى ئالالايدۇ» دەپ يېزىلغان. لېكىن بۇ ئۈچ شەرت ئېنىق يېزىلمىغانىكەن. شۇڭا ئادەملەر بۇ ئېلاننى ئوقۇپ ھەيران بولۇشۇپتۇ،

— شەرتنى ئېنىق ئېيتقان بولسا ئورۇنداپ باقساق بوپتىكەن، — دېگەن گەپ قۇتلۇقنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىپتۇ. خالايىق:

— مانا، بۇ يىگىتنىڭ دېگىنى توغرا، — دەپ تۇۋلىشىپتۇ. لەشكەرلەر قۇتلۇقنى پادىشاھ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. قۇتلۇق ئۆيگە قارىسا بىر تاغار زىغىر، بىر تاغار قومغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەرگە تۆكۈپ قويۇلغانىكەن. لەشكەرلەر ئۇنىڭغا:

ۋە شەھەر ئەھلى ماڭا قالدى. مەن سىلەرنىڭ شەھەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن سىزنىڭ ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ، سىزگە غايىبانە ئاشىق بولدۇم. سىزنىڭ چىراي-شەكلىڭىزنى، بوي-تۇرقىڭىزنى سوراپ بىلىپ، چۈشۈمدە سىزنى كۆرۈپ، سىز بىلەن تونۇشتۇم. مانا شۇنداق كۈنلەردە بىر سودىگەر قىياپەتلىك قاراقچىلار سىلەرنىڭ شەھەردىمۇ، بىزنىڭ شەھەردىمۇ سەپەرگە چىققانلارنى ھېلىقى سىز كۆرگەن ئاچا يولدا ئۆلتۈرۈپ بۇلاپ كەتتى. مەن كېچىدە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، شۇ يەرگە بېرىپ بۇلاڭچى-قاراقچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ كەلدىم. ئاخىرى تىلەككە يەتتىم. سىز بىلەن دوست بولۇپ كۆپ سىناشتىم. ئىشقىمنى سىزگە ئىزھار قىلىشقا قىزلىق غورۇرۇم يول قويمىدى. ھېلىقى ئۇرۇشتىن كېيىن، پادىشاھنىڭ قىزىنى، پادىشاھلىقنى سىزگە ئۆتۈندۈم، سىز ئۇنىماي قايتقاندا، مەنمۇ بىرگە قايتتىم. مەن سىز ئىزدىگەن تۇران باتۇر بولىمەن، بىراق. مەن ئوغۇل ئەمەس، قىز. مەن ھەم مۇشۇ شەھەرنىڭ شاھىمەن. ئەي يىگىت ھەقىقىي سىرنى سىزگە قىلدىم ئايان. سىزنىڭ ئەمدى مەيلىڭىز قايان؟ مەرھابا، ئەمدى قالسىڭىز بۇيان. ئەلۋىدا، مەيلى كەتسىڭىز ئۇيان...

قۇتلۇق گەپ قىلالماپتۇ.

— يەنە شۇنىمۇ دەپ قويايكى، — دەپتۇ مەلىكە قۇتلۇققا، — مېنى ئالسىڭىزمۇ مەيلى، ئالمىسىڭىزمۇ مەيلى، مەن ئۆزۈمنى سىزگە زورلاپ تاڭمايمەن، سىز ھېلىقى شەھەرگە بېرىپ، پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولسىڭىز، مەن يەنە تۇران باتۇر نامى بىلەن تويى-مەرىكىڭىزنى بېجا كەلتۈرىمەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھەر قايسى شەھەرلەرگە خەۋەرلەر تارقىلىپتۇ. قۇتلۇق «تۇران باتۇر» دەپ ئاتالغان مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ. ئەلنى ئادىل سوراپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە بازار ئىچىدىن تۇنبولقاسىم ئاخۇن.

قىزمەگىزىگە قونۇپ، ئۈچ قېتىم قوغلانغاندا، قۇتلۇق بېرىپ شۇ قىزنى تاللاپتۇ. ئوردا ئەھلى ئىچىدە چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇتلۇقنى تەبرىكلەپتۇ. قۇتلۇق:

— ھۆرمەتلىك ئوردا ئەھلى، مەن بۇ شەھەرگە جانىجان بۇرادىرىم تۇراننى ئىزدەپ كەلدىم، تەقدىر بىلەن ئوردىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇنى ئىزدىيەلمىدىم. شۇڭا تويىنى بىر كۈن كېچىكتۈرۈپ، ئەتە دوستۇم تۇراننى تېپىپ كېلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. چۈنكى مەن پادىشاھلىقنى ئۆزۈمدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولغان قابىل يىگىت تۇرانغا مەنسۇپ، دەپ قارايمەن. مېنىڭ ئۈچ شەرتنى ئورۇندىغانلىقىم پەقەتلا ئاغىنەم تۇران باتۇرنىڭ ياردىمىدىن كەلدى، — دەپتۇ.

قۇتلۇقنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. مۇنازىرە باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى قۇتلۇق ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوردا ئەھلى نىكاھنى كېچىكتۈرۈپ «قۇتلۇق بىلەن مەلىكە ئىككىسى بىرلىككە كەلسۇن» دېيىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

قۇتلۇق تۇران باتۇرنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ مەلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشقا ئۇناتماقچى بوپتۇ، لېكىن مەلىكە:

— ئىختىيار قىلسىڭىز سىزگە تېگىمەن، ئىختىيار قىلمىسىڭىز ھېچكىمگە تەگمەيمەن، مەن سىزگە ئەر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن تېگىمەن، — دەپتۇ.

قۇتلۇق شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىگە ئۆزىنىڭ تۇران باتۇر ئۆتۈنگەن لايىقى بار ئىكەنلىكىنى، تۇران باتۇرغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، مەلىكە بۇ شەھەردە ئۇنداق يىگىتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، قۇتلۇقنىڭ ئىككىلەنمەي تويى قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. قۇتلۇق زادىلا ئۇنىماپتۇ. شۇڭا مەلىكە قۇتلۇققا سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

— مەن بىر پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئىدىم، — دەپتۇ قىز. — ئاتا-ئانامنىڭ يالغۇز قىزى ئىدىم، ئاتام مېنى ۋارىس قىلىش ئۈچۈن قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ ئوخشاش تەربىيىلىدى. مەن ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەندە ئاتا-ئانام ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوردا

— ھەي يالغانچى قىرى، ئىمىشقا ماڭا تۇز سالغان نەرسە شىبىرىن پىشىدۇ، دەيسەن!...، — دەپ ئۆزى قىلغان ئىشىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئوغلۇم، ئەقىللىق كىشىگە يامان نەرسىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن ئەقىلسىز تەنتەكلەرگە ياخشى نەرسىمۇ كۆلپەت كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي سىپايىلىق بىلەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن سەيشەنبە بازار يېزىسىدىن تۇختى موللا

## ھېلىم تەنتەك

بۇرۇنقى زاماندا نېمىنى كۆرسە شۇنى قىلغۇسى كېلىدىغان ھېلىم تەنتەك دېگەن بىر بالا بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ يولدا لاغايلاپ يۈرۈپ بىر دېھقان بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. چامغۇر پىشۇرۇپ ئولتۇرغان بوۋاي قازانغا بىر چىمدىم تۇز سېپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ھېلىم تەنتەك ھەيران بولۇپ:

— قازانغا نېمە سالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋايدىن.

— تۇز سالدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— نېمىشقا؟

— تۇز سالسا چامغۇر شېرىن بولۇپ پىشىدۇ...

«بىر چىمدىم تۇز بىر قازان چامغۇرنى شېرىن قىلالايدىغان بولسا، ئۇ قانچىلىك شېرىن نەرسىدۇر - ھە؟» دەپتۇ ھېلىم تەنتەك ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە ۋە دەرھال بىر قاپ تۇز سېتىۋېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ تۇزدىن بىر سىقىم ئېلىپ ئاغزىغا تولدۇرۇپ بىر سالغانىكەن. تامىقى ئېچىشىپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. ئاغزىدا لىق-تۇز بولغاچقا، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يۆتىلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ھېلىم تەنتەك ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، دېھقان بوۋاينىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ غەزەپ بىلەن:

ئۇنىڭ كېلىنى ئانچە ـ مۇنچە مايىلاپ ئۆز مەقسىتىنى ئوچۇق سۆزلەپتۇ:

— سىزنى ئۆيگە چاقىرىشتىكى مەقسىتىم، مېنى ئەتە شەرئى مەھكىمىسىگە چاقىرتىدۇ، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مېنى ئۆيدىن كۆچۈپ بېرىشكە قىستاۋاتىدۇ. بۇ زېمىننى مەن ئەسلىدە سېتىۋالغان، لېكىن ئۆي ئىگىسى ئۆلۈپ كەتتى، بالىلىرى بۇ ئىشنى بىلمىسە كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە مېنىڭ قولۇمدا بىرەر پاكىتلىق ئاساسىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر گۇۋاھچى زۆرۈر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شەرئى مەھكىمىسىگە بارغاندا، مەن سىزنى گۇۋاھچىلىققا تارتىمەن. قازى ئالدىدا مەن تەرەپتە تۇرۇپ، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرسىڭىز دەۋايىم ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقسا، سىزگە رازى بولۇپ ئاشقىدەك دەپئى ـ دۇنيا بېرىمەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسى پۈتۈشۈپتۇ.

ئاۋۇت گۇۋاھچىغا:

— ئۇنداق بولسا سىز بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كونا كارىز قۇدۇقىدىن مەن ئولتۇرغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە لەخمە تېشىڭىز، مەن دەل ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىپ قويىمەن. سىز شۇ يەردە بىزنىڭ گېپىمىزنى تىڭشاپ تۇرىسىز، — دەپ گۇۋاھچىغا ھەممە گەپ ـ سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. ئاۋۇتنىڭ سۆزىنى قۇلاقتا چىڭ تۇتقان گۇۋاھچى ئالتۇندەك نومۇسىنى كېپەككە سېتىپ، يەر ئاستىنى خۇددى چاشقاندەك كولاپ، بەلگىلەپ بەرگەن يەردە يېتىپتۇ.

شەرئى مەھكىمىسىدە دەۋا بىر تەرەپكە ئايرىلماي تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىپتۇ.

## گۇۋاھچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر مەھەللىدە داۋۇت، ئاۋۇت دېگەن ئىكـ
كى ئادەم يېقىن قوشنا بولۇپ ياشايدىكەن، ئۇزۇن زامانلار ئۆتۇپ بۇ ئىككى
ئائىلە ئوتتۇرىسىدا يەر تالىشىش ماجىراسى چىقىپ قاپتۇ.

ئاۋۇت ئولتۇرغان ئۆينى ئەسلىدە يېقىن قوشنىسى داۋۇتنىڭ
ئاتىسىدىن يىللىق ئىجارىگە ئالغانىكەن. ئايلار، يىللار ئۆتۇپ
داۋۇتنىڭ ئاتىسى كېسەل بولمايلا ئۇشتۇمتۇت قازا تېپىپتۇ. مىراسـ
نىڭ بالىلارغا قالغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئاۋۇت كۆڭلىـ
دە «داۋۇتنىڭ ئاتىسى تۇيۇقسىز قازا تاپتى، بالىلىرىغا ۋەسىـ
يەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ يۈرگەندە، ئۇلار بالىلار
ئارىسىغا كىرىشىپ ئۇرۇشۇپ، ئىككى قوشنا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ماجىرا
تۇغۇلۇپ قاپتۇ.

داۋۇت ئۆيدىن كۆچۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئاۋۇت
تەپ تارتماي: «بۇ زېمىننى ئاتامدىن ئالتۇن - كۈمۈشكە سېتىۋالـ
غان» دەپ ئۆكتەملىك قىلىپ ئۆيدىن كۆچۈپ بېرىشكە زادى
ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ئامالسىز قالغان داۋۇت شەرئىي
مەھكىمىسىگە بېرىپ ئەرزىيەت ئېيتىپتۇ، بۇنىڭدىن
خەۋەر تاپقان ئاۋۇت ھامان ئۆزىنىڭ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ مەھكىمىگە چاقىرتىشتىن ئىلگىرى ھارام يەپ
ئۆگەنگەن بىر تونۇشىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ.

ئىشقا سېلىپ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان يەرنى كۆرسىتىپ:

— قازىم، مۇشۇ بەرنى تېپىپ: «بۇ يەر كىمگە تەئەللۇق؟» دەپ سوراپ باقسىلا. يەردىن قانداق زۇۋان چىقسا شۇ بويىچە بولسۇن. بۇ ھەقتە مېنىڭ ھېچقانداق دەۋا - دەستۇرۇم يوق، - دەپتۇ.

ئاۋۇتنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران قېلىشقان كىشىلەر قازىنىڭ يەرنى تېپىپ كۆرۈشىنى قوللاپتۇ. قازى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە:

— ھەي زېمىن، سەن كىمنىڭ مىراسى؟ — دەپ تەپكەندە، يەر ئاستىدىن ئاستا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— مەن ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئاۋۇتقا مەنسۇپ، ئۇنىڭ مېنى ئالتۇن - كۈمۈشكە ئالغانلىقى راست.

بۇنى ئاڭلىغان خالايىق ھەيران قېلىپ، بۇ جاينى ئاۋۇتقا تەئەللۇق قىلىپ بويرۇشقا تەق بولغاندا، زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ۋارىسى بولغان داۋۇت بۇنىڭغا قەتئىي نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە:

— جانابىي قازى، مۇپتى ۋە جامائەتكە مېنىڭمۇ بىر تەلىپىم بار، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر سىر بار، دۇنيادا نەدىمۇ يەردىن زۇۋان چىققان ئىش بار؟ مۇشۇ زۇۋان چىققان يەرنى تېشىپ كۆرسەك، — دەپتۇ. بۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىغان بىر بۆلۈك ئادەملەرمۇ مىراس ۋارىسىنىڭ بۇ ھەققانى تەلىپىنى قوللاپ، زۇۋان چىققان يەرنى تېشىپ قارىسا، بىر ئادەمنىڭ دۈگدىيىپ ئولتۇرغانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. ئاردىن بىرسى:

— ھەي، كىم بولىسەن؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ئۈنلۈك توۋلاپتۇ.

مۇتتەھەم ئاۋۇت ئۆز ھېيلىسىنى ئىشقا سېلىپ قا-
زىغا دەپتۇ:

— جانابىي قازى ئالەم، يۇرت كاتتىلىرىغا بىر ئىل-
تىماسىم بار، سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلسىلا.

— ھە، سۆزلە، — دەپتۇ قازى.

— بۇ جاينى مەن ئەسلىدە بۇلارنىڭ ئاتىسىدىن
ئالتون - كۈمۈشكە سېتىۋالغان، ئۇ چاغدا بۇ باللار كى-
چىك، ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئوتتۇردا پۈتۈشكەن
مۆھۈرلۈك خەت دىققەتسىزلىكتىن يوقاپ كەتتى. بۇ جاي
مېنىڭمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ئاشۇ زېمىن زۇۋان قىلسا، قازى-
قۇززاتلىرىم ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئاڭلاپ باقسىكەن، —
دەپتۇ ئاۋۇت. قازى بۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ،
سوراقنىڭ داۋامىنى ئەتە نەق مەيداندا داۋاملاشتۇرۇدىغان-
لىقىنى ئېيتىپتۇ. ھېيلىگەر ئاۋۇت قازىنىڭ موپتىسى ئارقىلىق
قازىغا بىر تون ۋە باشقا نەرسىلەردىن تەييارلاپ كىر
گۈزۈپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى قازى موپتىسىنى باشلاپ نەق مەيدانغا كې-
لىپ سوراقنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇ زېمىن ئەسلى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىكەنلىكى، ئاۋۇت-
نىڭ مۇتتەھەملىك بىلەن ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتقانلىقى كۆپ-
چىلىككە ئايان بولۇپ قېلىشى تايىن تېپىپ قالغاندا،
ئاۋۇت قازى ئالدىدا تىز پۈكۈپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ:

— ھۆرمەتلىك قازىم ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئالدىدا
بىر ئىلتىماسىم بار، قەغەز پاكىت مۇھىممۇ ياكى ئاغزاكى
پاكىت مۇھىممۇ؟ — دېگەندە، قازى ئويلانماي تۇرۇپ، يەڭ-
گىللىك بىلەن «ئاغزاكى پاكىت مۇھىم» دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ. قازىنىڭ جاۋابىنى ئالغان ئاۋۇت ئۆزىنىڭ ھېيلىسىنى

## خاسىيەتلىك تاش

بۇرۇنقى زاماندا بەختى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنى-
كەن. ئۇ كىچىكىدىلا ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەچكە،
دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەنىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ،
بەختىنىڭ دادىسىغا ئەجەل يېزىلىپتۇ. سەكراتقا چۈشكەن
دادا بەختىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. كۈنىمىز
غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەچكە ساڭا ھېچنەرسە مىراس قالدۇرا-
لمىدىم. ئەمما، ماۋۇ تاشنى ئېھتىيات بىلەن ساقلا، ھاجە-
تىڭگە ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ — دە. تۆش
يانچۇقىدىن ياڭاقچىلىك بىر تاشنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

— دادا، — دەپتۇ بەختى، — بۇ ئادەتتىكىچە بىر تاش
ئىكەنغۇ؟

— ئوغلۇم، — دەپتۇ دادىسى بەختىگە، — بۇ بەكمۇ
خاسىيەتلىك تاش، مەن باينىڭ ئېتىزلىقىدا ئىشلەپ يۈر-
گەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۇسساپ كېتىپتىمەن، سۇ ئىچكىلى
بۇلاق بېشىغا باردىم، قارىسام بۇلاقتا بىر ئەمچان بېلىق
لەيلەپ يۈرۈپتىكەن. ئىچىم ئاغرىپ ئۇنى قۇتقۇزدۇم. بۇ تاشنى
ئۇزۇۋالاندۇردۇم. بېلىق ئاچارچىلىقتىن چىقىپ بەرگەن.
ئاشۇ بېلىق بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئېلىپ مېنىڭ ئۆلۈم دەھشە-
تاشنى بىرنۆۋەتتىپ: «ھەي ئادەم! شەن

ھېلىقى يەر ئاستىدا چاشقاندەك دۈگدىيىپ ئولتۇرغان ئادەم دۇدۇقلاپ:

— مەن ئادەم بولىمەن، گۇۋاھچى بولىمەن، مېنى ئاۋۇت ئۆيگە چاقىرىپ، گېلىمنى مايلاپ: «ماڭا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسەڭ، ساڭا ئۆمۈر بويى يەپ تۈگەتكۈسىز دەپىنى - دۇنيا بېرىمەن» دېۋىدى، بولمىغۇر ئىشنى قىلىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، تۇرۇۋېتىمەن. يۇرت ئەھلى گۇناھىمنى كەچۈرسە، — دەپتۇ.

مىراسنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى ۋە جامائەت ئۇنىڭغا غەزەپ - نەپرەت ۋە لەنەت ياغدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نومۇسىنى سېتىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن گۇۋاھچىنى كۆپچىلىك تەگرى ئىلاھىدىن تىلەپ، دۇئايى بەنت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ چاشقانغا ئايلىنىپ، مەڭگۈ يەر ئاستىدا ھايات كەچۈرىدىغان بولۇپ، يەر ئۈستىگە چىقسىلا، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ مۈشۈككە يەم بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

جامائەت ھېلىقى پارىخور نەپسانىيەتچى قازىنىمۇ قازىلىقتىن يىقىتىپ، ئادالەت ۋە مەرىپەتپەرۋەر بىرەيلەننى قازىلىققا سايلاپتۇ. شۇندىن كېيىن يۇرت ئىچىدە بۇخىل سوراقلار ناھايىتى ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىپ، ناھەقچىلىق ۋە ئالدامچىلىققا، يالغانچى - كاززاپ ئادەملەرگە پەقەت ئورۇن قالماپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۆمەر باقى

قاپ سۆيىنى چاشقاننىڭ ئاغزىغا تىمىتىپتۇ. ئۇلار ھالەتتە ياتقان چاشقان شۇ ھامان بىر سىلكىنىپ ماغدۇرىغا كىرىپتۇ ۋە زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ياخشى ئادەم، رەھمەت ساڭا، مەن ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرەر ئىدىم. بەختسىزلىك قىلىپ ھاروا چاقىنىڭ ئاستىدا قالدىم. ئۇلار ھالەتتە تۇرغىنىمدا مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ. مېنىڭمۇ شەپقەتكە جاۋاب ياندۇرغۇم بار، نېمە قىلىپ بېرەي؟ — دەپتۇ.

— ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ بەختى. — ئېشىگىنى ئاشاپ، يېشىگىنى ياشاپ يۈرۈۋەرگىن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ چاشقان. — مەن ساڭا بىر تال تۈكۈمنى يۇلۇپ بېرەي، قاچانكى ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە كۆيدۈر، مەن قېشىڭغا ھازىر بولىمەن.

بەختى يولغا راۋان بوپتۇ. كېتىپ بارغۇدەك بولسا ئۇلار ھالەتكە يەتكەن بىر يىلان ئۇچراپتۇ. بۇ يىلانغىمۇ ھېلىقى خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ ئىچكۈزگەندىكەن، سەللىمازا ساقىيىپتۇ - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شەپقەتلىك ئادەم، رەھمەت ساڭا، مەن يولدا كېتىۋاتاتتىم. بېلىمگە ئات دەسسەۋەتتى. ئاغرىق جېنىمدىن ئۆتكەندە ماڭا سېنى ئاللا ئۇزى يەتكۈزدى، ساقايدىم، ئەگەر خالىساڭ مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلسام؟

— ئەي يىلان، — دەپتۇ بەختى جاۋابەن، — ماڭا ھازىرچە ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، ئوينىپ، ياشاپ يۈرۈۋەرگىن.

بەختى يىلان بىلەن خوشلىشىپ ماڭماي دېيىشىگە يىلان:

— ئەي ئادەم، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مېنىڭ پوستۇمـ

تىدىن قۇتۇلدۇردۇق. قورسىقىمنى تويدۇردۇق. سېنىڭ مۇشۇ ياخشىلىقىڭغا مېنىڭمۇ بىر ياخشىلىق قىلغۇم كەلدى. بۇ تاش دۇنيادىكى 72 خىل ئەتىۋار دورىلارنىڭ زەررىلىرىدىن ياسالغان. جېنى تېنىدىن چىقمىغان ھەرقانداق ئېغىر كېسەلگە مۇشۇ تاشنى چايقاپ ئىچكۈزسە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ» دېگەنىتى، نېمە ئۇچۇندۇر بۇ تاش مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن. ھازىر ساڭا قالدۇردۇم، مەن بۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ شىپاسىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى ساقىيىپ يەنە باي - بەگلەرنىڭ زۇلۇمىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرۈشكە رايىم يوق...

بەختىنىڭ دادىسى شۇ سۆزلەرنى دەپلا جان ئۈزۈپتۇ.

بەختى كەمبەغەل يوقسۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. قايسى بىر كەمبەغەل ئاغرىپ - سىلاپ قالغۇدەك بولسا ئۇ ھەق ئالمايلا ھېلىقى خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ، سۈيىدە داۋالاپ ساقايتىپ قويىدىكەن.

بۇ ئىش يېقىن - يىراقلارغا داڭ كېتىپتۇ. يۇرت بېگى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تاشنى تارتىۋالماقنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بەختى ئەھلى - مەھەللىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچىدىلا ياقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ...

ئۇ نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. نەچچە تاغدىن ئېشىپ، تالاي چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ، چوڭقۇر دەريالارنى كېچىپ، ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. سەپەر قىلىۋېتىپ، يولدا يېرىمجان بولۇپ ياتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپتۇ. ۋە «بۇمۇ خۇدا ياراتقان مەخلۇق، ساقايتىپ قوياي» دەپ ئويلاپ، خاسىيەتلىك تاشنى چاي-

— مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، رەھمەت ساڭا! — دەپتۇ ئۇ. — بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ساڭا قۇل بولاي!

— ئاتا - ئانىسىز بىر يېتىممەن، — دەپتۇ بەختى، — باشقىلارنى قۇل قىلىشنى خالىمايمەن. ئەگەر خالىساڭ ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك دوست بولايلى.

بەختىنىڭ تەكلىپىنى يىگىتمۇ ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئىككىسى ئۆمۈرلۈك دوستلۇققا ۋەدىلىشىپ بىللە يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار سەپەر رىيازىتىنى تەڭ تارتىپ، تاپقىنىنى بىللە يەپ، ئۇزاق يوللارنى باسقاندىن كېيىن بىر شەھەرگە ئۇلىشىپتۇ. بۇ شەھەر باشقا بىر مەملىكەت شاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن. شاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇن يىلدىن بۇيان كېسەل دەردى بىلەن يېتىپ قالغانىكەن. پادىشاھ قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، قىزىنى كۆرسەتمىگەن تىۋىپ، يېگۈزمىگەن دورا، قىلمىغان سەۋەب قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايمىغانىكەن. پادىشاھ ئاخىرى تەرەپ - تەرەپكە ئېلان چىقارغان ۋە «كىمكى قىزىمنىڭ كېسىلىنى ساقايتسا ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىمەن ھەم شاھلىق تەختىمنى بېرىمەن» دەپ جاكالىغانىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەختى ۋە ئۇنىڭ دوستى نۇرغۇن كېڭىشىپ، ئەتىسىلا ئوردىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما شۇ كېچىسى ھېلىقى يىگىتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، خاسىيەتلىك تاشنى ئوغرىلىۋاپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزىنى ساقايتىشقا ئادەم كەلگەنلىكىدىن ۋاقىت بولۇپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە تەخىرسىز قىزى ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. قىز خاسىيەتلىك تاشنىڭ ھېكمىتى بىلەن دەرھال ساقىيىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ۋە باشتىكى ۋەدىسىگە

دىن ئېلىۋال، قاچان خىزمىتىم كېرەك بولسا ئۇنى ئوتقا ياق، مەن قېشىڭدا ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ.

بەختى مەنزىللەرنى بېسىپ خېلى يول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا كۆزى يول ياقىسىدا ئۇچالماي قىينىلىۋاتقان ھەرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بۇ ھەرىگىمۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزگەنىكەن، ھەرە شۇ زامان قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دىلى يۇمشاق ئادەم، رەھمەت ساڭا، مەن ھارۋىكەشنىڭ قامچىسىنىڭ زەخمىدىن بىر قاناتتىن ئايرىلىپ ئۇچالماي قالغانتىم. سەن ماڭا رەھىم قىلىپ ئەسلى ھالىتىمگە قايتۇردۇڭ. مەن ساڭا قانداق خىزمەت قايتۇراي؟

— ئەي جانىۋار، — دەپتۇ بەختى، — سەن گۈل تېرىپ، يەپ ئەلگە ھەسەل بېرىپ يۈرۈۋەرگىن. ماڭا ھازىرچە ھېچقانداق خىزمەت لازىم ئەمەس.

ئەمما ھەرە بەختىنىڭ بېشىدا نەچچە ئايلىنىپتۇ ۋە بۇرۇتىدىن بىر تالنى يۇلۇپ بەختىگە بېرىپ دەپتۇ:

— بۇ بىر تال بۇرۇتۇمنى ساقلاپ قوي، ناۋادا خىزمىتىمگە ھاجىتىڭ چۈشسە ئوتقا ياققىن، مەن ھازىر بولىمەن.

بەختى ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىپ بارغۇدەك بولسا ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بىر ياش يىگىتنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ، سامانىدەك سارغىيىپ، بىھوش ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ھالدىن بەختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ، ئۇ دەرھال خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ، سۈيىنى ھېلىقى يىگىتنىڭ لېۋىگە قۇيۇپتۇ. ئۇ يىگىت دەرھال مادارىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

ھال قىزنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپتۇ. بەختى خاسىيەتلىك تاشنىڭ ياردىمى بىلەن قىزنى سەللىمازا ساقايتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى كېسەلدىن ساقىيىپ بولۇپ قارىغۇدەك بولسا، قېشىدا ئاھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك. ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بەختىنىڭ قولىدىن يېتىلگىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ...

پادىشاھنىڭ ھەسەتخور ئەمەلدارلىرىدىن بىرسى بەختىنىڭ كەمبەغەللىكىنى باھانە قىلىپ پادىشاھنى ۋەدىسىدىن قايتۇرماقچى بولغانىكەن، شاھ ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ، ئەمما قىزى دادىسىغا:

— دادا، ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال بولمىقى كېرەك. شاھلار تېخىمۇ شۇنداق قىلمىقى لازىم. بۇ يىگىت مېنى كېسەلدىن ساقايتتى. شۇڭا ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، — دەپتۇ.

شاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بەختىنىڭ تېبابەتچىلىكتە تەگدىشى يوق بولسىمۇ، ئەقىل - ئىدراك جەھەتتە قانداقلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن بىر نەرسە دېمەكچى بولغانلىقىنى جاكالاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئات ۋە جابدۇقلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان 40 مەپە ھازىرلاپتۇ. مەپىلەرنى بەختىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈدىغان بوپتۇ. ناۋادا مۇشۇ مەپىلەرنىڭ قايسىسىدا مەلىكىنىڭ بارلىقىنى تاپالىسا، ئاندىن بەختى بىلەن قىزنى تويلاپ قويىدىغان بوپتۇ.

بەختى ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ھەرىنى ئېستگە چۈشۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ بۇرۇتىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. ھايال ئۆتمەي ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچقىنىچە بەختىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

بىنائەن تويى تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپتۇ. بۇ خەۋەر بىر-دەمدە پۈتكۈل شەھەرگە تارىلىپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەختى دوستىنىڭ ۋاپاسىز-لىقىدىن بەكمۇ غەزەپلىنىپتۇ. ئەمما شاھقا كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغان ۋاپاسىزغا قانداق تەڭ كېلىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي بېشى تازا قېتىپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە چاشقان، يىلان، ھەرىلەرنىڭ ۋەدىسى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ چاشقاننىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپتىكەن، ھايال ئۆتمەي چاشقان پەيدا بوپتۇ. بەختى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چاشقان «خاتىرجەم بول، ئەتە سەھەردىلا خاسىيەتلىك تېشىڭ قولۇڭغا تېگىدۇ» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. راست دېگەندەك ئەتىسى سەھەردە چاشقان بەختىنى ئويغىتىپ ھېلىقى تاشنى تاپشۇرۇپتۇ. بەختى خاسىيەتلىك تاشنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يىلاننىڭ پوستىنى ئوتقا يېقىپتۇ. ھايال ئۆتمەي يىلان ھازىر بوپتۇ ۋە بەختىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن «قايغۇرما، مەن ھا-زىر بېرىپ ھېلىقى ۋاپاسىزنى چېقىپ ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن كېيىن شاھنىڭ قىزىنى چاقىمەن، قىزنى قولۇڭدىكى تاش-نىڭ خاسىيىتى بىلەن ساقايتىۋالىسەن. شۇنداق قىلىپ شاھمۇ بولىسەن، قىزنىمۇ ئالىسەن...» دەپ چىقىپ كېتىپ-تۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا شەھەردە: «شاھقا كۈيئوغۇل بولغۇچى كىشى ئۆلۈپتۇ، شاھ قىزى يەنە بۇرۇنقى كېسەل ھالىغا كېلىپ قاپتۇ...» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ جاكارچىلار كوچىغا چىقىپ پادىشاھ-نىڭ پەرمانىنى ئاڭلىتىشقا باشلاپتۇ.

بەختى ئاردىن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئوردىغا بېرىپتۇ، ئۇ قىزنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن، دەر-

## ئالا مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى

ئانا مۈشۈك ئاسلانلىرى بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇدىكەن، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئانا مۈشۈك بىلەن بالىلىرى يۈز قوللىرىنى يۇيۇپ تۇرىدىكەن. پەقەت بىرلا سېرىق ئاسلان دائىم يۈزىنى يۇماستىن شالتاق پېتى سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى ئانا مۈشۈك ئاسلانلىرىغا:

— باللىرىم، ھەممىڭلار ئالدىمغا كېلىڭلار! — دەپتۇ.

بىر توپ ئاسلان ئانىسىنىڭ يېنىغا ئولىشىپ «مىياڭ - مىياڭ» قىلغان ھالدا:

— ئانا، بىزەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قاراڭلار، باللىرىم، بۇ سېرىق ئاسلاننىڭ يۈزىگە قانداق تۇرىدۇ؟ — دەپتۇ ئانا مۈشۈك.

ئاسلانلار بېشىنى سىڭايان قىلىپ سېرىق ئاسلانغا قارىغاندىن كېيىن:

— ئۇ يۈزىنى يۇماپتۇ! — دېيىشىپتۇ.

— شۇنداق! باللىرىم، ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلاركى، قانداقلىكى بىر نەرسە يېسەڭلار چوقۇم يۈزۈڭلارنى پاكىز يۇيۇشۇڭلار كېرەك.

سېرىق ئاسلان تىلىنى چىقىرىپ كالپۇكىنى يالاپ تۇرۇپ:

— نېمە ئۈچۈن، ئانا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سىلەرگە ئالاپ مۈشۈك

— ئەي شەپقەتچىم، بۇنىڭدىن ئاسان ئىش يوق. مەپىلەرنى ئالدىڭدىن ئۆتكۈزگەندە مەن قايسى ئاتنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگەن بولسام، سەن ئىككىلەنمەستىنلا شۇ مەپىگە چىققىن، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەپتۇ. جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىشىپ ئويمۇ - ئوخشاش جابدۇلغان 40 مەپە كەپتۇ، بەختى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ مەپىلەرگە زەڭ سېلىپ قاراپتۇ. بىرىنچى مەپە ئۆتۈپتۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى مەپە ئۆتۈپتۇ، ئونىنچى، 20، 30 - مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بەختى بولسا جىم تۇرغۇدەك. مەيدانىغا يىغىلغان خالايىقلار ھاياجانلىنىپ پىچىرلاشقىلى تۇرۇپتۇ. 38 - مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بەختى ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن مەپىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ھەرە كۆرۈنمەيدىكەن.

39 - مەپە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھەرە ئاتنىڭ بېشىدا غوڭۇلداپ ئۇچۇپ تۇرغۇدەك. بەختى يۈگۈرۈپ بارغىنىچە مەپىگە چىقىپتۇ. راست دېگەندەك، شاھ قىزى مۇشۇ مەپىدە ئىكەن. بەختى مەپىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئىچىۋېتىپتۇ. يىغىلغان خالايىق بارىكاللا ئوقۇپتۇ.

مەپە ئۇدۇل ئوردىغا ھەيدىلىپتۇ. پادىشاھ شەھەر خەلقىنىڭ ئالدىدا لەۋزىدىن تېنىۋالالماپتۇ - دە، بەختىنى پادىشاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. 40 كېچە - كۈندۈز تويىدىن كېيىن قىز - يىگىت مۇرادىغا يېتىپتۇ. بەختى ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: نىياز ناخۇن.

قان، ئۇنىڭ ئاغزىدا بوۋاقنىڭ قولىقى تۇرغۇدەك.
ئەر خوجايىن ئۆلۈك چاشقاننى خوتۇنىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— سەن خاتا قىپسەن، ئەھۋالنى ئۇقماي ئالا مۇشۈككە ناھەق ئازار بېرىپسەن! — دەپتۇ.
ئايال خوجايىن ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىغا بەك پۇشايمان قىپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن دەرھال كېلىپ داداڭلارنىڭ پۇتىنى تېڭىپتۇ ۋە شۇندىن كېيىن ئۇلار پات-پات داداڭلاردىن ئەپۇ سوراپ: «بىزنى كەچۈرگىن، سىنى خاتا ئەيىبلەپتۇق!» دەيدىغان بوپتۇ.
بالىلىرىم، ئاشۇ چاغدا داداڭلار ۋاقتىدا يۈزىنى يۇيۇپ، ئاغزىدىكى قان يۇقىنى تازىلىۋەتكەن بولسا، ئايال خوجايىنمۇ ئۇنى خاتا ئەيىبلىمىگەن بولاتتى. بالىلىرىم، سىلەر بۇ ساۋاقنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاپ بىر نەرسە يېگەندىن كېيىنلا چوقۇم يۈزۈڭلارنى يۇيىدىغان بولۇڭلار!
سېرىق ئاسلان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلىنىپتۇ ۋە دەرھال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يۈزىنى يۇيۇپتۇ. باشقا ئاسلانلارمۇ بىر-بىرىگە قارىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىل بولغان ھالدا:
— ئانا! دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم ئەستە ساقلايمىز! — دەپتۇ.
ئەنە شۇندىن ئېتىبارەن ئاسلانلار بىر نەرسە يېگەندىن كېيىنلا يۈز يۇيۇشنى ئۇنتۇمايدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇقادىر ئىبراھىم

داداڭلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسەم قانداق؟— دەپتۇ
ٸانا مۇشۇك.
— ۋاي مەقۇل، ئوبدان تىڭشايمىز، ٸانا!
ٸاسلانلار ٸانىسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ تە-
قەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.
— سىلەرنىڭ داداڭلار يۈزىنى يۇمغانلىقى سەۋەبتىن، خو-
جايىن ئۇرۇپ بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن.
بۇنى ٸاڭلىغان ٸاسلانلار چۆچۈگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارى-
شىپتۇ:
— بۇ زادى قانداق ۋەقە، ٸانا؟— دەپ سوراپتۇ:
— ھەي بالىلىرىم! بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق: ٸاشۇ بىر
يىلى ٸايال خوجايىن ئەمدىلا بىر ٸايلىق بولغان بالىسىنى كاڭ
ئۈستىدە ئۇخلىتىپ قويۇپ، كوچىغا سودىلىققا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ
چاغدا، چوڭ بىر چاشقان كاڭغا چىقىپ بوۋاقنىڭ قولىقىنى چىش-
لەپ ئۈزۈۋاپتۇ - دە، بەدەر قېچىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان دا-
داڭلار قوغلاپ بېرىپ، ھېلىقى چاشقاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن بوۋاقنىڭ يۈزىدىكى قاننى كۆرۈپ، يالىغىلى
تۇرۇپتۇ. خېلى بىردەم يالاپ تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر-
چەتكە بېرىپ مۈگدەپ يېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ٸايال خو-
جايىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بوۋاقنىڭ قولىقىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى
ۋە داداڭلارنىڭ ٸاغزىنىڭ قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە،
غەزىپى تۇتۇپ:
— ھۇ، بېشىڭنى يېگۈر، ٸالا مۇشۇك!— دەپ تىللاپ، ئى-
شىك تاقايدىغان دەم بىلەن داداڭلارنىڭ پۇتىغا قاتتىق ئۇ-
رۇپتۇ. داداڭلارنىڭ جېنى قاقشاپ، ٸاقساقلىغان پېتى ئۆيى-
نىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋاپتۇ. بىرٸاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەر خوجايىن
قايتىپ كەپتۇ. ئۇ يەرگە قارىسا يوغان بىر ئۆلۈك چاشقان يات-

چىلبۆرە تۇسۇپ چاك سالاي دېگەندە، قاتتىق ۋارقىرىغان پېتى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چۈشىنى ئەسلەپ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. بەھوش بولۇپ ھوجرىسىدىن چىقالماي يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋەزىر-ئۆلىمالار پادىشاھنىڭ ھوجرىسىغا يىغىلىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھتىن سوراپتۇ:

— ئەي ئادالەتلىك، سەلتەنەتلىك شاھىم، ئالىملىرىغا نېمە مالاللىق يەتتى؟

ئوسمان شاھ خامۇش ۋە پەرىشان ھالدا ئۇلارغا كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ ۋە ئۇلار چۈشىنىڭ بىر كېلىشمەسلىكتىن بىشارەت بېرىدىغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، شاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ھېچكىم تەبىر بېرەلمەپتۇ. ئارىدىن يەنە ئوڭ قول ۋەزىر سۆز ئېلىپ:

— ئى قۇدرەتلىك پادىشاھى ئالەم، ياخشى چۈش بولسۇن ۋە ياكى يامان چۈش بولسۇن، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش، سەدىقە بېرىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى. — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ مۇنداق ئورۇنسىز چىقىم ئۇچۇن ئىچى ئاداپ تۇرسىمۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. بىراق ئۇزۇن يىل ئامباردا ساقلىنىپ، كۆكىرىپ كەتكەن ئاشلىقلارنى، قېرى ۋە ئورۇق كالا-ئاتلارنى ئىشلىتىشكە بۇيرۇپتۇ. نەزىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئوتتۇرا ياشلىق بولسىمۇ، چاچ-ساقىلىنى دەرۋىشلەردەك ئۆستۈرۈۋەتكەن، چېقىر كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، بەلبېغىغا ساپايى قىستۇرۇلغان جۇل-جۇل كىيىملىك بىر كىشى پەيدا بولۇپ، يەرنى سۆيۈپ تازىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئەي سېخىيلارنىڭ سەردارى، ئاجىزلارنىڭ غەمخورى، شانۇ شەۋكەتلىك ئۇلۇغ شاھ، شۇ خاسىيەتلىك جۈمە كۈندە جاناپلىرىدىن بەش دانە تىللا سەدىقە تىلەيمەن، — دەپتۇ.

## ئاچكۆز شاھنىڭ توۋا قىلىشى

بۇرۇنقى زاماندا ئوسمان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنە-
كەن. ئۇ مال - دۇنياغا زادى تويماس ئاچكۆز ئىكەن. شۇڭا
ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئاستىغا خەزىنە سالدۇرۇپ، ئىشىكى
ئۈستىگە ئۆز تەختىنى قۇرغانىكەن. كۈندۈزى پادىشاھلىق قىل-
سا، كېچىسى دەككە - دۈككىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ
تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قېلىپ ئاجايىپ بىر چۈش
كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ بىر گۈزەل باغقا كىرىپ قاپتۇ. ئەتراپقا
نەزەر سالغۇدەك بولسا، باغدىكى ھەممە - گۈل - گىياھلار، دەل - دە-
رەخلەر ئالتۇندىن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. ئوس-
مان شاھنىڭ خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتماي: «ئەمدى مۇ-
رادىمغا يەتتىم. بايلىقتا قايسى پادىشاھ ماڭا تەڭ كېلەلىسۇن!»
دېگەن خىيال بىلەن باغدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىش-
تۇرۇپ خەزىنىگە قاچىلىماقچى بوپتۇ. ياساۋۇللىرىغا دەرەخلەرنى
كېسىپ، گۈل - گىياھلارنى قومۇرۇپ ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئارىدىن
كۆپ ئۆتمەي كېسىلگەن دەرەخلەر، گۈل - گىياھلارنىڭ ئورنىدىن
قاپقارا جىغان - تىكەنلەر ئۈنۈپ چىقىپ، يىرتقۇچ ھايۋان، يىلان-
چايانلار پەيدا بولۇپ، ياساۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ ئۆلتۈ-
رۈپتۇ. بىر دەمدىلا شۇنچە گۈزەل ماكان ھۇقۇشلار ئۇۋۇسىغا ئاي-
لىنىپتۇ. پادىشاھ قورقىنىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، جىغان-
تىكەنلەرگە دەسسىگەن ھالدا قېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى بىر

بۇ پەرماندىن خەۋەر تاپقان قۇددۇس ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، «كېسەل بولۇشۇمغا سەۋەبچى بولغان بۇ قەلەندەر ئەمدى جېنىمغا زامىن بولىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ. ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ، تىلى گەپتىن قاپتۇ. قۇددۇس گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بىر تەرەپتىن شاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شېرىن سۆزلەر بىلەن شاھنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ئېلىپ كەلگەن دورىلارنى ئىچكۈزۈپتۇ. ئۇزۇنغا قالماي پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئازراق ئېچىلغاندەك بوپتۇ. شاھقا تېۋىپنىڭ دورىلىرىدىن كۆرە سۆزلىرى كۆپرەك داۋا بوپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، پادىشاھ خېلىلا ياخشىلىنىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە رەنا كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە قۇددۇسقا تەشەككۈر بايان قىپتۇ. شۇ چاغ دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرگەن شامال مەلىكىنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ چىرايىغا كۆزى چۈشۈپ قالغان قۇددۇسنىڭ يۈرىكىگە مەلىكىنىڭ بەرگى قىياقتەك قاشلىرى ئوقيادەك سانچىلىپ، ئىشىق نەشتىرىنى ئۇرۇپتۇ. شامال ئېلىپ كەلگەن ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن قۇددۇس ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ. مەلىكە ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ خېزىنىچىسىگە قۇددۇسنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن چوڭ تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئەي شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھىم، — دەپتۇ قۇددۇس، — مەن ئۆزۈمنى خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىشلارغا بېغىشلىغان بەندىمەن. ئالىيلىرى بەرگەن بەش تىللا ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ. ماڭا ئارتۇقچە بىر نەرسە كېرەك ئەمەس.

بۇ گەپ پادىشاھقا ياغدەك خۇش يېقىپتۇ. قۇددۇسنىڭ شۇنداق ئاق كۆڭۈل ۋە خالىسلىقىغا ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ ھەيران قاپتۇ.

— سەن قەيەرلىك؟ ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ ئۇنىڭدىن شاھ.

— مەن بىر غېرىب مۇساپىرمەن، ئىسمىم قۇددۇس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەلەندەر.

— بەش تىللانى نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مەن بىر مۇنەججىم تېۋىپمەن، — دەپتۇ قۇددۇس، — ئالىيلىرى بەرگەن پۇلنى غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا سەرپ قىلىمەن.

بېخىل شاھ خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىنى بىر كۆرسەتمەكچى بولۇپ، خەزىنىچىگە قۇددۇسقا بەش تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەزەلدىن خەير-ئېھسان دېگەننى بىلمەيدىغان بېخىل پادىشاھقا نەزىر ئۈچۈن بىر مۇنچە نەرسىلەردىن قۇرۇق قالغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە بەش تىللادىن قۇرۇق قالغىنى قاتتىق ئەلەم قىلىپ، ئوردىسىغا يېتىپ كېلىپلا بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان داڭلىق تېۋىپلار تەييارلاپ بەرگەن نى-نى ئېسىل دورىلار مۇ ئۇنىڭ كېسەلىگە قىلچە پايدا قىلماستىن، ئەكسىچە كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. پادىشاھ تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئۇ ئالەمگە سەپەرگە ھازىرلىنىپتۇ ۋە ئۆلۈمدىن كېيىن ۋەزىرلەرنىڭ تەخت تالىشىش ماجراسى قىلىپ، مەملىكەتنى ۋەيران قىلىش ھەتتا خەزىنىگە ياتلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يالغۇز قىزى رەنانى تەختنىڭ ۋارىسى دەپ جاكا قىلىپتۇ. رەنا پەرىلەردەك گۈزەل، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەلەمگە مۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر قىز ئىكەن. كىچىكىدىنلا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە دادىسىغا بەك ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ھالىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە: «كىم پادىشاھنى داۋالاپ ساقايتسا، ئۇ كىشىنىڭ نېمە تەلەپ-ئارزۇسى بولسا دەرھال بەجا كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپتۇ.

بىر باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەڭگە كېلىپ غىزالىنىپتۇ. غىزادىن كېيىن قۇددۇس تويدۇرماستىن پادىشاھنىڭ چېيىغا دورا بىھوشنى سېلىۋېتىپتۇ. چاينى ئىچىش بىلەنلا پادىشاھ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. قۇددۇس ئوردىدا تۇرغان مەزگىلدە ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە پادىشاھنىڭ قول يازمىسىغا ئوخشىتىپ مەلىكە رەناغا خەت يېزىپ پادىشاھنىڭ يېنىدىكى شاھانە ئالتۇن مۆھرىنى ئېلىپ بېسىپتۇ. پادىشاھنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئاتقا ئانجۇغىلاپتۇ ۋە ئۆتەڭدىن كۆپ يىراقتىكى ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر سايلىققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۆتەڭگە قايتىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ بارلىق نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىر جايغا يوشۇرغاندىن كېيىن، ئاتقا مىنىپ ئوردىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئەتىسى ئەل ياتقۇدا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. كېنىزەكلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى مەلىكە رەناغا خەۋەر قىلىپتۇ. مەلىكە رەنا: «سەپەر ئۈستىدە دادامغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟» دېگەننى ئويلاپ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، قۇددۇسنى قوبۇل قىپتۇ. قۇددۇس يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، شاھ ئوسماننىڭ مۆھرى بېسىلغان خەتنى مەلىكە رەناغا سۇنۇپتۇ. مەلىكە رەنا ئاتىسىنىڭ خېتىگە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. خەتتە: «دىلىمنىڭ ھۇزۇرى، پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى، قاناتىم مەلىكە رەناغا! سالامدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، بىر كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا ئانىڭىز رەھمەتلىكنىڭ ۋەسىيىتى يادىمغا چۈشۈپ، مەرھۇمنىڭ روھىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىزنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ھەجگە ئېلىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ تېزدىن قۇددۇس بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىڭ! دۆلەت ئىشلىرىنى ئەخمەت ۋەزىر باشقۇرۇپ تۇرسۇن» دەپ يېزىلغانىكەن. مەلىكە رەنا خەتنى ئوقۇپ،

پادىشاھ ئۇنى ئۆزىگە مەخسۇس تىۋىپ قىلىپ، ئېسىل سەرپايلارنى ئىنئام قىپتۇ، ئوردا ئەھلى ئۇنى تەبرىكلىشىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇددۇس پادىشاھقا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ھازىر خېلىلا ياخشىلىنىپ قالىلا. ئەمما كۆڭۈللىرىنى بىر ئەنسىزلىك چىرماپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەنسىزلىكنىڭ بىردىن - بىر شىپاسى ھەج سەپىرىگە بارغاچ شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشتۇر. سەپەر ئىنساننى غەم-غۇسسىدىن خالاس قىلىپ، ئۆمرىنى ئۇزارتقۇسى.

ئەسلىدە پادىشاھ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، چىقىمدار بولۇشتىن قورقۇپ بارمىغانىكەن. قۇددۇسنىڭ بۇ گېپى پادىشاھقا ماقۇل كەپتۇ. ئۇ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە سەپەرگە چىقىدىغانلىقى، سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە دۆلەت ئىشلىرىنى مەلىكە رەنا باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكالاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۇرت ئەھلى ئىچىدە كەمبەغەل يوقسۇللار بىر مەزگىل بولسىمۇ پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا خۇشال بولۇشۇپتۇ. لېكىن ئەمەلدارلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى پادىشاھقا قىلىنىدىغان سوۋغا - سالامنىڭ ئۆزلىرىگە ئېغىر يۈك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ غەمگە چۆكۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ سەپەرگە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە، قۇددۇس پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپتۇ. شاھنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، خۇشامەت قىلىپ ھارماپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى پادىشاھقا تېخىمۇ ياراپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ ۋە ئۇنى سەپەردە ئۆزىگە ھەمراھلىققا تاللاپتۇ. ئۈچ كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ قۇددۇس بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار تېنىمسىز يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، كۆز باغلانغان مەھەلدە

بىزنى مۇراد-مەقسىتىمىزگە يەتكۈزۈپتۇ.

تاقىتى-تاق بولغان قۇددۇس مەلىكىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن ئۆزىنى مەلىكىگە ئېتىپتۇ. مەلىكە يەنە چاقچاقلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ناز كۈلكىسى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ رام قىلىپ:

— ئالدىرىماڭ، ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ، — مۇسۇلمان ئەھلىگە نىكاھسىز بىرگە بولۇش گۇناھدۇر. سىز ئاۋۋال تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىڭ، ئاندىن ئۆزىڭىز بىلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، مېنى ئۆزىڭىزگە نىكاھ قىلىڭ. ئاسماندىكى كۈن ئىككىمىزنىڭ قىيامەتلىك ھالال جۈپ بولغانلىقىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن...

بۇگەپنى ئاڭلىغان قۇددۇسنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە دەرھال رازىلىق بىلدۈرۈپ. قۇدۇقتىن سۇ تارتماقچى بوپتۇ. چېلەكنى سۇغا تولدۇرۇپ يۇقىرىغا تارتىۋاتقىنىدا مەلىكە ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەپتۇ-دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قۇدۇققا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. قۇددۇس ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ جان ئۈزۈپتۇ.

مەلىكە رەنا قۇددۇسنىڭ خورجۇنىدىكى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئەرەنچە ياسىنىپ دادىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. چوڭ بىر سارايغا ئورۇنلىشىپ ئىسمىنى تاھىرغا ئۆزگەرتىپتۇ. دادىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن كوچىلارنى كېزىپ يۈرۈپتۇ. ھەرىدىن بال، تىكەندىن قىزىل-گۈل چىققاندەك، مەلىكە رەنا دادىسىنىڭ ئەكسىچە باتۇر، يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل ۋە سېخىي چوڭ بولغانىكەن. شۇڭا ئۇ ئالدىدا ئۇچرىتالىغىنىكى يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە بېرىپتۇ. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپتۇ. مەلىكە رەنانىڭ ياخشى تەرىپى بارغانسېرى پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تەرىپى بۇ شەھەرنىڭ ياش پادى-

مېھرىبان ئانىسىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، قارا كۆزلىرىدىن مۆنچاقتەك ياش تۆكۈلۈپتۇ. دەرھال ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋەزىرلەرگە يەتكۈزۈپ، ئەخمەت ۋەزىرگە تەختنى تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن بىر خورجۇنغا ئالتۇن-تىللا قاچىلاپ، قۇددۇس بىلەن بىرگە كېچىلەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ماڭا-ماڭا شەھەردىن ئۇزاپ، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە بىر كەڭ سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارۋانلار سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئازراق غىزالىنىپتۇ. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلگەن بولۇپ، قۇددۇسنىڭ ھايۋانى نەپسى مىڭ گەز ئۆرلەپ، مەلىكىنى ئازدۇرۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئاشكارىلاپتۇ.

— ئەي گۈزەللەرنىڭ رەناسى. ئىشق ئوتىدا پۇچىلانغان يۈرىكىمنىڭ شىپاسى، — دەپتۇ قۇددۇس مەلىكە رەناغا مۇراجەت قىلىپ، — ئاي يۈزىڭىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ، ئىشقى ئوتىڭىزدا دوزاخ ئازابىنى تارتىپ كەلدىم، سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كەمىنىڭىزنىڭ تىلىكىنى يەردە قويمىسىڭىز!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەلىكىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتىپتۇ. كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بۇ مەككارغا ئالدىنىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىغا كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. شۇنداقلا ئاتىسىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولغانلىقى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بوپتۇ. لېكىن ئۇ چىرايىغا خۇشاللىق تۈسىنى بېرىپ، يۈرىكىدىكى ئىنتىقام ئوتلىرىنى يوشۇرۇپتۇ.

— ئاي سىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپلا مەنمۇ سىزگە ئاشىق بىقارار بولۇپ قالغانىدىم، — دەپتۇ مەلىكە رەنا ناز-كەرەشمە بىلەن، — ئىشق ئوتى يۈرىكىمنى ئۆرتەپ چىرايىمنى زەپىرەڭدەك سارغايتقانىدى. خۇدايىتائالا ئاخىر

— جېنىم ئانا، — دەپتۇ رۇستەم خانىشنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، — تاھىر گەرچە سىڭلىم بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ، يۈرىكىم نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ئوتىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن...

زېھرەك خانىش ئوغلىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپتۇ ۋە بۇ سىرنى جەزمەن ئېچىشقا ۋەدە قىلىپ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپتۇ. ئاندىن مەلىكە بەرنانىڭ ئىنىگئانىسىنى چاقىرىپ، ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ ھەم بۇ ئىشنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلاپتۇ. ئىنىگئانا «تاھىر» بىلەن مەلىكە بەرنانىڭ يېتىپ - قوپۇشىنى بىرنەچچە كۈن مەخپىي كۆزىتىپتۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ. ئاخىرى مەلىكە بەرناغا ئۆزى كۆزەتكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا خانىشنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ راست گەپ قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما مەلىكە ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ سىرنى قەتئىي يوشۇرۇپتۇ ۋە شۇ ئاخشىمى «تاھىر»غا ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. «تاھىر» بۇ يەردە تۇرۇۋېرىش، ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىش ئويىنى مەلىكە بەرناغا ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭ، — دەپتۇ مەلىكە بەرنا، — مەن سىزنى ئۆز ئاچامدىنمۇ زىيادە ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سىزدىن ئايرىلىشقا زادى چىدىمايمەن.

«تاھىر» مەلىكە بەرنانىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. ھەر ئىككىلەن كېچىچە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئۆزلىرى ۋە بىرنەچچە كېنىزەكلىرىنى ئەرەنچە ياساپ، قورال - ياراقلىرىنى ئېلىپ كېچىلەپ يولغا ئاتلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھ ئوسماندىن ئاڭلايمىز.

شاھى رۇستەمنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەرت يىگىت بىلەن
كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. شۇقېتىمقى سۆھ-
بەتتە رۇستەم بۇ يىگىتنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل بوپتۇۋە ئۇنىڭ
ئوردىغا پات-پات كېلىپ تۇرۇشىنى تاپشۇرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۆ-
زىنى «تاھىر» دەپ ئاتىغان مەلىكە رۇستەمنىڭ يېنىغا ھەمىشە كېلىپ
تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن مۇڭداش بولۇپ قاپتۇ. شاھ رۇستەمنىڭ گۈ-
زەللىكتە تەڭدىشى يوق بەرنا ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىكەن. ئۇ
بىر قېتىم تاھىرنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ ۋە
ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. «تاھىر» ئۇنىڭ-
غا ئۆزھوجرىسىغا كېلىپ ئوچۇق-يورۇق سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلىپ جا
ۋاب بېرىپتۇ. شۇكۈنى كېچىسى مەلىكە ئەپلىك پەيتنى تېپىپ، ئوردىدىن
چىقىپتۇ-دە، «تاھىر» نىڭ ھوجرىسىغا كەپتۇ. ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇن
مۇڭداشقاندىن كېيىن «تاھىر» مەلىكە بەرناغا ئۆزىنىڭ بارلىق سەرگۈ
زەشتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپتۇ. مەلى-
كە بەرنا ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ-
تۇ. ھەم ئۇنىڭ سىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىككىيلەن يالغاندىن
توي قىلىپ، ئاچا-سىڭىل بولۇپ ئۆتۈشنى ئېيتىپتۇ. «تاھىر» بۇ تەك-
لىپنى دەرھال قوبۇل قىپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي مەلىكە بەرنا ئانىسىغا ئۆ-
زىنىڭ «تاھىر» غا خۇشتار بولۇپ قالغانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. خانىش ئۇ
نىڭ تەلىپىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپ، «تاھىر» نى ئۆزىگە كۈيئو-
غۇل قىلىۋاپتۇ. «ئەر-خوتۇن» ئىككىيلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ. بۇ
نىڭدىن خانىش بەكمۇ خۇشال ئىكەن. بىراق، ياش پادىشاھنىڭ كۆڭلى
كۈندىن-كۈنگە بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر «تاھىر» نى
كۆرسىلا يۈرىكى ئويناپ، ئىشىق ئوتى مىڭ گەز ئۆرلەپ، كېچىلىرى كۆز
لىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. چىرايى زەپىرەڭدەك سارغى-
يىشقا باشلاپتۇ، بۇھالنى كۆرگەن خانىش ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بار-
لىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ ئەھۋال سوراپتۇ.

قاتتىق ئاچقانلىقىنى بىلىپ، ئارپا نېنى تەڭلەپتىكەن. ئۇ خۇددى
گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشاللىنىپ، ناننى ئالمان - تالمان ئاپتۇ-
دە، ئىككى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ يوق-
سۇللارنى خارلىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تەقدىرنىڭ ئۆز
بېشىغا سالغان قىسمەتلىرىدىن ھەيران بولۇپتۇ.

شۇ كۈنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئوبۇلقاسىم كېچىلىك
سەيلىگە چىققانىكەن. ئۇ كوچا ئايلىنىپ، گۈلخاننى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇشقان تىلەمچىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، ياساۋۇللىرىغا
ئۇلارنى ئوردىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ سورۇشتۇرۇپتۇ. نۆۋەت شاھ ئوسمانغا
كەلگەندە، شاھ ئوبۇلقاسىم بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى تىلەم-
چىلەردىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ چىرايى تونۇش-
تەك بىلىنىپتۇ.

شاھ ئوسمان ئۇنىڭغا سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
شاھ ئوبۇلقاسىم ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ
ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەسلىدە شاھ ئوسمان بىلەن ئوبۇلقاسىم
دادا بىر، ئانا باشقا قان - قېرىنداشلاردىن ئىكەن.
دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھ ئوسمان دادىسىنىڭ تەخ-
تىگە ئۆزىلا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن بىر چاپارمەنگە ئۇكىسى
ئوبۇلقاسىمنى مەخپىي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇغانىكەن. ئوبۇل-
قاسىم بىر چاغلاردا ئۇ چاپارمەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ھاجە-
تىنى راۋا قىلىپ قويغانىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ چاپارمەن گەرچە
بىر كاللا كېسەر بولسىمۇ، ئوبۇلقاسىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخ-
شىلىقى بەدىلىگە يامانلىق قىلىشقا ۋىجدانى يول قويماي،

شاھ ئوسمان ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا ئۆزى بىر سايلىقتا ياتقۇدەك. ئۇ: «بۇ ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ؟ مەن قانداق قىلىپ بۇ سايلىقتا كېلىپ قالدىم؟» دېگەننى ئويلاپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆتەڭنى كۆزلەپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ماڭغان بولسىمۇ ئادەم قارىسى يولۇقماپتۇ. قورسىقى ئاچسا ياۋا مېۋىلەرنى يەپ، ئۇسسۇسا يامغۇر سۈيى ئىچىپ، توختىماي بىرنەچچە ھەپتە يول يۈرۈپ، ئاخىرى بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەر چۆگىلەپ يۈرۈپ قورسىقى ئېچىپتۇ، بىر نەرسە تىلەشكە نومۇس قىپتۇ. مۇساپىرچىلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ تاشتىن قاتتىق ئىكەنلىكىنىڭ تەمىنى تېتىپتۇ. ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان بىر توپ تىلەمچىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئوت سىنۇشقا ئولتۇرۇپتۇ.

— قارىمامسىلەر، — دەپتۇ تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياشراق بىرى، — كارۋانلار باش ئۆتەڭدىكى قۇدۇقتىن ھېلىقى قۇددۇس چولاقنىڭ ئۆلۈكىنى سۈزۈۋاپتۇ.

— ئىنشائاللا، خۇدانىڭ قۇدرىتى شۇنداق ئۇلۇغ، — دەپتۇ چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىرەيلەن، — قۇددۇس چولاق ئالدامچىلىق بىلەن جان بېقىپ يۈرەتتى. بىر ئەخمەق پادىشاھ ئۇنى ئوردىسىغا ئاپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بەلكىم سىڭگەن ئادىتى بويىچە باشقىلارغا ئورا كولىغان بولسا «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەندەك، ئورىغا ئۆزى چۈشكەن بولسا كېرەك.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى بۇ دەردى بالاغا گىرىپتار قىلغان قۇددۇسنىڭ كىملىكىنى بىلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن خۇشال بولۇپتۇ. بىراق ئاچلىق ئازابى قاتتىق قىيناۋاتقاچقا، قۇددۇسنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق ئۆلگەنلىكىنى سوراشقا چامى يەتمەپتۇ. تىلەمچىلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ

غا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ھەممەيلەن چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە بەرنانىڭ ئاكىسى پادىشاھ رۇستەم يېتىپ كېلىپ مەلىكە رەناغا ئۆزىنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. مەلىكە رەنامۇ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شاھ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئوغلىنىڭمۇ مەلىكە بەرناغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانكەن. مەلىكە بەرنامۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئىككى شاھ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ توينى بىر كۈندە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشىپتۇ. خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق، توي ئۈستىگە توي بولۇپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن پۇقرالىرىغا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن شاھ ئوسمان ئۇزاق ئويلىنىپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇ - بىر مۇلاھىزە قىلىپ ئۆزىنىڭ بىخىللىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىدىن قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە چىن كۆڭلىدىن توۋا ئەيلەپتۇ. باشقا شاھلارمۇ شاھ ئوسماننىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنى ئادىللىق بىلەن سوراشقا قەسەميات قىلىپتۇ. ھەممەيلەن ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلەت يۈسۈپ

ئوبۇلقاسىمنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قاچۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا
زىنداندىن خۇددى ئوبۇلقاسىمغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان
بىر قاتىلنى ئەپچىقىپ قەتلى قىلىپ، پادىشاھنى خاتىرجەم قىلغان-
مىكەن. ئوبۇلقاسىم شۇ قاچقانچە بۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. تەلىيى
ئوڭدىن كېلىپ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، پادى-
شاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەختكە ۋارىس بولغانىكەن. ئۇزۇن
يىللاردىدار كۆرۈشمىگەن ئاكا - ئۇكىلار تېپىشىپ ئۆز ئارا مۇڭدىشى-
پتۇ. شاھ ئوسمان ئۆزىنىڭ ئاچكۆز ۋە بېخىللىقى تۈپەيلىدىن ئۇكى-
سىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپتۇ.
شاھ ئوبۇلقاسىم ئۇنى كەچۈرۈپتۇ ھەمدە بىرگە بېرىپ ئۆز ئانا يۇر-
تىنى كۆرۈپ كېلىش ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قى-
لىش ئۈچۈن ئاكىسىغا ھەمراھ بولۇپ بەشيۈز لەشكەر بىلەن سەپەر-
گە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يول مېڭىپ، يول ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ،
شاھ ئوسماننىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. شەھەردىكى پۇقرالار ۋە ئوردا
ئەھلى ئۇلارنى ساھايىتى زور داغدۇغا بىلەن قارشى ئاپتۇ. شاھ
ئوسمان ئوردىغا كېلىپ مەلىكە رەنانىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىقمى-
غانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، سۈرۈشتە قىلىپتۇ. ئەخمەت ۋەزىر
قۇددۇس ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى خەتنى شاھ ئوسمانغا كۆرسىتىپتۇ
ۋە مەلىكىنىڭ شۇ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى
ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىپتۇ. شاھ
ئوبۇلقاسىم ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللىلەر بېرىپتۇ ۋە مە-
لىكە رەنانىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە ئادەم
ئەۋەتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىككى مەلىكە ئاسماندىن چۈش-
كەندەكلا شەھەرگە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شاھ ئوسمان چەكسىز خۇشاللىققا
چۆمۈپ ئۇكىسىغا ۋە شاھزادىگە قىزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە مەلىكىدىن
نەچچە ئايدىن بېرى قەيەرلەردە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مەلىكە رە-

责任编辑：马合木提江·斯拉木

维吾尔民间故事选（9）（维吾尔文）

刊布者：阿不都海成尔、吐尔洪

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码 830001）

新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂排版

伊犁人民出版社印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 7.75印张

1986年4月第1版 1993年10月第4 次印刷

印数：21,101－23,950

ISBN 7－228－00756－5／I.258 定价：2.10元